بسم الله الرحمن الرحيم

100 نادر کتاب (007)

مۆهەممەد ئەلی سابۆنی

# تەپسرلەر دۆردانسی

## - 4 -

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى | **محمد على صابونى**

**تەپسىرلەر دۇردانىسى | صفوة التفاسير**

- 4 -

ھەقسىز تارقىتىلىدۇ، سېتىلمايدۇ | يوزع مجانا ولا يباع

100 نادىر كىتاب تۈرىدىكى 7 - كىتاب

تۈر باشقۇرغۇچى:
ئابدۇرېھىم دۆلەت / Abdurehim DÖLET

ئا.ئاقھۇن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن
ئى. مۇھەممەدئىمىن

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

لايىھە: ئا.ئاقھۇن / A.AKHUN

2022 - يىلى ئاپرېل ، ئىستانبۇل 1 - نەشرى

100 نادىر كىتاب تۈرى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

ئەنفال سۈرىسى.....3
تەۋبە سۈرىسى.....89
يۇنۇس سۈرىسى.....235
هۇد سۈرىسى.....325

# ئەنفال سۈرىسى

**مەدىنىدە نازىل بولغان، 75 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەنفال سۈرىسى ئەھكام - قانۇنچىلىقتا ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىندۇر. بۇ سۈرىدە، ئاساسەن ئۇرۇشلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. بىر قىسىم غازاتلاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئۇرۇش مەسىلىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ سۈرە، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان چاغدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھىي يوليورۇقلار ۋە نۇرغۇنلىغان جەڭ قانۇنلىرىغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈرىدە، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرى، ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە غەنىمەتلەرگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر ئوچۇقلاپ بېرىلىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرە، شانلىق ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنىنىڭ تۇنجى زەپىرى بولغان «بەدىر ئۇرۇشى»دىن كېيىن نازىل بولغان. شۇ ۋەجىدىن، بىر قىسىم ساھابىلەر بۇ سۈرىنى «بەدىر سۈرىسى» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى بۇ سۈرە ئاشۇ ئۇرۇشتىكى ۋەقەلەرگە كەڭ ئورۇن ئاجرىتىدۇ ھەمدە ئۇرۇش

ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك قەھرىمانلىق، شان - شەرەپ، ھەمدە باتىلغا قارشى شىجائەتلىك، جاسارەتلىك ۋە ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە چىداملىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، مۇسۇلمانلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىق قىلىنغىنىدا، بەدرى ئۇرۇشىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلى رامىزان ئېيىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئايان بولىدۇ. بەدىر ئۇرۇشى ھەق بىلەن باتىل توقۇنۇشقان ئۇرۇشلارنىڭ دەسلەپكىسىدۇر. بۇ ئۇرۇشتا زۇلۇم ۋە كۇپرىلىققا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلگەن، ئاجىز بولغانلىقتىن مەككىدە قالغان ۋە ئاھالىسى زالىم بولغان بۇ شەھەردىن چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ دۇئا قىلىشقا باشلىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلار قۇتقۇزۇپ قېلىنغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلاپ بەرگەن. مۆمىنلەرنىڭ سان جەھەتتىن ئاز، ئۇرۇش ماتېرىياللىرى يېتەرسىز ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىقلىرى بولماسلىقلىرىغا قارىماي، بۇ ئۇرۇشتا زەپەر قۇچۇش مۆمىنلەرگە نېسىپ بولغان. بۇ ئۇرۇشتا باتىل تەرەپدارلىرى شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنكى، باتىل قانچىلىك ئۇزۇن دەۋران سۈرسە سۈرسۇن، كۈچى قانچىلىك دەرىجىدە زورايسا زورايسۇن، ھامان بىر كۈنى ھەقىقەتنىڭ مىسلىسىز قۇدرىتى ۋە ئىمانىنىڭ چەكسىز كۈچى ئالدىدا چوقۇم يېڭىلىپ يوقىلىدۇ. دېمەك، بەدىر ئۇرۇشى مۆمىنلەر ئۈچۈن زەپەر، مۇشرىكلار ئۈچۈن بولسا

يىمىرىلىش بولغان.

بەدىر ۋەقەلىرى بايان قىلىنغاندا، مۆمىنلەرگە «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار» دەپ خىتاب قىلىنىش ئارقىلىق ئىماننىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ئالتە نىدا كەلگەن. بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنى بىر تەرەپتىن، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلىش ئەسناسىدا سەۋر - تاقەتلىك ۋە چىداملىق بولۇشقا تەشۋىق قىلىش ھەمدە ئۆزلىرىگە ئەمر قىلىنغان ۋە زىممىلىرىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنلاشلىرىنىڭ ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئېرىشكەن زەپەرنىڭ قورال - ياراغ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئىماننىڭ چەكسىز كۈچى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

بىرىنچى نىدا: بۇ نىدا ئۇرۇشتىن قېچىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە: «ئى مۆمىنلەر! ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلىپ قاچماڭلار.» ئايەتلەر دۈشمەنىنىڭ ئالدىدىن قېچىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلارنى ئەڭ قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرماقتا.

ئىككىنچى نىدا: بۇ نىدادا ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار.» بۇ ئايەتلەردە كاپىرلار

ئوتلاش ئۈچۈن يايلاقتا قويۇۋېتىلگەن ھەم ئاڭلىيالمايدىغان ھەم چۈشىنەلمەيدىغان ھەم ھەق دەۋەتنى قوبۇل قىلالمايدىغان ھايۋانلارغا ئوخشىتىلغان.

ئۈچىنچى نىدا: بۇ نىدادا، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دەۋەت قىلغان ئىشلاردا ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش، ئىززەت ـ ھۆرمەت، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار.»

تۆتىنچى نىدا: ئاللاھ تائالا بۇ نىدادا، مۇسۇلمان ئۈممەتلەرنىڭ سىرىنى دۈشمەنگە پاش قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمان ئۈممەتلەرگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.»

بەشىنچى نىدا: بۇ نىدادا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى تەقۋادارلىقنىڭ مېۋىسىگە بۇرۇغان ھەمدە ئۇلارغا ئۇنىڭ بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكى ۋە تەقۋادارلىقنىڭ ئەڭ چوڭ مېۋىسىنىڭ ئىلاھىي نۇر ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاپ بەرگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ نۇرنى مۆمىنلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان. مۆمىنلەر بۇ نۇر ئارقىلىق توغرا يول بىلەن ناتوغرا يولنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھ

تائالادىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.»

ئالتىنچى نىدا: بۇ ئاخىرقى نىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇنىڭدا، مۆمىنلەرگە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يول بىلەن زەپەرگە ئېرىشىشنىڭ ئاساسلىرىنى ئوچۇقلاپ بەرگەن. بۇلار بولسا، دۈشمەن ئالدىدا جەڭگىۋارلىقنى يوقىتىپ قويماسلىق، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چاغدا ئادەتتىن تاشقىرى چىداملىق ۋە سەۋر - تاقەتلىك بولۇش، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە مەڭگۈ يەڭگىلى بولمايدىغان ئالەمشۇمۇل كۈچىگە تايىنىش ئاساسىدا مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ تائالانى ھەمىشە زىكىر قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە: «ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.»

بۇ مۇبارەك سۈرە، مۆمىنلەر ئارىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىسى بارلىقىنى، گەرچە يۇرتلىرى (دۆلەتلىرى) بىر - بىرىدىن ئۇزاق، ئىرقلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق يېگانە بىر ئۈممەت ئىكەنلىكلىرىنى، دىن بارىسىدا ئۆزلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلارغا ياردەم بېرىشلىرىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئوچۇقلاپ بېرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ سۈرىدە يەنە، پۈتكۈل كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زۇلۇم ۋە گۇمراھلىققا ئاساسلىنىدىغان بىر

دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى، مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق دوستلۇقنىڭ يوقلۇقى ئوچۇقلاپ بېرىلىدۇ: «ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار بىر - بىرلىرىنىڭ دوستلىرىدۇر، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ.»

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ مۇبارەك سۈرىدە ئىشارەت قىلىنغان مەقسەتلەر، ئوچۇقلاپ بېرىلگەن ۋەز - نەسىھەتلەر ۋە ئىبرەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئاللاھ تائالادىن بىزنى ھەقىقەتنى چۈشىنەلەيدىغان ۋە كۆرەلەيدىغان زاتلاردىن قىلىشىنى تىلەيمىز.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ قُلِ ٱلۡأَنفَالُ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِۖ فَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ وَأَصۡلِحُواْ ذَاتَ بَيۡنِكُمۡۖ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ إِن كُنتُم
مُّؤۡمِنِينَ ١ إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ
قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ
رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ٢ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ
يُنفِقُونَ ٣ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُمۡ دَرَجَٰتٌ
عِندَ رَبِّهِمۡ وَمَغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٤ كَمَآ أَخۡرَجَكَ رَبُّكَ
مِنۢ بَيۡتِكَ بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ لَكَٰرِهُونَ ٥
يُجَٰدِلُونَكَ فِي ٱلۡحَقِّ بَعۡدَ مَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ

إِلَى ٱلۡمَوۡتِ وَهُمۡ يَنظُرُونَ ٦ وَإِذۡ يَعِدُكُمُ ٱللَّهُ إِحۡدَى
ٱلطَّآئِفَتَيۡنِ أَنَّهَا لَكُمۡ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيۡرَ ذَاتِ ٱلشَّوۡكَةِ
تَكُونُ لَكُمۡ وَيُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُحِقَّ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ
وَيَقۡطَعَ دَابِرَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٧ لِيُحِقَّ ٱلۡحَقَّ وَيُبۡطِلَ ٱلۡبَٰطِلَ
وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ٨ إِذۡ تَسۡتَغِيثُونَ رَبَّكُمۡ فَٱسۡتَجَابَ
لَكُمۡ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلۡفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُرۡدِفِينَ ٩
وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشۡرَىٰ وَلِتَطۡمَئِنَّ بِهِۦ قُلُوبُكُمۡۚ
وَمَا ٱلنَّصۡرُ إِلَّا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ١٠
إِذۡ يُغَشِّيكُمُ ٱلنُّعَاسَ أَمَنَةٗ مِّنۡهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيۡكُم مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ لِّيُطَهِّرَكُم بِهِۦ وَيُذۡهِبَ عَنكُمۡ رِجۡزَ
ٱلشَّيۡطَٰنِ وَلِيَرۡبِطَ عَلَىٰ قُلُوبِكُمۡ وَيُثَبِّتَ بِهِ ٱلۡأَقۡدَامَ ١١
إِذۡ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمۡ فَثَبِّتُواْ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْۚ سَأُلۡقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلرُّعۡبَ فَٱضۡرِبُواْ
فَوۡقَ ٱلۡأَعۡنَاقِ وَٱضۡرِبُواْ مِنۡهُمۡ كُلَّ بَنَانٖ ١٢ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
شَآقُّواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَمَن يُشَاقِقِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ ٱللَّهَ
شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ١٣ ذَٰلِكُمۡ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابَ
ٱلنَّارِ ١٤ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
زَحۡفٗا فَلَا تُوَلُّوهُمُ ٱلۡأَدۡبَارَ ١٥ وَمَن يُوَلِّهِمۡ يَوۡمَئِذٖ دُبُرَهُۥٓ
إِلَّا مُتَحَرِّفٗا لِّقِتَالٍ أَوۡ مُتَحَيِّزًا إِلَىٰ فِئَةٖ فَقَدۡ بَآءَ بِغَضَبٖ
مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأۡوَىٰهُ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ١٦ فَلَمۡ تَقۡتُلُوهُمۡ
وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ قَتَلَهُمۡۚ وَمَا رَمَيۡتَ إِذۡ رَمَيۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ

رَمَىٰ وَلِيُبۡلِيَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡهُ بَلَآءً حَسَنًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ
عَلِيمٞ ﴿١٧﴾ ذَٰلِكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُوهِنُ كَيۡدِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٨﴾ إِن
تَسۡتَفۡتِحُواْ فَقَدۡ جَآءَكُمُ ٱلۡفَتۡحُۖ وَإِن تَنتَهُواْ فَهُوَ خَيۡرٞ
لَّكُمۡۖ وَإِن تَعُودُواْ نَعُدۡ وَلَن تُغۡنِيَ عَنكُمۡ فِئَتُكُمۡ
شَيۡـٔٗا وَلَوۡ كَثُرَتۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَأَنتُمۡ
تَسۡمَعُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَهُمۡ لَا
يَسۡمَعُونَ ﴿٢١﴾ ۞ إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلصُّمُّ ٱلۡبُكۡمُ
ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿٢٢﴾ وَلَوۡ عَلِمَ ٱللَّهُ فِيهِمۡ خَيۡرٗا لَّأَسۡمَعَهُمۡۖ
وَلَوۡ أَسۡمَعَهُمۡ لَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بەدر ئۇرۇشى كۈنى رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا مۇنداق مۇكاپات بېرىلىدۇ. كىمكى بىر دۈشمەننى ئەسىر ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا مۇنداق مۇكاپات بېرىلىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن، ياشانغانلار بايراقلارنىڭ ئاستىدا تۇرۇشتى. ياشلار بولسا دۈشمەننى يوقىتىش ۋە غەنىيەت ئېلىشقا يۈرۈپ كېتىشتى. (ئۇرۇشتىن كېيىن) ياشانغانلار ياشلارغا مۇنداق دېيىشتى: غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار. چۈنكى بىز سىلەرگە ياردەم قىلدۇق ھەمدە سىلەرنى كۈتۈپ تۇردۇق. سىلەر بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان چېغىڭلاردا، بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلاتتىڭلار. بىراق ياشلار ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ

ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشتى. بۇ توغرۇلۇق مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ...» ئاندىن رەسۇلۇللاھ غەنىمەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باراۋەرلىك ئاساسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى. 2. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشى كۈنى بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ ئېتىپ مۇنداق دېگەن: «چىرايلىرى كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەي ئىلاھىم!» كۆزلىرى ۋە بۇرۇنلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقان ھېلىقى توپىدىن كىرمىگەن بىرەرمۇ مۇشرىك قالمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارقىسىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «(ئى مۇھەممەد، بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى.»

**تەپسىرى:** 1. «(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، <غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي، ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار>.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ سەندىن سەن بەدىر ئۇرۇشىدا ئالغان غەنىمەتلەرنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئۇلارغا

ئېيتقىنىكى، «غەنىيمەتلەر توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش سىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە گۇناھلاردىن چەكلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار، ئاراڭلاردىكى مەسىلىلەرنى ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاقنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزەڭلار، غەنىيمەتلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈم بارىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. بۇ ھەقتە ئۇبادە ئىبنى سامىت مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، بىز بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلەر ئىختىلاپ قىلىشىپ، ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىمىزگە داغ چۈشۈرگەن چاغدا بىز توغرۇلۇق نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا غەنىيمەتلەرنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىم قىلىشىغا تاپشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ غەنىيمەتلەرنى باراۋەرلىك ئاساسىدا تەقسىم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۆزئارا ئىختىلاپلارنى تۈگىتىش قاتارلىق ئىلاھىي ئەمر - پەرمانلارغا رىئايە قىلىنغان بولدى. ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن كامىل مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. 2. «پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر.» يەنى، پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلگەن ھامان دىللىرى تىترەپ كېتىدىغان، قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ۋۇجۇدلىرى لەرزىگە كېلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدىغان،

پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا كامىل ۋە ئىخلاسمەن مۆمىنلەردۇر.[1] ئۇلار ئاللاھ تائالادىن باشقىلاردىن قورقماسلىق بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر نەرسىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا باغلىغۇچى ئىشلىتىپ، مۆمىنلەرنىڭ قورقۇش ئالاھىدىلىكى، ئىمانىنىڭ كۈچىيىش ئالاھىدىلىكى، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىك بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. 3. «ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ.» يەنى، ئۇلار نامازلارنى ئەدەب - ئەركانلىرى بىلەن مۇكەممەل رەۋىشتە ئوقۇيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدۇ. نەپىقە، زاكات ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بېرىلىدىغان بارلىق سەدىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 4. «ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا

---

[1] ئىبنى خەتىب مۇنداق دەيدۇ: ھەر بىر مۆمىن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ باقسۇن ۋە بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۆز نەپسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى دەڭسەپ باقسۇن. ئەگەر بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى نەپسىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئېھسان قىلغان لۇتپى ۋە ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن خۇشال بولسۇن، ئەگەر ئۆزىنىڭ بۇ سۈپەتلەردىن باشقا ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرسە، ئۇ چاغدا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھلىق تىلىسۇن. قەلبىنى پاكلىشى، ئىمان ۋە تەۋەككۇلىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى، ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشى ۋە زاكات بېرىشكە مۇۋەپپەق قىلىشى ئۈچۈن، لۇتپى مول ۋە مەدھىيىگە لايىق بولغان ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ دۇئا قىلسۇن. چۈنكى ئۇ، ئىنساننى ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكۈزىدىغان بىردىن - بىر كۈچتۇر. بىراق دۇئا ئىخلاسمەنلىك ۋە چىن كۆڭلىدىن قىلىنىشى كېرەك.

يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ.» يەنى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەرگە ئىگە زاتلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، چۈنكى ئۇلار ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇلار جەننەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە جەننەتنىڭ تۈگىمەس ئېسىل نېمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. 5. «(غەنىمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ. مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ.» ئايەتنىڭ بېشىدىكى «الكاف» ھەرپى، بۇ ئىپادىنىڭ بىر نەرسىگە ئوخشىتىلغان بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى ئۆيىدىن چىقارغانلىقى بايان قىلىنغان بۇ قىسسە، ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسا-لامدىن غەنىمەتلەرنىڭ قانداق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىشى ۋە ئۇلارنىڭ غەنىمەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى ئانچە ياقتۇرمىغانلىقلىرى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن ئالدىنقى قىسسىگە ئوخشىتىلغان. يەنى غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا چىقارغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ يەشمىسى

مۇنــداق: پەرۋەردىگارىنىــڭ سـېنى ھەقلىــق رەۋىشــتە ئۆيــۈڭ جايلاشـقان مەدىنىدىن دۈشـمەنگە قارشى ئۇرۇشـقا چىقارغانلىقىنى مۆمىنلەردىــن بىــر گــۇرۇھ ئــادەم ياقتۇرمىغىنىغــا ئوخشاشــلا، ھەقىقـەت ئوتتۇرىغـا چىققاندىـن كېيىنمۇ ئۇلار يەنـىلا بۇ ھەقتـە سـاڭا قارشـى تۇرۇشـىدۇ. ھالبۇكـى، ھەقىقـەت ئايدىڭلاشـقاندىن كېيــن، شــۇنى بىلىشــدۇكى، ئــۇلار پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامغا قارشــى تۇرغــان ھەقىقــەت، ئەمەلىيەتتــە، ئۇرۇشــتۇر. ھالبۇكــى، مۆمىنلەردىــن بىــر گــۇرۇھ ئــادەم، ئۆلتۈرۈلۈشـتىن قورققانلىقلىـرى ۋە تەييارلىقســىز بولغانلىقلىــرى ئۈچــۈن دۈشــمەنگە قارشــى ئۇرۇشـقا چىقىشنى يامـان كۆرەتتـى. 6. «ئـۇلار گويـا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنــۈپ تۇرۇۋاتقــان ئۆلۈمگــە ھەيدىلىۋاتقانــدەك، ھەقىقــەت ئايدىڭلاشــقاندىن كېيىــن، ھەقىقــەت (ئۇرۇشــقا چىقىش مــە-سىلىسـى) ئۈسـتىدە سـەن بىلـەن مۇنازىرىلىشـىدۇ.» يەنـى، ئـى مۇھەممـەد! ھەقىقـەت ئايدىڭلاشـقاندىن كېيىـن، گويـا ئالامەتلىرى كۆرۈنــۈپ تۇرۇۋاتقــان ئۆلۈمگــە ھەيدىلىۋاتقانــدەكلا، ئــۇلار دۈشـمەنگە قارشـى ئۇرۇشـقا چىقىـش مەسىلىسـى ئۈسـتىدە سـەن بىلـەن مۇنازىرىلىشـىدۇ. ئـۇلار پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام بىلـەن مۇنــداق دەپ مۇنازىرىلىشــەتتى: بىزنىــڭ ئۇرۇشــقا چىقىشــتىكى مەقسـىتىمىز، پەقـەت كارۋاننىـڭ ئالدىنـى توسـۇش ئۈچـۈن ئىدى. ئەگــەر بىــز دۈشــمەنگە قارشــى ئــۇرۇش قىلىدىغانلىقىمىزنــى بىلگـەن بولساق، ئەلۋەتتـە ئۇرۇشـقا پۇختـا تەييارلىـق قىلىۋالغان بولاتتـۇق. ئـۇلار تۇرقىدىـن گويـا ئالامەتلىرى كۆرۈنـۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگـە ھەيدىلىۋاتقانـدەكلا قىلاتتـى. بـۇ ھەقتـە بەيـزاۋى مۇنداق دەيـدۇ: ئـۇلار گويـا ئالامەتلىـرى كۆرۈنـۈپ تۇرۇۋاتقـان ئۆلۈمگـە ھەيدىلىۋاتقانــدەكلا، دۈشــمەنگە قارشــى ئۇرۇشــقا چىقىشــنى پەقەتـلا ياقتۇرمايتتـى. سـانىنىڭ ئازلىقى ۋە ئۇرۇشـقا تەييارلىقى

بولمىغانلىقتىن ئۇلار شۇنداق قىلاتتى. بۇ يەردە، ئۇلارنىڭ مۇنازىرە قىلىشلىرىدىكى بىردىنبىر سەۋەبنىڭ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇپ كەتكەنلىكلىرى ھەققىدە ئەسكەرتمە بېرىلگەن. 7. «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى)تىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. ئاللاھ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ.» ـ ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى! ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئىككى گۇرۇھ، يەنى بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنىدىن بىرىنىڭ غەنىمەت سۈپىتىدە قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈڭلار. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ يەنى كارۋاننىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار. چۈنكى، كارۋان قۇرەيشلەرنىڭ سودا ماللىرىنى توشۇيتتى. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ سوفيان باشچىلىقىدىكى قۇرەيش كارۋىنى شام (دەمەشق)دىن يولغا چىقتى. كارۋاندا كۆپ مىقداردا سودا ماللىرى بار ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! ئاللاھ تائالا سىلەرگە شۇ ئىككى گۇرۇھ، يەنى مۇشرىكلار كارۋىنى ۋە مۇشرىكلار قوشۇنىدىن بىرىنىڭ غەنىمەت سۈپىتىدە قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن كېڭەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئاز ئۇرۇش ئارقىلىق

كۆپ غەنىمەت ئالىدىغان بولغاچقا، كارۋاننى قولغا كەلتۈرۈش يولىنى تاللىدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن يولغا چىققان ھامان بۇ خەۋەر پۈتكۈل مەككە خەلقىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئەبۇ جەھىل: ئى مەككە ئاھالىسى! ئاگاھ بولۇڭلار! ھوشۇڭلارنى تېپىپ دەرھال ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار. ئەگەر مۇھەممەد كارۋاننى قولغا كەلتۈرسە، ئۇنىدىن كېيىن مەڭگۈ نىجاتلىقىقا ئېرىشەلمەيسىلەر، دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇشرىكلار بارلىق قوشۇنىنى توپلاپ، ئەبۇ جەھىل بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە «بەدىر» دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، كارۋان قۇتۇلۇپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: كارۋان دېڭىز قىرغىقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلار قوشۇنى بولسا بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ساھابىلەر: ئى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى! دۈشمەننى قويۇپ كارۋاننى تەقىپ قىلىشىڭ كېرەك، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. دەل شۇ چاغدا، سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىزنى قەيەرگە ئېلىپ بېرىشنى خالىساڭ، شۇ يەرگە ئېلىپ بارغىن. بىز ساڭا ئەگىشىمىز. سەئىد ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: سېنى ھەق ئارقىلىق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىزنى دېڭىزغا سەكرەڭلار دېسەڭمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن دەرھال دېڭىزغا سەكرەيمىز. شۇڭا، ئاللاھ تائالانىڭ بەرىكىتى بىلەن سەن بىزنى خالىغان تەرەپكە باشلىغىن. رەسۇلۇللاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپ، ساھابىلىرىغا مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالانىڭ بەرىكىتى بىلەن ئاتلىنىڭلار، سىلەرگە شۇنداق خۇش خەۋەر

بىرىمەنكى، ئاللاھ تائالا ئىككى گۇرۇھتىن بىرىنىڭ غەنىمەت سۈپىتىدە قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قۇرەيشلەر ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغان يەرلەرنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. ئاللاھ بەدىر ئۇرۇشى كۈنىدە كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يوقىتىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى ۋە پۈتكۈل كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ. ئەبۇ ھەييان بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: يەنى سىلەر پانىي دۇنيانىڭ مال - مۈلكى ۋە قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئەرزىمەس نەرسىلەرنى خالايسىلەر، ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى ئۈستۈن قىلىش، سىلەرنىڭ ئىككىلا دۇنيادا بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشىڭلاردىن ئىبارەت كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنى خالايدۇ. بۇ ئىككى ئىستەك بىر - بىرىدىن نېمىدېگەن پەرقلىق - ھە! شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ كاتتا بولغىنىنى تاللىدى. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ياردەمسىز قالغانلىقلىرىنى سىلەرگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق بىلدۈردى، سىلەرگە ياردەم قىلدى، ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى، سىلەرنى ئەزىز، ئۇلارنى بولسا خار قىلدى. 8. «ئاللاھ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (كۇپرى)نى بەربات قىلىدۇ.» يەنى، ئاللاھ ھەقىقەتنى ئۈستۈن قىلىش ۋە باتىلنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت، ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە كۇپرىنى يوق قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (كۇپرى)نى بەربات قىلىدۇ. 9. «ئۆز ۋاقتىدا

(دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: <سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن> دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.» يەنى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر زەپەر قازىنىش ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىگەنلىكىڭلارنى ئەسلەپ بېقىڭلار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ مىڭ كىشى ئىكەنلىكىنى، ساھابىلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ 300 ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئاندىن قىبلىگە قاراپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇرغىن. چۈنكى، ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلار جامائىتى هالاك بولۇپ كەتسە، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇ يوسۇندا شۇنداق ئۇزۇن دۇئا قىلدىكى، ھەتتا تونى چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توننى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېپىپ قويدى. ئاندىن پەيغەمبەر نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپ ھېچ ئايرىلمىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! پەرۋەردىگارىڭغا قىلغان دۇئايىڭ سېنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولىدۇ ھەمدە ئاللاھ تائالا: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا چۈشىدىغان مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ھەدىستە بىلدۈرۈلۈشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام 500 پەرىشتە بىلەن بىللە چۈشۈپ، قوشۇننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان. مىكائىل

ئەلەيھىسسالامغا يۈز پەرىشتە بىلەن بىللە چۈشۈپ، قوشۇننىڭ سول تەرىپىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان. پەرىشتىلەرنىڭ «بەدىر ئۇرۇشى»نىڭ سىرتىدا ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات يوق. باشقا ئۇرۇشلاردا بولسا، پەرىشتىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن چۈشەتتى - يۇ، ئۇرۇشقا قاتناشمايتتى. 10. «ئاللاھ سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» يەنى، ئاللاھ سىلەرگە پەقەت غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا، پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت ھەممىگە قادىر ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىشىنىڭلار، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچى ۋە قوراللىرىڭلارغا ئىشەنمەڭلار. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىب بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ھېكمىتى نېمىنى تەقەززا قىلسا شۇنى قىلىدۇ. 11. «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى.» ـ شۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشۈڭلار كېرەككى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۆز

دەرگاھى تەرىپىدىن ئۇيقۇ بېغىشلىدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدۇر. چۈنكى قورقۇنچلۇق پەيتتە ھەممە كىشى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر ئۇرۇشى كۈنى ئارىمىزدا مىقدادتىن باشقا ئاتلىق يوق ئىدى. قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەممە كىشى ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاڭ ئاتقۇچە بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم.» (ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.) بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئارام تېپىپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇرۇشنىڭ ئەڭ كەسكىن ۋاقىتلىرىدا ئۇلارغا ئۇيقۇ بېغىشلىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بولۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ۋەقەنىڭ ماھىيىتى ئەسلىدە مۇنداق ئىدى: بەدر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار سۇ تاپالمىغانىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شۇنداق يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردىكى، ھەتتا پۈتكۈل ۋادىلارمۇ تولۇپ تاشتى. مۇسۇلمانلار يامغۇر سۈيى بىلەن تاھارەت ئېلىپ، غۇسۇل قىلىپ پاك بولۇشتى. ئاللاھ تائالا بۇ يامغۇرنى تاھارەت ئېلىشىڭلار، جۇنۇب بولۇپ قالغان چېغىڭلاردا غۇسلى قىلىپ پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش، جۈملىدىن شەيتاننىڭ سىلەرنى سۇسىزلىقتىن قورقۇتۇپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىدىن خالاس تاپقۇزۇش ئۈچۈن ياغدۇرۇپ بەردى. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار قىزىل قۇم تۆپىلىككە چۈشتى. قەدەملىرى قۇمغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى، ھېچقانداق

سۈيى يوق ئىدى، ئەنە شۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە ئۇلار ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدى. شەيتان ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ مۇنداق دېدى: سىلەر سۈسىز قالغان تۇرساڭلار قانداقمۇ ياردەمگە ئېرىشەلەيسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر جۇنۇب ھالىتىڭلاردا تاھارەتسىز ناماز ئوقۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى ئىكەنلىكىڭلارنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتىسىلەر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەدەملىرى قۇمغا پېتىپ كەتمەي مەزمۇت تۇردى - دە، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، تەسكىن تېپىشتى. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ كۆڭۈللىرىنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدەمىڭلارنىڭ قۇمغا پېتىپ كەتمەي مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ قەدەملىرى قۇمغا پېتىپ كەتمەي مەزمۇت تۇردى. چۈنكى ئۇلار دۈشمەنلىرى بىلەن يۇمشاق بىر قۇملۇق ئۈستىدە روبىرۇ لاشقانىدى. يامغۇر يېغىشى بىلەن قۇم قاتتىقلىشىپ، ئۇلارنىڭ قەدەملىرى قۇمغا پېتىپ كەتمەي مەزمۇت تۇرالىدى. 12. «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن> دەپ ۋەھيي قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار.» بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ يەنە بىر نېمىتىنى خاتىرىلىتىدۇ. يەنى ئى مۇھەممەد!

ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن ياردىمىم ۋە نۇسرىتىم ئارقىلىق سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى ئۇرۇش مەيدانىدا ساباتلىق قىلىڭلار ھەمدە دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە سالىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ ۋەھيي قىلغانلىقىنى خاتىرىلىگىن. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «گەدەنلەر»دىن مەقسەت باشلاردۇر. چۈنكى باشلار گەدەنلەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولىدۇ. قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ باشلىرىنى كېسىڭلار، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا جۈملىدىن ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار. بۇ ھەقتە «ئەتتەسھىل» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ پايدىسى شۇكى، ئەگەر جەڭ قىلغۇچىنىڭ بارماقلىرىغا قىلىچ ئۇرۇلغان تەقدىردە، ئۇ ئۇرۇش قىلالمايدىغان بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئەسىرگە ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش تېخىمۇ قولاي بولىدۇ. 13. «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.» ـ بۇ قورقۇنچلۇق ئازاب، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەقىقەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كەلدى. كىمكى كۇپرىلىقتا چىڭ تۇرۇپ ۋە سەركەشلىك قىلىپ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇ شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. 14. «(ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.» يەنى، ئى كاپىرلار

جامائەسى! سىلەر بۇ جازانى تېتىڭلار. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ سىلەرگە مۇشۇ دۇنيادا بېرىلگەن جازايىمىزدۇر، بۇنىڭدىن سىرت، سىلەر يەنە ئاخىرەتتىمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىسىلەر. 15. «ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (قاچماڭلار).» يەنى، ئى مۆمىنلەر! كاپىرلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، سانى كۆپ بولغانلىقتىن ئاستا - ئاستا سىلەرگە يېقىنلاشقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا جاسارىتىڭلارنى يوقىتىپ قويۇپ مەغلۇپ بولماڭلار، دەل ئەكسىچە، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا چىداملىق بولۇپ، ساباتلىق كۆرسىتىڭلار. 16. «كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش (ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن) مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» يەنى، كىمكى بىر گۇرۇپپا بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن شۇ گۇرۇپپا تەرەپكە يۈزلىنىش ياكى دۈشمەننى تۇزاققا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە، دۈشمەنگە يالغاندىن ئۆزىنى مەغلۇپ بولغان قىياپەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ۋەياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى ئۇرۇش كۈنى مەغلۇپ بولۇپ دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئاخىر قايتىپ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! 17. «(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز

كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد، بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۆمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» - ئى مۇسۇلمانلار! «بەدرى ئۇرۇشى»دا مۇشرىكلارنى سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى سىلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ ئۆلتۈردى. ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا ئاتقىنىڭدا، ئەمەلىيەتتە سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاللاھ ئاتتى. چۈنكى بىر سىقىم توپىنىڭ كاتتا بىر قوشۇننىڭ كۆزلىرىنى تولدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە ئېتىپ، «چىرايلىرى كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەي ئىلاھىم!» دېدى. كۆزلىرى ۋە بۇرۇنلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقان ھېلىقى توپىدىن كىرمىگەن بىرەرمۇ مۇشرىك قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارقىسىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى، كاپىرلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ۋە مۆمىنلەرگە ساۋاب، مۇكاپات، غەلىبە، غەنىمەتلەردىن ئىبارەت ئېسىل ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ

ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيەتلىرىنى ۋە پۈتكۈل ئەھۋاللىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

18. «بۇ (ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر). ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر.» يەنى دېمەك، [1] ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە مۆمىنلەرنىڭ زەپەر قازىنىشى ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر، بەربات قىلغۇچىدۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت، كاپىرلارنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىشتۇر.

19. «(ئى كاپىرلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز، قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر.» بۇ خىتاب قۇرەيش كاپىرلىرىغا قارىتىلغاندۇر. يەنى، ئى كاپىرلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، سىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىڭلار ۋە ۋەيران بولۇشۇڭلاردۇر. بۇ، كاپىرلارغا كىنايە قىلىش ئارقىلىق ئېيتىلغان سۆزدۇر. تەبەرى زۇھرىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەدىر ئۇرۇشى» كۈنىدە،

[1] ئايەتتىكى «زالىكۇم» ئىبارىسى ئىگىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، خەۋىرى قىسقارتىلغان. ئەسلى، مەيدانغا كەلگەن بۇ ۋەقە ھەق (توغرا) تۇر.

ئەبۇ جەھىل مۇنداق دېدى: «ئى ئاللاھ! قايسىمىز ئەڭ گۇناھكار ۋە سىيلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان بولساق، شۇنى ئەڭ ئاۋۋال ھالاك قىلغىن!» بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا: «(ئى كاپىرلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى)» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. غەلىبىنى تەلەپ قىلغان ئەبۇ جەھىل ئىدى، بۇنىڭدىمۇ كاپىرلار مەسخىرە قىلىنغان. ئى كاپىرلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىش، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش نىيىتىڭلاردىن يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەنە زەپەر ئاتا قىلىمىز. قوشۇنۇڭلار ۋە سىلەر ياردەم كۈتۈۋاتقان كىشىلىرىڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ دۇنيا ئازابىدىن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ياردىمى ۋە نۇسرىتى ئارقىلىق ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن ھەمىشە بىللىدۇر. 20. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار.» يەنى، ئى مۆمىنلەر! سىلەر بەدىر ئۇرۇشىدا ئېرىشكەن ئىززەت - ھۆرمىتىڭلارنىڭ ئاداققىچە داۋام قىلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار. 21. «ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (كاپىرلارنى) دورىماڭلار.» يەنى، قولاقلىرى

بىلەن ئاگلاپ، قەلب كۆزلىرى بىلەن ئاڭلىمايدىغان كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماڭلار. چۈنكى ئۇلار قارىماققا ئاڭلاۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاڭلىمايدۇ. ئاڭلاشتىن مەقسەت، پىكىر - تەپەككۇر قىلىش ۋە ۋەز - نەسىھەت ئېلىشتۇر. 22. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى، (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەردۇر.» يەنى شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەخلۇقاتلار بىلەن يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرۈيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى، ھەقنى ئاڭلىماي گاس بولۇۋالغان، ھەقنى سۆزلىمەي گاچا بولۇۋالغان ھەمدە ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەقلىنى يوقاتقانلاردۇر. بۇ ئايەت ئابدۇددار جەمەتىدىن بىر گۇرۇپپا كىشى توغرۇلۇق نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار: «بىز مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە قارىتا گاس ۋە گاچىمىز» دەيتتى ۋە ئەبۇ جەھىل بىلەن بىرلىكتە رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مايىل كىشىلەر ئىدى. ئايەت، كاپىرلارنىڭ ئىت، چوشقا ۋە ئېشەكلەردىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى قاتتىق سۆكمەكتە. چۈنكى ئۇلار سەزگۈ ئەزالىرىدىن پايدىلىنالمايتتى، شۇڭا ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قېلىشتى. 23. «ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى.» يەنى، ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا چۈشىنەلەيدىغان ۋە ھەقنى ئاڭلىيالايدىغان ئىقتىدار ئاتا

قىلغان بولاتتى؛ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بولمىسىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاتا قىلغان تەقدىردىمۇ، سەركەشلىكلىرى ۋە كۇپرلىقلىرى تۈپەيلى، ئۇلار يەنىلا قۇرئان كەرىمدىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتقان بولاتتى. بۇ ئايەت، كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرمەكتە.

**ئەسكەرتىش:** ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك سۈرىدە ئۆزىنىڭ مۆمىنلەرگە مىڭ پەرىشتە ئارقىلىق ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى. «ئال ئىمران» سۈرىسىدە بولسا 3000 پەرىشتە ئارقىلىق ياردەم قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ يەردە «ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشىدىغان» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتى. ئۇنداق بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن مۆمىنلەرگە مىڭ پەرىشتە ئارقىلىق، كېيىن يەنە 3000 پەرىشتە ئارقىلىق ياردەم بەرگەن بولىدۇ. بىردىنبىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگۈچى زات ئاللاھ تائالادۇر.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱسۡتَجِيبُواْ لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمۡ
لِمَا يُحۡيِيكُمۡۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَحُولُ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَقَلۡبِهِۦ
وَأَنَّهُۥٓ إِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ٢٤ وَٱتَّقُواْ فِتۡنَةٗ لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ
ظَلَمُواْ مِنكُمۡ خَآصَّةٗۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ٢٥
وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ أَنتُمۡ قَلِيلٞ مُّسۡتَضۡعَفُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَخَافُونَ أَن
يَتَخَطَّفَكُمُ ٱلنَّاسُ فَـَٔاوَىٰكُمۡ وَأَيَّدَكُم بِنَصۡرِهِۦ وَرَزَقَكُم
مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٢٦ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ

ءَامَنُواْ لَا تَخُونُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ وَتَخُونُوٓاْ أَمَٰنَٰتِكُمۡ وَأَنتُمۡ
تَعۡلَمُونَ ﴿٢٧﴾ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَأَوۡلَٰدُكُمۡ فِتۡنَةٞ
وَأَنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿٢٨﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن
تَتَّقُواْ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّكُمۡ فُرۡقَانٗا وَيُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ
وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٢٩﴾ وَإِذۡ يَمۡكُرُ بِكَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثۡبِتُوكَ أَوۡ يَقۡتُلُوكَ أَوۡ يُخۡرِجُوكَۚ وَيَمۡكُرُونَ
وَيَمۡكُرُ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ ﴿٣٠﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ
ءَايَٰتُنَا قَالُواْ قَدۡ سَمِعۡنَا لَوۡ نَشَآءُ لَقُلۡنَا مِثۡلَ هَٰذَآ إِنۡ
هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣١﴾ وَإِذۡ قَالُواْ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا
هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ
أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٣٢﴾ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمۡ وَأَنتَ
فِيهِمۡۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمۡ وَهُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ ﴿٣٣﴾ وَمَا لَهُمۡ
أَلَّا يُعَذِّبَهُمُ ٱللَّهُ وَهُمۡ يَصُدُّونَ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ وَمَا
كَانُوٓاْ أَوۡلِيَآءَهُۥٓۚ إِنۡ أَوۡلِيَآؤُهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُتَّقُونَ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ
لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٣٤﴾ وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمۡ عِندَ ٱلۡبَيۡتِ إِلَّا مُكَآءٗ
وَتَصۡدِيَةٗۚ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٣٥﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ لِيَصُدُّواْ عَن سَبِيلِ
ٱللَّهِۚ فَسَيُنفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيۡهِمۡ حَسۡرَةٗ ثُمَّ يُغۡلَبُونَۗ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ يُحۡشَرُونَ ﴿٣٦﴾ لِيَمِيزَ ٱللَّهُ ٱلۡخَبِيثَ
مِنَ ٱلطَّيِّبِ وَيَجۡعَلَ ٱلۡخَبِيثَ بَعۡضَهُۥ عَلَىٰ بَعۡضٖ فَيَرۡكُمَهُۥ
جَمِيعٗا فَيَجۡعَلَهُۥ فِي جَهَنَّمَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٣٧﴾ قُلۡ

لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغْفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ وَإِن
يَعُودُواْ فَقَدْ مَضَتْ سُنَّتُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾ وَقَٰتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا
تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِ ۚ فَإِنِ ٱنتَهَوْاْ فَإِنَّ
ٱللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٣٩﴾ وَإِن تَوَلَّوْاْ فَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ
مَوْلَىٰكُمْ ۚ نِعْمَ ٱلْمَوْلَىٰ وَنِعْمَ ٱلنَّصِيرُ ﴿٤٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، مەككە كاپىرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋە قويۇپ بېرىلگەن ھايۋانلارغا ئوخشاتقانىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا، قەلبلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى جەرىر زۇھرىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان چاغدا، ئۇلار تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇدى. يەھۇدىيلار: «بىزگە ئەبۇ لۇبابىنى ئەۋەتكىن» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەبۇ لۇبابىنى ئەۋەتتى. يەھۇدىيلار: «ئى ئەبۇ لۇبابە! سەن قانداق دەيسەن؟ بىز سەئىدنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلايلىمۇ؟ قىلمايلىمۇ؟» دېيىشتى. ئەبۇ لۇبابە ئۇلارنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە بوينىنى ئىشارەت قىلدى. بۇ ھەقتە ئەبۇ لۇبابە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ

بىلەن قەسەمكى، قەدەم باسماي تۇرۇپلا، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خائىنلىق قىلغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالا تەۋبەمنى قوبۇل قىلمىغۇچە ھېچ نەرسە يېمەيمەن ۋە ئىچمەيمەن. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار...» ئاندىن ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىندى.

**تەپسىرى:** 24. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). (قىيامەت كۈنى) سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.» يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىسىلەر. بۇ ئايەتنى قەتادە مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «سىلەرنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە»دىن مەقسەت، قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىشەنچ مەنبەسى، نىجاتلىق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يامانلىقلىرىدىن قۇتۇلۇش قاتارلىقلار بار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئىشلارنى تەدبىر قىلغۇچىدۇر، دىللارنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. دىللارنىڭ ئىگىسى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى بۇزۇپ

تاشلاپ، غايىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، توغرا يولغا مېڭىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلھام بېرىدۇ ياكى دىللارنى توغرا يولدىن بۇرۇۋېتىدۇ. ھەدىسە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىۋەتكۈچى ئاللاھ! دىلىمنى دىنىم ئۈستىدە ساباتلىق قىلغىن!» بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ مۆمىن بىلەن كاپىر، كۇپرىلىق بىلەن ئىمان ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى كۆزىتىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشقا تەشۋىق قىلىنىدۇ. يەنە شۇنى بىلىڭلاركى، قىيامەت كۈنى قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھ تائالا قىلمىشىڭلارغا قاراپ، سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 25. «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» يەنى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەن تەقدىردە، ئۇنىڭ توساتتىنلا سىلەرنى قاتتىق جازالىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى سىلەرگە بىرەر بالايىئاپەت كەلسە پەقەت زالىملارغىلا ئەمەس، ھەممىگە، جۈملىدىن ياخشىنىڭمۇ، يامانىنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ. زالىمغۇ زۇلمى ۋە ئىسيانكارلىقى تۈپەيلى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما زالىم بولمىغان كىشىلەر بولسا، زۇلۇمغا تاقابىل تۇرمىغانلىقى ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر ئىنسانلار زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرمىسا، ئاللاھ تائالانىڭ

دەرگاھىدىن ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئازاب كېلىشى مۇمكىن.»
(بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.) بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق
دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى يامان ئىشلاردىن يىراق
بولۇش ۋە ئۇلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇدى، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا
ئەمەل قىلمىسا، ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئازاب بىلەن جازا-
لايدىغانلىقىنى، بۇ ئازابنىڭ زالىمنىمۇ، زالىم بولمىغانلارنىمۇ
ھالاك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىلىڭلاركى، ئەمرىگە
خىلاپلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ
ئازابى قاتتىقتۇر، بۇ ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. 26.
«ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز
سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر
(مۇشرىكلار)نىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار،
شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە)
يەرلەشتۈردى، (بەدر ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى
كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (غەنىمەتلەر)نى
رىزىق قىلىپ بەردى.» يەنى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئاز سانلىق
ۋاقتىڭلاردا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى
ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار مەككە زېمىنىدا
سىلەرنى بوزەك قىلىپ، سىلەرنى دىنىڭلاردىن چىقىرىشقا
ئورۇنۇۋاتاتتى ۋە سىلەرگە تۈرلۈك - تۈمەن ئەزىيەتلەرنى
يەتكۈزەتتىغۇ. سىلەر شۇ چاغدا، مۇشرىكلارنىڭ سىلەرنى
كۆرگەن ھامان تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ۋە تالان - تاراج
قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۆزۈڭلارنى
قوغدىيالايدىغان بىر پاناھ جاي ئاتا قىلدى. بۇ پاناھ جاي
بولسا، دەل مەدىنە مۇنەۋۋەر ئىدى. ئاللاھ «بەدر ئۇرۇشى»دا
ئۆزىنىڭ كاتتا ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى،

شۇنىڭ بىلەن سىلەر مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلالىدىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرگە غەنىمەتلەرنى ھالال رىزىق قىلىپ بەردى. ھالبۇكى، بۇ نېمەتلەر ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال ئەمەس ئىدى. ئاشۇ مىسلىسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە شۈكۈر قىلىشىڭلار دەپ، ئاللاھ تائالا شۇنداق قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت نېمەتلەرنى خاتىرىلىتىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئەرەبلەر سان جەھەتتىن ئاز، ئاجىز ھەم خار بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن تىلغا ئالغۇچىلىك دەرىجىدىكى بىر مىللەت ئەمەستى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن بولسا ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشىپ، تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشلىرى ۋە بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. 27. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.» - ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەرنىڭ سىرلىرىنى مۇشرىكلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق دىنىڭلارغا، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلماڭلار، بولمىسا سىلەرگە قويۇلغان پەرزلەر ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىدىن ئىبارەت ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلغان بولىسىلەر. «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى -72 ئايەت.) دېگەن ئايەت، ئامانەتلەردىن

مەقسەتنىڭ «شەرىئەت تەكلىپلىرى» ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالاغا خىيانەت قىلىش ئۇنىڭ پەرزلىرىنى تەرك ئېتىشتۇر، رەسۇلۇللاھقا خىيانەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئېتىش ۋە ئۇ گۇناھ دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىشتۇر. قىسقىسى، ئامانەتلەر ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەللەردۇر. ئايەتتىكى «بىلىپ تۇرۇپ» دېگەنلىك، «ئۇنىڭ خىيانەت ئىكەنلىكى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ» دېگەنلىكتۇر. 28. «بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار.» يەنى بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئىمتىھانى بولۇپ، ئۇلار سىلەرگە، ئەنە شۇلار بار يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي قانۇنلىرىغا قانداق رىئايە قىلىدىغانلىقىڭلارنى سىناش يۈزىسىدىن بېرىلگەن. بۇ ھەقتە ئىمام فەخرىددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: ئىنساننىڭ دىلىنى مەشغۇل قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالاغا خىزمەت قىلىشقا توسالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن،ماللار بىلەن بالىلار «سىناق (پىتنە)» دەپ ئاتالغان. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاپ ۋە مۇكاپاتلار بولسا، ماللار ۋە بالىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىڭلار. 29. «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھ تائالادىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.» يەنى، ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھ

تائالاغا ئىتائەت قىلساڭلار ۋە گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، قەلبىڭلارنى نۇرلۇق قىلىدۇ. شۇ نۇر ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايسىلەر. خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئېيتىلغىنىدەك: «سىلەرگە سىلەر ئۇنىڭ ئايدىڭلىقىدا ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ.» (ھەدىد سۈرىسى 28- ئايەت.) بۇ ئايەت، تەقۋادارلىقنىڭ قەلبنى يورۇتىدىغانلىقى، دىللارنى ئاق قىلىدىغانلىقى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىغا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، بۇرۇنقى گۇناھىڭلار تۈپەيلى سىلەرنى جازالىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى كاتتىدۇر، ئېھسانى بۈيۈكتۇر. 30. «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.» ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە ئۇمۇمىي نېمەتلەرنى خاتىرىلەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە يەنە، رەسۇلۇللاھقا خاس بولغان نېمەتنى خاتىرىلەتمەكتە. يەنى ئى مۇھەممەد! ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلارنىڭ «دارۇن نەدۋە (كېڭەش زالى)»دە ساڭا تۈزاق قۇرغانلىقلىرىنى خاتىرىلىگىن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار سېنى قاماققا ئېلىش ياكى سېنىڭ قېنىڭدىن بارلىق قەبىلىلەر جاۋابكار بولۇشى ئۈچۈن، خۇددى بىرلا كىشى سېنى ئۆلتۈرىدىغاندەك قىلىپ قويۇپ، ھەممىسى بىرلىكتە ئۆلتۈرۈش ۋەياكى سېنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن، مىكىر ئىشلىتىپ پىلان تۈزۈۋاتاتتى. ئى

مۇھەممەد! ئۇلار مىكىر ئىشلىتىپ ساڭا تۇزاق قۇرۇشىدۇ، پەرۋەردىگارىڭمۇ سەن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرىنى ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىنى بەربات قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى شەرمەندە قىلىپ تەدبىر ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈكتۇر، نەچچە ھەسسە ئۈستۈندۇر. بۇ ھەقتە تەرەبە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر «دارۇن نەدۋە»دە يىغىلدى. شەيتان ئۇلارغا ياشانغان مويسىپىت بىر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈندى. ئۇلار شەيتاننى كۆرگەن ھامان: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سوراشتى. شەيتان: «مەن ئەرەب ئاقساقاللىرىدىن بولىمەن. سىلەرنىڭ بۇ يەردە يىغىلىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، كۆز ـ قاراشلىرىمنى سىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشىم» دېدى. قۇرەيشلەر «خۇش كەپسىز، قېنى مەرھەمەت» دېيىشتى. شەيتان ئىچكىرى كىرىپ، رەسۇلۇللاھنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ياخشى ئويلىنىڭلار» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسەن سورۇندىكىلەردىن بىرى: «ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن سېلىپ قاماپ قويۇڭلار، ئاندىن ئۇ تاكى شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر كۈتۈڭلار» دېدى. ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى شەيتان جار سېلىپ مۇنداق دېدى: «ئەزبىرايى خۇدا، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى پىلان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ دوستلىرى كېلىپ، ئۇنى سىلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىڭلارغا توسالغۇ بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسەن سورۇندىكىلەردىن يەنە بىرى: «ئۇنى

ئاراڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسىلەر، چۈنكى ئۇ ئاراڭلاردىن چىقىپ كەتسە، باشقا جايلاردا نېمە قىلسا قىلسۇن، سىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى بولمايدۇ» دېدى. لەنىتى شەيتان: «ئەزىبرايى خۇدا، بۇمۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى پىلان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ تىلىنىڭ نەقەدەر تاتلىق ئىكەنلىكىنى، شېرىن سۆزلىرى ئارقىلىق خىتاب قىلسا كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئېرىتىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ ئەزىبرايى خۇدا، ئەگەر، سىلەر بايا ئېيتقىنىڭلاردەك قىلساڭلار، بارلىق ئەرەبلەر بىر بولۇپ، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ۋە كاتتىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدى. قۇرەيشلەر: «بۇ كىشى توغرا ئېيتىدۇ. شۇڭا باشقا بىر پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار» دېدى. ئەبۇ جەھىل مۇنداق دېدى: «ئەزىبرايى خۇدا، مەن سىلەرگە شۇنداق بىر پىلان كۆرسىتىمەنكى، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر پىلاننىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.» قۇرەيشلەر: «ئۇ قانداق پىلان؟» دەپ سوراشتى. ئەبۇ جەھىل مۇنداق جاۋاب بەردى: «ھەر بىر قەبىلىدىن كۈچتۈڭگۈر بىر ياشنى تاللاپ، ھەر بىرىگە كەسكىن بىر قىلىچ بېرەيلى. بۇلار خۇددى بىرلا ئادەم ئۇرغاندەك، بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرسۇن. شۇنداق قىلىپ بارلىق قەبىلىلەر ئۇنىڭ قېنىدىن جاۋابكار بولسۇن. شۇنداق بولغاندا، مىنىڭچە، ھاشىم جەمەتىنىڭ بارلىق قۇرەيشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تۆلەمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەزىيىتىنى دەپئى قىلغان بولىمىز.» ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى لەنىتى شەيتان ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ۋارقىراپ تاشلىدى:

«ئەزبىرايى خۇدا، ئەڭ ياخشى پىلان مانا مۇشۇ پىلاندۇر، مېنىڭچە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق پىلان بولمىسا كېرەك.» قۇرەيشلەر ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ پىلانىنى قوبۇل قىلىپ تارقاپ كېتىشتى. دەل شۇ چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ پىلانىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويدى ھەمدە كېچىسى ياتىقىدا ياتماسلىقىنى بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كېلىشىدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا نېمىتىنى ئۇنىڭغا خاتىرىلىتىپ قويۇش ئۈچۈن: «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. 31. «ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار: <بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر> دېدى.» يەنى، بۇ روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار تەكەببۇرلۇق ۋە سەركەشلىك قىلىپ: «بىز بۇ سۆزلەرنى ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايمىز، سەن بىزگە ئوقۇپ بەرگەن بۇ قۇرئان پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەر، ھېكايىلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئەمەس» دېدى. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە تەكەببۇر ۋە سەركەش ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قانداقمۇ ئۇنداق بولمىسۇن؟ چۈنكى ئەگەر

ئوخشىشىنى سۆزلەش قوللىرىدىن كەلگەن بولسىدى، چوقۇم شۇنداق قىلىشقان بولاتتى. قۇرئان ئۇلارغا ئاخىرقى يىلى ئوقۇپ بېرىلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار نېمىشقا تەخىر قىلىشتىكىنە؟ ئۇلارنىڭ نەچچە ئون يىل ساقلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل زادى نېمىكىنە؟ ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقلىرى تالاي قېتىم ئايان بولدىغۇ. ئاخىرىدا ئۇلار قىلىچ بىلەن مۇجادىلە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بولۇپمۇ، ئۇلار ئەدەبىيات جەھەتتىن يېڭىلىپ قېلىشنى قىلچە خالىمىسىمۇ ھەمدە بۇنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. 32. «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: <ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!> دېدى.» يەنى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: ئەگەر بۇ قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، لۇت قەۋمىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغىنىڭدەك، ئاسماندىن بىزنىڭ ئۈستىمىزگىمۇ تاش ۋە مۆلدۈر ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالاپ، بىزنى ھالاك قىلغىن! دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى جاھىل، سەركەش ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكەنىدى. ئەسلىدە، ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشى تېخىمۇ ياخشى ئىدى: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ قۇرئان سېنىڭ دەرگاھىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، بىزگە ئۇنىڭغا ئەگىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىن ھەمدە بىزنى ئۇنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشىمىزغا نېسىپ قىلغىن.» بىراق ئۇلار ھاماقەتلىكىدىن ئازاب ۋە جازا تەلەپ قىلىشتا تولىمۇ ئالدىراپ كېتىشتى. 33.

«سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ» بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىتا بىر جاۋاب ۋە ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلىشىنى تەقەززا قىلغان سەۋەبلەرنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. ـ ئۇلار ئازاب قىلىنىشقا تېگىشلىكتۇر. بىراق، ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا، سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ۋە ئىلاھىي ھېكمىتى ئەزەلدىن تارتىپلا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا تۇرغان چېغىدا ھېچقانداق بىر مىللەتكە ئازاب بەرمىگەن. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا تۇرغان چېغىدا ھېچقانداق بىر مىللەتكە ئازاب قىلىنمىدى.» ئازابتىن مەقسەت، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىدىغان ئازابتۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان مۆمىنلەر تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالا ئاشۇ كاپىرلارغا ئازاب قىلمايدۇ. بۇ ئايەت، مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاجىز مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببااس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنى قوغدايدىغان ئىككى تۈرلۈك ئامانلىق بار ئىدى. بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ئىستىغپارلىرى. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئىستىغپار بولسا تاكى قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ. 34. «ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشىنى توسۇۋاتسا، ئاللاھ ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس،

مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.» ــ ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن بىرەر سەۋەب بارمۇ؟ ئۇلار تەكەببۇرلۇق ۋە ئاغۇنلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان تۇرسا، ئۇلارغا قانداقمۇ ئازاب قىلىنمىسۇن؟ ھالبۇكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشىنى توسۇۋاتسا، ئاللاھ ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ دەرۋەقە، ھۇدەيبىيە يىلى ئۇلار رەسۇلۇللاھنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرگۈزمىدى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى مەككىدىن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشرىك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى بولۇش سالاھىيەتلىرى يوق ئىدى، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى بولۇش سالاھىيىتىگە پەقەت تەقۋادارلارلا ئېرىشەلەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى جاھىل ۋە ھاماقەت بولغانلىقتىن، بۇنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇنداق دەيتتى: «بىز بەيتۇللاھنىڭ ئىگىلىرىمىز، خالىغان كىشىلەرنى كىرگۈزىمىز، خالىغان كىشىلەرنى كىرگۈزمەيمىز.» ئايەتتىن مەقسەت، ئېغىر گۇناھلىرى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان ئازابقا تېگىشلىك ئىكەنلىكلىرىنى جاكارلاشتۇر. بىراق، پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە بوزەك قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىغپارلىرى تۈپەيلى، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بۇ ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى. 35. «ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى. (ئى كاپىرلار!) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ) ئازابىنى تېتىڭلار.» يەنى، مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى

بىلەن دۇئالىرى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇلار، مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ نامازلىرىنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. يەنى، ئۇلار ناماز ۋە ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىسقىرتاتتى ۋە چاۋاك چالاتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشلەر بەيتۇللاھنى قىيپىلىڭاچ، چاۋاك چالغان ۋە ئىسقىرتقان ھالدا تاۋاپ قىلىشاتتى. ئى كاپىرلار! كاپىر بولغانلىقىڭلار ۋە قەبىھ قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش ئازابىنى تېتىڭلار. بۇ، بەدرى ئۇرۇشىدا ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە ئىشارەتتۇر. 36. «شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال - مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ.» يەنى شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال - مۈلۈكلىرىنى باشقىلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن توسۇش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: بەدرى ئۇرۇشىدا قۇرەيش كاپىرلىرى ئېغىر تالاپەتكە ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مەككىگە قايتقان ھامان مۇنداق دېيىشتى: «ئى قۇرەيش ئەھلى! مۇھەممەد سىلەرگە زۇلۇم قىلدى ۋە سىلەرنىڭ كاتتىلىرىڭلارنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە مال - مۈلۈك جەھەتتىن ياردەم قىلىڭلار، بۇ ئارقىلىق بىز ئۆلتۈرۈلگەن كاتتىلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىمىز مۇمكىن.» بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. ئۇلار ئاۋۋال ئاشۇ مال -

مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى كېتىدۇ، ئەمما ئارزۇ قىلغان زەپەرنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. يەنى، ئۇلار مال - مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىپمۇ يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ ۋە كۇپرى كەلىمىسىنى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلالمايدۇ. بۇ، غەيبتىن خەۋەر بېرىشتۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشتۇر. خۇددى مۇنۇ ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك: «ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): <مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز> دەپ يازدى.» (مۇجادىلە سۈرىسى، 21-ئايەت.) ئۇلاردىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر جەھەننەمگە ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ. مەيلى ھايات بولسۇن ياكى ھالاك بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ نېمىدېگەن قاتتىق دەرت - ئەلەم ۋە ھەسرەت - نادامەت ـ ھە! 37. «ئاللاھنىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇپ قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، ئاللاھ ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.» يەنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇپ قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى، شەيتاننىڭ قوشۇنىنى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنىدىن، كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، ئاللاھ ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ھەم ئەزىز جېنىدىن، ھەم مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. بۇ بايانلاردىن

كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەۋبە قىلىش ۋە ئۆزگىچە قايتىشقا چاقىرىپ ھەمدە ئۇلارنى كۈپرىلىق ۋە زالالەتتە چىڭ تۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: 38. «(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇپرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن).» يەنى، ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار كۇپرىدىن ۋە پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن يېنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرسە، ساڭا ۋە مۆمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى تەرك ئەتسە، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمەن. ئەگەر ئۇلار ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە سېنى يالغانغا چىقىرىشقا قايتسا، شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ ھالاك قىلىمەن. چۈنكى، پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى، ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن. بۇ، سەركەشلىك ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭمۇ ھالاك قىلىنىدىغانلىقىغا دائىر ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. 39. «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇپرىدىن) يانسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ.» يەنى، ئى مۆمىنلەر! پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغان، ئىسلام دىنىدىن باشقا

باتىل دىنلارنىڭ ھەممىسى يوقالغانغا قەدەر، مۇشرىكلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پىتنە دېمەك شېرىك دېمەكتۇر. يەنى، يەر يۈزىدە ھېچقانداق مۇشرىك قالمىغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: تاكى ھېچقانداق بىر مۆمىن ئۆز دىنىدىن قايتمىغاي. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يوق بولۇشى ياكى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھالاك قىلىنىشى بىلەن ياكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن خەۋپسىرەپ دىنلىرىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن بولىدۇ. دەرۋەقە رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، دەپ ئىمان ئېيتقانغا قەدەر ئۇلار (مۇشرىكلار) بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.» ئەگەر ئۇلار كۇپرىدىن يېنىپ مۇسۇلمان بولۇشسا، ئۇلار شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، تەۋبە قىلغانلىقلىرى ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ نامە - ئەمىلىگە لايىق رەۋىشتە مۇكاپات ۋە ساۋاب بېرىدۇ.

40. «ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!» يەنى، ئەگەر ئۇلار كۇپرىلىقتىن ۋاز كەچمەي، ئىماندىن يۈز ئۆرۈسە، ئى مۆمىنلەر! بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئۇلارغا قارشى سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار ۋە مەدەتكارىڭلاردۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە دوستلۇقىغا ئىشىنىڭلار، كاپىرلارنىڭ سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكلىرىگە قىلچە پىسەنت قىلماڭلار، ئاللاھ

سىلەرگە نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى! چۈنكى، ئاللاھ تائالا دوست تۇتقان كىشىنى ھەرگىزمۇ ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ، ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن كىشى ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولمايدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ھافىز ئىبنى كەسىرنىڭ ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللىمدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللىم مۇنداق دېگەن: مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنى چاقىردى. مەن تاكى نامازنى تۈگەتكىچە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بارمىدىم، پەقەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: مېنىڭ يېنىمغا كېلىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟ سەن ئاللاھ تائالانىڭ «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «بۇ يەردىن كېتىشتىن بۇرۇن، مەن ساڭا چوقۇم قۇرئاندىكى ئەڭ چوڭ سۈرىنى ئۆگىتىمەن.» رەسۇلۇللاھ كەتمەكچى بولۇۋېدى، مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى خاتىرىلەتتىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «جىمى ھەمدۇسانا (نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (سۈرە فاتىھەنى) ماڭا ئاتا قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.»

**ئىلاھىي ھېكمەت:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇئاۋىيە سەبە

ئاھالىسىدىن بىر كىشىگە مۇنداق دېگەن: سېنىڭ قەۋمىڭ نېمىدېگەن جاھىل خەق - ھە! ئۇلار ئۆزلىرىگە بىر ئايالنى پادىشاھ قىلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ كىشى مۇئاۋىيەگە مۇنداق دەپتۇ: سېنىڭ قەۋمىڭ مېنىڭ قەۋمىمگە قارىغاندا تېخىمۇ جاھىل. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرىق قىلغاندا، ئۇلار: «ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېيىشتى - يۇ، «ئەگەر بۇ قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، بىزنى ئۇنىڭ ئارقىلىق ھىدايەت قىلغىن» دېمىدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھېچنېمە دېمىگەن.

وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ
وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ
ءَامَنتُم بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ
ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٤١ إِذۡ أَنتُم بِٱلۡعُدۡوَةِ
ٱلدُّنۡيَا وَهُم بِٱلۡعُدۡوَةِ ٱلۡقُصۡوَىٰ وَٱلرَّكۡبُ أَسۡفَلَ مِنكُمۡۚ وَلَوۡ
تَوَاعَدتُّمۡ لَٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِي ٱلۡمِيعَٰدِ وَلَٰكِن لِّيَقۡضِيَ ٱللَّهُ أَمۡرٗا
كَانَ مَفۡعُولٗا لِّيَهۡلِكَ مَنۡ هَلَكَ عَنۢ بَيِّنَةٖ وَيَحۡيَىٰ مَنۡ حَيَّ
عَنۢ بَيِّنَةٖۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ ٤٢ إِذۡ يُرِيكَهُمُ ٱللَّهُ فِي
مَنَامِكَ قَلِيلٗاۖ وَلَوۡ أَرَىٰكَهُمۡ كَثِيرٗا لَّفَشِلۡتُمۡ وَلَتَنَٰزَعۡتُمۡ
فِي ٱلۡأَمۡرِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ سَلَّمَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٤٣

وَإِذۡ يُرِيكُمُوهُمۡ إِذِ ٱلۡتَقَيۡتُمۡ فِيٓ أَعۡيُنِكُمۡ قَلِيلٗا وَيُقَلِّلُكُمۡ
فِيٓ أَعۡيُنِهِمۡ لِيَقۡضِيَ ٱللَّهُ أَمۡرٗا كَانَ مَفۡعُولٗاۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ
ٱلۡأُمُورُ ﴿٤٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمۡ فِئَةٗ فَٱثۡبُتُواْ
وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿٤٥﴾ وَأَطِيعُواْ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَنَٰزَعُواْ فَتَفۡشَلُواْ وَتَذۡهَبَ رِيحُكُمۡۖ
وَٱصۡبِرُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٤٦﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ
خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بَطَرٗا وَرِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن
سَبِيلِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ﴿٤٧﴾ وَإِذۡ زَيَّنَ لَهُمُ
ٱلشَّيۡطَٰنُ أَعۡمَٰلَهُمۡ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ ٱلۡيَوۡمَ مِنَ ٱلنَّاسِ
وَإِنِّي جَارٞ لَّكُمۡۖ فَلَمَّا تَرَآءَتِ ٱلۡفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَىٰ عَقِبَيۡهِ
وَقَالَ إِنِّي بَرِيٓءٞ مِّنكُمۡ إِنِّيٓ أَرَىٰ مَا لَا تَرَوۡنَ إِنِّيٓ أَخَافُ
ٱللَّهَۚ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٤٨﴾ إِذۡ يَقُولُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ
فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ غَرَّ هَٰٓؤُلَآءِ دِينُهُمۡۗ وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى
ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٤٩﴾ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ يَتَوَفَّى ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَضۡرِبُونَ وُجُوهَهُمۡ وَأَدۡبَٰرَهُمۡ وَذُوقُواْ
عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ﴿٥٠﴾ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ
لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ﴿٥١﴾ كَدَأۡبِ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ وَٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۚ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ
قَوِيّٞ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٥٢﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمۡ يَكُ مُغَيِّرٗا
نِّعۡمَةً أَنۡعَمَهَا عَلَىٰ قَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ
سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٥٣﴾ كَدَأۡبِ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ

كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ فَأَهۡلَكۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡ وَأَغۡرَقۡنَآ ءَالَ
فِرۡعَوۡنَۚ وَكُلّٞ كَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿٥٤﴾ إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٥﴾ ٱلَّذِينَ عَٰهَدتَّ مِنۡهُمۡ
ثُمَّ يَنقُضُونَ عَهۡدَهُمۡ فِي كُلِّ مَرَّةٖ وَهُمۡ لَا يَتَّقُونَ ﴿٥٦﴾
فَإِمَّا تَثۡقَفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡحَرۡبِ فَشَرِّدۡ بِهِم مَّنۡ خَلۡفَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ
يَذَّكَّرُونَ ﴿٥٧﴾ وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوۡمٍ خِيَانَةٗ فَٱنۢبِذۡ إِلَيۡهِمۡ
عَلَىٰ سَوَآءٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡخَآئِنِينَ ﴿٥٨﴾ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ سَبَقُوٓاْۚ إِنَّهُمۡ لَا يُعۡجِزُونَ ﴿٥٩﴾ وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا
ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٖ وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ تُرۡهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ
ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمۡ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمۡ لَا تَعۡلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ
يَعۡلَمُهُمۡۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ
وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ﴿٦٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە بەدرى ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىن كېيىن مۇجاھىدلارنىڭ ئۇرۇش ۋە زەپەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنىڭ مال - مۈلكىنى غەنىمەت ئېلىشلىرى توغرۇلۇق ئۇچۇر بەرگەندى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردىمۇ، ئاللاھ تائالا غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمى ۋە قانداق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا بۇ چوڭ ئۇرۇشتا، يەنى بەدرى ئۇرۇشىدا مەيدانغا كەلگەن باشقا مۇھىم

ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

**تەپسىرى:** 41. «(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا، ئىككى گۇرۇھ (مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار (ئاللاھنىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» يەنى، ئى مۆمىنلەر! بىلىڭلاركى، مەيلى كۆپ بولسۇن، ياكى ئاز بولسۇن، ئۇرۇشتا سىلەر مۇشرىكلاردىن ئالغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. بۇ ھەقتە ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ مۇقەددىمە ئۇچۇن ئېيتىلغان بايانلاردۇر، چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئائىتتۇر. پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. يەنى بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ نامى بەرىكەت ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن تىلغا ئېلىنغاندۇر. دەرۋەقە، مۇنۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بەرىكەت ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن مۇنداق دەپ كەلتۈرۈلگەن: «ئەگەر ئۇلار راستتىنلا مۆمىن بولىدىغان بولسا، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشلىرى كېرەك ئىدى.» (تەۋبە سۈرىسى -62 ئايەت.) مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، غەنىمەت بەش تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بەشتىن بىرى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بايان قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. قالغانلىرى بولسا، ئاشۇ غەنىمەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلەرگە، بەشتىن بىرىنىڭ مەلۇم ئۈلۈشى رەسۇلۇللاھقا خاستۇر. بەشتىن بىرىنىڭ مەلۇم ئۈلۈشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن - يورۇقلىرىغا خاستۇر. بۇلار ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىب جەمەتىدۇر. بەشتىن بىرىنىڭ مەلۇم ئۈلۈشى بولسا دادىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىملەرگە، موھتاج مىسكىنلەرگە ۋە يېرىم يولدا قالغان مۇسۇلمانلارغا خاستۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىشەنسەڭلار، بۇ شەرتنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغاندۇر. يەنى ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىشەنسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ غەنىمەتلەر توغرىسىدىكى ھۆكمى ئەنە شۇنداق. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىڭلار. ھەقىقەت قوشۇنىدىن تەشكىل تاپقان مۇسۇلمانلار بىلەن شەيتان قوشۇنىدىن تەشكىل تاپقان كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈندە بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار، ئاللاھنىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار. بەدىر ئۇرۇشى ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۈن «يەۋمۇل فۇرقان» دەپ ئاتالغان. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ھېچقانداق بىر كۈچ ئاللاھ تائالاغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ ئازلىقى ۋە دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى زەپەرگە ئېرىشتۈرۈشى، ئۇنىڭ ھەممىگە

قادىر ئىكەنلىكىنىڭ روشەن نامايەندىسى. 42. «ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدىردە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)، ئەلۋەتتە، ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» يەنى ئى مۆمىنلەر! شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ مەدىنىگە يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، مۇشرىكلاردىن تەشكىل تاپقان دۈشمىنىڭلار ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق تەرىپىدە ئىدى. قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلاردىكى بىر يەردە، يەنى دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن بىر جايدا ئىدى. ئەگەر سىلەر مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ھېكمىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشتىن ئىبارەت

ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرنى بەدىردە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى ھەمدە سىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. بۇ ھەقتە كەئب ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇسۇلمانلار پەقەت قۇرەيش كارۋىنىنى قولغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىققانىدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت توختىتىلماستىنلا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. رازى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئەگەر سىلەر ئۇرۇشۇش ئۈچۈن مەككە خەلقى بىلەن ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىنى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئەلۋەتتە ئۆزئارا خىلاپلىق قىلىشقان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز قۇدرىتى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرنى بەدىردە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى خالايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشقان بولدى. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نېسىپ بولغان پەتھىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىرىدە ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلاتتى - دە، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئېلىشقا رازى بولاتتى. ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى، كاپىر بولىدىغانلارنىڭ

روشەن دەلىللىنى كۆرۈپ ئاندىن كاپىر بولۇشى، ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىللىنى كۆرۈپ ئاندىن ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن ئىدى.[1] چۈنكى بەدىر ئۇرۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، دۈشمەنلىرىنى بولسا ياردەمسىز تاشلاپ قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزىلەردىندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 43. «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (دۈشمەنلىرىڭنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم دەتالاش قىلاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. ئاللاھ دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» يەنى، ئى مۇھەممەد! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ چۈشۈڭدە ساڭا دۈشمەنلىرىڭنىڭ سانىنى ئاز كۆرسەتتى، شۇ چاغدا سەن بۇنىڭدىن دوستلىرىڭنى خەۋەردار قىلدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادىلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد

[1] تەبەرىگە كۆرە، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى، ھالاك بولىدىغانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن روشەن دەلىللىنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىللىنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. ھالبۇكى، بىز جالالەيننىڭ قارىشىنى تاللىدۇق. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشى تېخىمۇ روشەندۇر. مۇنۇ ئايەتمۇ بىزنىڭ قارىشىمىزنى تەكىتلىمەكتە: «ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز - نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر.»

ئەلەيھىسسالامغا چۈشىدە ئۇلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرسەتتى، رەسۇلۇللاھ بۇنى ساھابىلىرىغا يەتكۈزدى. بۇ ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىغا ۋەسىلە بولدى. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ ساڭا دۈشمىنىڭنىڭ سانىنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسىدى، ساھابىلىرىڭ چوقۇم ۋەھىمىگە چۈشۈپ، جەڭ ئىشىدا چوقۇم دەتالاش قىلاتتى- دە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى. ئى مۇھەممەد! قۇرئان كەرىمنىڭ گۈزەللىكلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر - تەپەككۇر يۈرگۈزگىن. چۈنكى ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى قورقۇنچاقلىق بىلەن تەرىپلىمىدى. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھ ناھايىتى جەسۇر بولۇپ، ۋەھىمىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي ئىدى. ئاللاھ تائالا «سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى» دېگەن بۇ ئايەتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى كۆزدە تۇتقان. ئى ساھابىلەر جامائەسى! ئەگەر ئاللاھ تائالا دۈشمەنىنىڭ سانىنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى - دە، نەتىجىدە جەڭ ئىشىدا چوقۇم ئۆزئارا دەتالاش قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئېھسان قىلىپ، سىلەرنى ۋەھىمە ۋە ئىختىلاپتىن ساقلاپ قالدى. ئاللاھ دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، قەلبلەرنىڭ ئەھۋالىنى، يەنى جاسارەتنى، قورقۇنچاقلىقنى، جەسۇرلۇقنى، سەۋر - تاقەتنى ۋە تاقەتسىزلىكنى ناھايىتى ياخشى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 44.

«ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى

ھەممە ئىش ئاللاھ تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ (ئاللاھ ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ).» ـ ئى مۆمىنلەر! ئۇرۇشتا دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتنى ئەسلەپ ئۆتۈڭلار. شۇ چاغدا، ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى، سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ، سىلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاز كۆرسەتتى. بۇ ئۇيقۇ ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئويغاقلىق ھالىتىدە بولدى. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: بەدىر ئۇرۇشىدا دۈشمەن بىزنىڭ كۆزىمىزگە شۇنداق ئاز كۆرۈندىكى، ھەتتا مەن بىر كىشىدىن: «سەن قانداق قارايسەن، ئۇلار بىرەر يۈز كىشىدەك قىلامدۇ نېمە؟» دەپ سورىغانىدىم. بۇ ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇرۇش باشلانغان ھامان، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ كۆزىگە كۆپ كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئالاقزادە بولۇپ، قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى - دە، جاسارىتىنى يوقىتىپ قويۇشتى. چۈنكى ئۇلار ئويلاپ باقمىغان بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىشكەنىدى. بۇ بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەنە شۇ ئۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا قارشى مۆمىنلەرگە جاسارەت بېغىشلىدى، ئۇرۇش پارتلىسۇن ۋە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا ياردەم بەرسۇن، باتىل ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسى، يەنى ئىمان ئۈستۈن بولسۇن، كاپىرلارنىڭ كەلىمىسى، يەنى كۇپرىلىق يوقالسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا كاپىرلارغىمۇ مۆمىنلەرگە قارشى جاسارەت ئاتا قىلدى. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالاغا

قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھ ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم ۋە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى بۇزۇشقا ھېچكىمنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، غالىبتۇر. 45. «ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.» يەنى بۇ ئايەت، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى زەپەر يولىنى تەسۋىرلەپ بەرمەكتە. يەنى ئى مۆمىنلەر! كاپىرلاردىن بىر جامائە بىلەن ئۇرۇش قىلغان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، سەپلىرىڭلارنى بۇزماڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ۋە ياردىمگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار چوقۇم دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىلەر. 46. «(پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلەردە) ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» يەنى، پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلەردە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە قىلچىمۇ خىلاپلىق قىلىشماڭلار، ئۆزئارا ئىخلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئىرادەڭلار بوشىشىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىسىلەر؛ ئۇرۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە تاقەت قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن ياردىمى ۋە زەپىرى

ئارقىلىق سەۋر - تاقەت قىلغۇچىلار بىلەن ھەمىشە بىللىدۇر. 47. «يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (قۇرەيش مۇشرىكلىرى)گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر.» يەنى، يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا ئوخشاش بولماڭلار، يەنى چوڭچىلىق قىلىش، ماختىنىش ۋە رىياكارلىق قىلىپ بەدىر ئۇرۇشىغا چىققان قۇرەيش كاپىرلىرىغا ئوخشاش بولماڭلار. بۇ ئايەت، ئەبۇ جەھىلنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەدرىگە بارماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ قايتمايمىز، ئۇ يەردە ھاراق ئىچىمىز، تۆگە سويىمىز، ناخشىچى قىزلار بىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئەرەبلەر بىزنىڭ شانۇشەۋكىتىمىزنى ئاڭلاپ، بىزدىن قورقۇپ ھەمىشە بىزگە بويسۇنىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ.[1] بۇ ھەقتە تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھاراقنىڭ ئورنىغا ئۆلۈم شارابى ئىچىشتى. قىزلار ناخشا ئېيتىشنىڭ ئورنىغا ماتەم تۇتۇپ، نالە - پەرياد قىلىشتى. ئەنە شۇ كاپىرلار كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن توساتتى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پۈتكۈل سۆز - ھەرىكەتلىرىنى بىلگۈچىدۇر ھەمدە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا لايىق رەۋىشتە جازا بەرگۈچىدۇر. 48. «ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: ‹ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن

[1] تەبەرىنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇ سۇفيان كارۋىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان چاغدا قۇرەيشلەرگە مۇنداق ئۇچۇر يوللىغان: قايتىپ كېلىڭلار، سودا كارۋىنىڭلار خاتىرجەملىككە ئېرىشتى ھەمدە قۇتۇلدۇرۇپ قېلىندى. بۇنىڭغا ئاساسەن، لەنىتى ئەبۇ جەھىل ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلغانىدى.

ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار> دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستلا ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى.» ـ ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! شۇنى خاتىرىلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلىش قاتارلىق قەبىھ ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: «بۈگۈن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى سىلەرنى ھەرگىزمۇ يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار ۋە مەدەتكارىڭلار بولىمەن» دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا، شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىپ قاچتى ۋە: «مەن سىلەردىن ئادا - جۇدامەن، مەن بۇرۇن سىلەرگە بەرگەن ۋەدەمگىمۇ ئەمەل قىلمايمەن، چۈنكى مەن سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن ھەقىقەتەن مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن چۈشكەن پەرىشتىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئەمما سىلەر ئۇلارنى كۆرمەيۋاتىسىلەر» دېدى. شەيتاننىڭ بۇ پوزىتسىيەسى، ئۇنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: شەيتان ھېچقاچان ئەرەپە كۈنىدىكىگە ئوخشاش رەزىل، خار، مىجەزى ئوسال ۋە ئاچچىقلانغان ھالدا كۆرۈلمىگەنىدى. چۈنكى شەيتان شۇ كۈنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن چۈشۈپ پەرىشتىلەرنى سەپكە تىزىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.» (مالىك رىۋايەت قىلغان) بىراق بەدىر كۈنى تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شەيتان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە

مۇنــداق دېــدى: «مــەن راســتلا ئالــلاھ تائالادىــن قورقىمــەن، چۈنكــى ئالل‍اھنىــڭ ئازابــى ناھايىتــى قاتتىقتــۇر» دېــدى. بــۇ ھەقتــە ئىبنــى ئاببــاس مۇنــداق دەيــدۇ: بەدىــر كۈنــى ئىبلىــس شــەيتانلار قوشــۇنىنى باشــلاپ كەلگەنــدى، ئۇنــى مــەن سۇراقە ئىبنــى مالىكنىــڭ ســۈرىتىدە كــۆردۈم، شــەيتان مۇشــرىكلارغا مۇنــداق دېــدى: بۈگــۈن ھېچقانــداق كىشــى ســىلەرنى ھەرگىزمــۇ يېڭەلمەيــدۇ، مەنمــۇ ســىلەرنىڭ ياردەمچىــڭلار بولىمەن. كىشــىلەر سەپكە تىزىلىــپ ئۇرۇشــقا تەييارلانغــان ھامــان، رەسۇلۇللاھ بىــر ســىقىم توپىنــى مۇشــرىكلارنىڭ يۈزىگــە ئاتتــى، شــۇنىڭ بىلــەن ئۇلار ئارقىســىغا چېكىنىــپ قېچىشتى. جىبرىئىــل ئەلەيھىسسالام شــەيتان تەرەپكــە قــاراپ ماڭــدى. شــۇ چاغــدا ئىبلىســنىڭ قولــى مۇشــرىكلاردىن بىــر كىشــىنىڭ قولىــدا ئىــدى، ئىبلىــس جىبرىئىل ئەلەيھىســسالامنى كۆرگــەن ھامــان قولىنــى تارتتــى، ئاندىــن تەرەپدارلىــرى بىلــەن بىرلىكتــە ئارقىســىغا قــاراپ بــەدەر تىكىۋەتتــى، ھېلىقــى كىشــى: ئــى ســۇراقە! ســەن بايــا بىزگــە ياردەم قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتمىغانمىدىــڭ؟ دېۋىــدى، ئىبلىــس: مــەن ھەقىقەتــەن ســىلەر كۆرمىگەنىنــى كــۆرۈپ تۇرۇۋاتىمــەن. مــەن راســتلا ئالــلاھ تائالادىــن قورقىمــەن، دېــدى. ئالــلاھ تائالانىــڭ دۈشــمىنى يالغــان ئېيتىۋاتاتتــى. چۈنكــى ئــۇ، ئۆزىنىــڭ قىلچــە كــۈچ - قۇدرىتــى يوقلۇقىنــى چوڭقــۇر چۈشــىنىپ يەتكەنــدى. بۇمــۇ دەل ئىبلىســنىڭ پەرىشــتىلەرنى كۆرگــەن چېغىــدا ئايــان بولغانــدى. 49. «ئــۆز ۋاقتىــدا مۇناپىقــلار ۋە دىللىرىــدا كېســلى (شــەك) بــارلار: <بۇلارنــى (مۇســۇلمانلارنى) ئۇلارنىــڭ دىنــى ئالدىــدى (مۇســۇلمانلار ئــۆز دىنىغــا مەغــرۇر بولــۇپ، ئۆزلىرىنــى يېڭىلمــەس دەپ گۇمــان قىلىــپ، ئــاز سانلىق تۇرۇقلــۇق كــۆپ ســانلىقلار بىلــەن ئۇرۇشــقا چىقتــى)> دېــدى. كىمكــى ئالــلاھ

تائالاغا يۈلىنىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» يەنى، ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېتىقادلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلى، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ئاشكارىلاپ، كۆپرىلىقلىرىنى يوشۇرغان مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەللى (شەك) بارلار: «مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى، ئوچۇقراقى، مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى» دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدىكەن ۋە يۈلىنىدىكەن، شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەمىشە ياردەمچىسىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، ئۆزىدىن پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى ھەرگىزمۇ خار قىلمايدۇ، ئۇ بارلىق ئىشلاردا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» 50. «پەرىشتىلەر (بەدر ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا) <دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!> (دەيتتى).» يەنى، ئى ئاڭلىغۇچى! ئازاب پەرىشتىلىرى بەدر ئۇرۇشىدا گۇناھكار كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ... بۇ يەردە «لەۋ» ئالدى قوشۇلغۇچىسىنىڭ جاۋابى، ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە قىسقارتىلغاندۇر. يەنى، ئەلۋەتتە سەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق

دەيدۇ: بۇنداق جايلاردا «لەۋ» ئالدى قوشۇلغۇچىسىنىڭ جاۋابىنىڭ قىسقارتىلىشى جائىز ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ناھايىتى ياخشى ئىش. چۈنكى، جاۋابىنىڭ قىسقارتىلىشى ۋەقەلىكنىڭ چوڭلۇقى ۋە قورقۇنچلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، سەن ھەقىقەتەنمۇ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭ بىر ۋەقەنى كۆرگەن چېغىڭدا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ تۆمۈر قامچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ: «ئى كاپىرلار جامائەسى! دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» دەيتتى. بۇ سۆزلەر ئۇلارغا ئاخىرەت ئازابى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتىن ياسالغان قامچىلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنى ئۇراتتى، كاپىرلارنىڭ يارىلىرى ئوت ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. 51. «بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.» يەنى، بۇ (ئازاب)سىلەرنىڭ كۇپرىلىق ۋە گۇناھلاردىن ئىبارەت جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر. چۈنكى ئاللاھ ئادىل بولۇپ، بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر، ئاللاھ تائالا ھېچقاچان گۇناھسىز بەندىسىنى جازالىمايدۇ. بۇ يەردىكى «زەللام» ئىبارىسى مۇبالىغىنى ئىپادىلىمەيدۇ. پەقەتلا نىسبەت ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالاغا زۇلۇم نىسبەت بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالادا زۇلۇم دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ھەقتە ياخشى پىكىر يۈرگۈزۈڭ. 52. «(بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى

تۆپەيلىدىن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» يەنى، گۇناھ قىلىشتا، بۇ كاپىرلارنىڭ ئادىتى بەئەينى پىرئەۋن خانىدانلىقىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار سەركەشلىك، كۇپۇرلۇق، ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىش ۋە گۇناھ قىلىشتا بىر - بىرلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىشتى، ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغان ۋە سەركەشلىك گۇناھلىرى تۆپەيلىدىن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىدىن ھېچكىم غالىب كېلەلمەيدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. 53. «بۇ (ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇپرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» يەنى، ئۇلار دۇچار بولغان بۇ ئازاب شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ تائالا ئادىلدۇر، ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەمگە بەرگەن نېمىتىنى، پەقەت كۇپرىلىقى ۋە گۇناھى تۆپەيلىدىنلا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى كۇپرى ۋە گۇناھ بىلەن ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئازابقا ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. مەسىلەن، قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بايلىق، موللۇق، باياشاتلىق، بەختەرلىك ۋە پاراۋانلىق نېمىتىنى كۇپرىلىق، ئىسيانكارلىق ۋە مۆمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا

ئۆزگەرتكەنلىكلىرىگە ئوخشاش. بۇ ھەقتە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ قۇرەيشلەرگە بەرگەن نېمىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇلار ئۇنى يالغانغا چىقىرىشتى ۋە ئىنكار قىلىشتى. ئاللاھ تائالامۇ ئۇنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدۇردى ۋە مۇشرىكلارغا ئازاب نازىل قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 54. «(ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، پىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى (كۇپرىلىق ۋە گۇناھ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازابقا دۇچار قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى (قەۋم) بولدى.» سادىر قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلى ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەش ۋە ئازارلاش يۈزىسىدىن، بۇ ئايەت تەكرارلانغان. يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى بەئەينى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشتى، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئازابقا ئۆزگەرتىۋەتتى. گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق؛ بەزىلىرىنى يەر تەۋرەش ئاپىتى بىلەن، بەزىلىرىنى يەرگە يۇتقۇزۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇش ئارقىلىق، بەزىلىرىنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىش بىلەن ھالاك قىلدۇق. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا: «پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى دېڭىزغا غەرق قىلدۇق» دېدى. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى، كۇپرىلىق ۋە

گۇناھلارنى قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازابقا دۇچار قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى قەۋم بولدى. چۈنكى ئۇلار ئازابقا ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. 55. «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇپرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ.» يەنى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ۋە ھۆكمىدە، يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ كۇپرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇر، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببas مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلاردىن كەئب ئىبنى ئەشرەف ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى، رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىق توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەنىدى. بىراق ئۇلار بۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشمىدى. 56. «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن (مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىككە ئۈستىدە) مۇئاھىدە تۈزدۈڭ، ئۇلار بولسا ھەر قېتىمدا مۇئاھىدىسىنى بۇزىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورقمايدۇ.» يەنى ئى مۇھەممەد! ئۇلار، سەن ئۇلار بىلەن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىككە ئۈستىدە مۇئاھىدە تۈزگەن، كېيىن ھەر قېتىم مۇئاھىدىلىرىنى بۇزغان كىشىلەردۇر. ھالبۇكى، ئۇلار مۇئاھەدەلىرىنى بۇزۇشتا ئاللاھ تائالادىن قورقمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىلەن، ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش قىلماسلىقلىرى ۋە مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىككە ئۈستىدە مۇئاھىدە تۈزگەنىدى. بىراق، يەھۇدىيلار مۇئاھىدىنى بۇزۇشتى ۋە بەدر ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھقا قارشى مەككە كاپىرلىرىغا قورال ـ ياراق ياردەم بېرىشتى. كېيىن، ئۇنۇتتۇق

ۋە خاتا قىلدۇق، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن يەنە بىر قېتىم مۇئاھىدە تۈزگەندى، ئۇلار بۇ قېتىممۇ يەنىلا ئەھدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتى ھەمدە خەندەك ئۇرۇشىدا كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى تۇتۇشتى. 57. «ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن).» يەنى، ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن. يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئۆلۈم ياكى قاتتىق جازا بىلەن جازالىغىنكى، شۇنىڭ بىلەن گۇناھكار كاپىرلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىشلىرى ۋە گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشلىرى، ھەتتا ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى مۇمكىن. 58. «ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن مۇئاھىدە تۈزگەن قەۋمدىن خىيانەت ۋە بۇزغۇنچىلىق ئالامەتلىرىنى سەزسەڭ، سەن ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى

ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن. بۇ ھەقتە نەھھاس مۇنداق دەيدۇ: بۇ بايانلار قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لەپزى قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر بۇنداق ئىبارىلەرنى باشقا ئەسەرلەردىن ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. يەنى، ئەگەر سەن مۇئاھىدە تۈزگەن قەۋمنىڭ خىيانەت ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن قورقساڭ، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن. يەنى، «سىلەر بىلەن تۈزگەن مۇئاھىدىنى بىكار قىلدىم، سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن» دېگىنكى، ئۇلارمۇ بۇنى بىلسۇن ۋە خەۋەر تېپىشتا سەن بىلەن باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالمىسۇن. ئۇلار بىلەن ئاراڭلاردا تۈزۈلگەن بىرەر مۇئاھىدە بار تۇرۇقلۇق ۋە ئۇلار بۇنىڭغا ئىشەنگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، خىيانەت ۋە زۇلۇم قىلغان بولىسەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ. مانا بۇ، مۇئاھىدە بۇزۇشنىڭ شەرتلىرىدۇر. يەنى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان، ۋاپاسىز كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ دوست تۇتمايدۇ. 59. «(بەدىر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇ-لالمايدۇ.» يەنى، بەدىر ئۇرۇشىدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئاشۇ كاپىرلار بىزدىن قېچىپ قۇتۇلغانلىقلىرىنى، بىزنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق جازا بەرمەيدىغانلىقىمىزنى ئويلىمىسۇن، ئۇلار بىزنىڭ جازايىمىزدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ يېڭى بىر جۈملە بولۇپ، گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن ئالدىنقى جۈملە بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشلىقى يوق. يەنى، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئۈستىدىن ھەرگىزمۇ غالىب كېلەلمەيدۇ.

دەل ئەكسىچە ئاللاھ تائالا ھەمىشە ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا تامامەن قادىردۇر، مەيلى يەر يۈزىدە بولسۇن، مەيلى ئاسمانلاردا بولسۇن، ھېچكىم ئاللاھ تائالانىڭ مىسلىسىز كۈچىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. 60. «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ).» يەنى، دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىڭلار. بۇ ھەقتە شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار بەدىر ئۇرۇشىغا تولۇق تەييارلىق قىلىپ كەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، بۇ يەردە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇلدى ۋە تەييارلىقسىز ھېچقاچان زەپەرگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇلدى. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئىبنى زەيد: «<باشقا دۈشمەنلەر>دىن <مۇناپىقلار> كۆزدە تۇتۇلغان» دېسە، مۇجاھىد: «<باشقا دۈشمەنلەر>دىن <بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى> كۆزدە تۇتۇلغان» دەيدۇ. ئالدىنقى قاراش توغرىراقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق

دەيدۇ: سىلەر ئۇلارنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بىراق، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھاد ۋە باشقا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

**ئەسكەرتىش:** ئاللاھ تائالا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىزنى قورال - ياراق ۋە ئات كۈچى جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئايەتتىكى «كۈچ - قۇۋۋەت» ئىبارىسى ئومۇمىي بىر ئىپادە بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، شۇنداقلا دۈشمەنىنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىگە كۆز تىكمەسلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ قورال - ياراق زاۋۇتلىرىمىزنىڭ، ھەربىي لازىمەتلىكلىرىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەن دۆلەتلەردىن سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىززەت - ھۆرمەتلىك ۋە شان - شەرەپلىك بىر ھايات كەچۈرمەكچى بولساق، ئىسلام يولىۋرۇقلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق.

وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلۡمِ فَٱجۡنَحۡ لَهَا وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦١﴾ وَإِن يُرِيدُوٓاْ أَن يَخۡدَعُوكَ فَإِنَّ حَسۡبَكَ ٱللَّهُۚ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَيَّدَكَ بِنَصۡرِهِۦ وَبِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٢﴾ وَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡۚ لَوۡ أَنفَقۡتَ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا مَّآ أَلَّفۡتَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ أَلَّفَ بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّهُۥ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٦٣﴾

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَسۡبُكَ ٱللَّهُ وَمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٤﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَى ٱلۡقِتَالِۚ إِن يَكُن
مِّنكُمۡ عِشۡرُونَ صَٰبِرُونَ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن يَكُن
مِّنكُم مِّاْئَةٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِأَنَّهُمۡ
قَوۡمٞ لَّا يَفۡقَهُونَ ﴿٦٥﴾ ٱلۡـَٰٔنَ خَفَّفَ ٱللَّهُ عَنكُمۡ وَعَلِمَ أَنَّ
فِيكُمۡ ضَعۡفٗاۚ فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ صَابِرَةٞ يَغۡلِبُواْ
مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن يَكُن مِّنكُمۡ أَلۡفٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفَيۡنِ بِإِذۡنِ
ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٦٦﴾ مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ
لَهُۥٓ أَسۡرَىٰ حَتَّىٰ يُثۡخِنَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ تُرِيدُونَ عَرَضَ ٱلدُّنۡيَا
وَٱللَّهُ يُرِيدُ ٱلۡأٓخِرَةَۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٦٧﴾ لَّوۡلَا كِتَٰبٞ
مِّنَ ٱللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمۡ فِيمَآ أَخَذۡتُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٦٨﴾
فَكُلُواْ مِمَّا غَنِمۡتُمۡ حَلَٰلٗا طَيِّبٗاۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ﴿٦٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّمَن فِيٓ أَيۡدِيكُم مِّنَ ٱلۡأَسۡرَىٰٓ
إِن يَعۡلَمِ ٱللَّهُ فِي قُلُوبِكُمۡ خَيۡرٗا يُؤۡتِكُمۡ خَيۡرٗا مِّمَّآ أُخِذَ
مِنكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧٠﴾ وَإِن يُرِيدُواْ
خِيَانَتَكَ فَقَدۡ خَانُواْ ٱللَّهَ مِن قَبۡلُ فَأَمۡكَنَ مِنۡهُمۡۗ وَٱللَّهُ
عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ
بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ
أُوْلَٰٓئِكَ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ
يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَيۡءٍ حَتَّىٰ يُهَاجِرُواْۚ
وَإِنِ ٱسۡتَنصَرُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ فَعَلَيۡكُمُ ٱلنَّصۡرُ إِلَّا عَلَىٰ قَوۡمِۭ

بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٞۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٧٢﴾
وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٍۚ إِلَّا تَفۡعَلُوهُ تَكُن
فِتۡنَةٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَفَسَادٞ كَبِيرٞ ﴿٧٣﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ
وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٧٤﴾ وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ مَعَكُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ
مِنكُمۡۚ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ
ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿٧٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، دۈشمەننى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تەق قىلىپ، ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا تىنچلىق شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن تەقدىردە، ئىززەت - ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپنى قوغداپ قېلىش شەرتى بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئۇرۇش دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش، دىنىي ئەركىنلىكنى ساقلاش ۋە يەر يۈزىنى زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقتىن خالىي قىلىشنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاخىردا، ئاللاھ تائالا ئەسىرلەرنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ ھەمدە مۆمىنلەرئارا پۈتۈنلەي ئىمان قېرىنداشلىقى مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنى

مەغلۇب قىلغان ۋە ئۇلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كىشى ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي!) قاتارلىق ساھابىلەر بىلەن كېڭەشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى! بۇلار تاغا باللىرى ۋە ئۇرۇق تۇغقانلاردۇر. مەن، بۇلاردىن پىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرسەڭ ياخشىراقمىكىن دەيمەن، ئۇلاردىن ئالغان پىدىيەلەر كاپىرلارغا قارشى بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت بولار. بەلكى ئاللاھ تائالا بۇلارغا ھىدايەت قىلىپ، بىزگە ياردەمچى بولسا ئەجەپ ئەمەس.» رەسۇلۇللاھ مەندىن: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر، سېنىڭ قارىشىڭ قانداق؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ قارىشىغا قوشۇلمايمەن، مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: ماڭا ئىجازەت بەرگىن، مەن ئۆز تۇغقىنىم بولغان پالانىنىڭ كاللىسىنى ئالاي. ئەلىگە رۇخسەت بەرگىن، ئۇقەيلنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن، ھەمزەگە رۇخسەت بەرگىن، ئۇمۇ قېرىندىشىنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن، تاكى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا ۋە كاپىرلارنىڭ باشلامچىلىرىغا قارىتا زەررىچە سۆيگۈ يوقلۇقىنى كۆرسۇن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئەمەس، ئەبۇ بەكرىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ئەسىرلەردىن پىدىيە ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردىم، قارىسام رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ يىغلىشىۋاتقان ئىكەن. مەن: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى! سېنىڭ ۋە دوستۇڭنىڭ يىغلىشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ ئەگەر يىغلىيالىسام مەنمۇ يىغلاي، يىغلىيالمىسام يىغلىغان بولۇۋالاي» دېدىم. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دوستلىرىڭ

ماڭا تەكلىپ بەرگەن پىدىيە تۆلەپلا يېنىۋاتىمەن، (يېقىن ئەتراپتىكى بىر دەرەخنى كۆرسىتىپ) ئۇلارنىڭ ئازابى ماڭا ئاشۇ دەرەختىنمۇ يېقىنراق تۇيۇلدى» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (مۇشرىكلىقنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن پىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى.» 2. رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئابباس بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان چاغدا، يېنىدا 20 ئۇقىيە ئالتۇن بار ئىدى. بۇ پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدىيە ھېسابلانمىدى. ئۆزىنىڭ پىدىيەسىدىن باشقا ئىككى ئوغلىنىڭ پىدىيەسىمۇ ئۇنىڭغا يۈكلەندى ۋە ئىككىسىنىڭ ئورنىغا 80 ئۇقىيە ئالتۇن تۆلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئابباسنىڭ پىدىيەسىنى ئىككى ھەسسە ئېلىڭلار.» شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئۇنىڭدىن 80 ئۇقىيە ئالتۇن ئېلىشتى. ئابباس رەسۇلۇللاھقا: «مېنى ئۆمۈرۋايەت قۇرەيشكە موھتاج بولىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ئۇممۇ فەزلىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويغان ئالتۇنلار قەيەردە؟» ئابباس: «قايسى ئالتۇنلار؟» دېۋىدى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «سەن ئۇممۇ فەزلگە، بېشىمغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەگەر مېنىڭ بېشىمغا بىرەر ئىش كەلسە، بۇ پۇللار سېنىڭ ۋە بالاڭنىڭ بولىدۇ، دېدىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئابباس: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇنى ماڭا ئاللاھ تائالا خەۋەر قىلدى» دېۋىدى، ئابباس: «سېنىڭ توغرا گەپ

قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ھازىرغىچە سېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيتتىم» دېدى ـ دە، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇدى، ئۇلارمۇ تاغىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ مۇسۇلمان بولۇشتى. ئۇلار توغرۇلۇق مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان پىدىيىدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.»

**تەپسىرى:** 61. «ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» يەنى، ئەگەر ئۇلار سۈلھى تۈزۈش ۋە تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ سۈلھى تۈزۈش ۋە تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئەگەر ئۇلار سەندىن تەلەپ قىلغان ئىشلاردا پايدا بولسا، ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغىن. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلغىنكى، تىنچلىق بارىسىدا ئاللاھ تائالا ساڭا ياردەمچى بولسۇن. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 62. «ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن

كۆچلەندۈرىدۇ.» ـ ئەگەر ئۇلار تەييارلىق قىلىشىپلا ئۆچۈن سۈلھى ۋە تىنچلىق بىلەن سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلاشتا شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر، يېتەرلىكتۇر. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتنى خاتىرىلىتىپ مۇنداق دېدى: ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۆچلەندۈردى، ھەمدە ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سېنى ئەنسارلار ئارقىلىق كۆچلەندۈردى. 63. «ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» يەنى، ئارىلىرىدا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بولۇشىغا قارىماي، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى ھەمدە ئۇلارغا دۈشمەنلىكنىڭ ئورنىغا سۆيگۈ، بىر - بىرىدىن يىراقلىشىشنىڭ ئورنىغا يېقىنلىقنى نېسىپ قىلدى. بۇ ھەقتە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەردىكى ئادەتتىن تاشقىرى قەبىلىۋازلىققا قارىماي ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر. چۈنكى ئۇلاردىن بىرەرسى بىرەر مۇش يېگەن ھامان ئۇرۇش ئېلان قىلاتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ غەزەپلىكلىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىمان سايىسىدا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. ھەتتا كىشىلەر دىنىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆز دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ

قىلغان بولساڭمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمىگەن ۋە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالمىغان بولاتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىناق قىلدى، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا دىللارنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تامامەن قادىردۇر، ھېچقانداق بىر ئىشنى ھېكمەتسىز قىلمايدۇ. 64. «ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.» يەنى ئى پەيغەمبەر! يالغۇز ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالا بار يەردە ھېچبىر ئەھەدىگە موھتاج بولمايسىلەر. بۇ ھەقتە ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىلەن مۆمىنلەر ساڭا يېتەرلىكتۇر ۋە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.[1] 65. «ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ.» يەنى، ئى پەيغەمبەر! پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن مۆمىنلەرنى مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا

---

[1] بىرىنچى قاراشنىڭ مەنىسى مۇنداق: يېگانە بولغان ئاللاھ تائالا ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە يېتەرلىكتۇر. زەمەخشەرىي بۇ قاراشنى تاللىغان. ئىبنۇل قەييىممۇ «زاد المعاد» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، قايىل قىلارلىق دەلىللەر بىلەن بۇ قاراشنى قوللىغان. ئىككىنچى قاراش بولسا، مۇجاھىد ۋە ھەسەنۇلبەسرىدىن رىۋايەت قىلىنغان. سۇيۇتى بىلەن مەھەللى تەپسىرۇل جالالەيندە بۇ قاراشنى تاللىغان. بىرىنچى قاراش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

رىغبەتلەندۈرگىن. بۇ، مۆمىنلەردىن بولغان ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ، ئۆزىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق بولغان بىر مىللەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا دائىر ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ۋەدىسىدۇر. يەنى ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەردە ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن دۈشمەنلىرىدىن 200 كىشىنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە ئۇرۇشنىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن كاپىرلاردىن 1000 كىشىنى يېڭەلەيدۇ؛ بۇ يەردىكى «ب» ھەرپى سەۋەبنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كاپىرلار جاھىل بىر مىللەت بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ، زەپەرگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى ۋە سەۋەبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ئىشەنمەستىن ۋە ساۋاب كۈتمەستىنلا ئۇرۇش قىلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن مەغلۇب بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەردىن بىر كىشىنىڭ دۈشمەندىن ئون كىشىگە تاقابىل تۇرۇشى پەرز ئىدى. كېيىنچە، بۇ ئۇلارغا ئېغىر كەلگەندىن كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن، بىر كىشىنىڭ دۈشمەندىن ئىككى كىشىگە تاقابىل تۇرۇشى پەرز بولدى. 66. «ئاللاھ ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر.» يەنى، ئاللاھ سىلەرنى مۇشەققەتكە دۇچار

قىلغـان يۈكلەرنـى يېنىكلەتتـى، سـىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنـى بىلىـپ، ئـۇرۇش جەريانـىدا سـىلەرگە مەرھەمـەت قىلـدى. ئەگـەر سـىلەرنىڭ ئـاراڭلاردا ئـۇرۇش ساھەسـىدە چىدامـلىـق 100 ئـادەم بولىدىغـان بولسـا، بـۇلار 200 دۈشـمەننى يېڭەلەيـدۇ، ئەگـەر سـىلەرنىڭ ئـاراڭلاردا ئـۇرۇش ساھەسـىدە چىدامـلىـق 1000 ئادەم بولىدىغـان بولسـا، ئاللاھنىـڭ ئىزنـى ۋە قولايلىـق يارىتىـپ بېرىشـى بىلـەن 2000 دۈشـمەننى يېڭەلەيـدۇ. بـۇ بايانـلار، ئۇرۇشـتا چىدامـلىـق بولۇشـقا تەشـۋىق قىلماقتـا ۋە زەپـەر قازىنىلىدىغانلىقى توغرۇلـۇق خـۇش خـەۋەر بېرىـدۇ. يەنـى ئاللاھ نۇسـرىتى ۋە ياردىمـى ئارقىلـىق ھەمىشـە چىداملىقـلار بىلـەن بىللـە، ئاللاھ تائـالا كىم بىلـەن بىرگە بولسـا، غالىـب كېلىدىغان كىشـى دەل شـۇدۇر. 67. «پەيغەمبەرگـە زېمىنـدا دۈشـمەننى كۆپـرەك ئۆلتۈرمـەي تـۇرۇپ (مۇشـرىكلىقنىڭ ھەيۋىسـىنى يوقىتىـپ، ئىسـلامغا قـۇۋۋەت بەرمـەي تـۇرۇپ)، ئەسـىرلەردىن پىدىيـە ئېلىـش لايىـق ئەمـەس ئىـدى. (ئـى مۆمىنلـەر! سـىلەر پىدىيـە ئېلىـش بىلـەن) دۇنيـا مەنپەئىتىنـى كۆزلەيسـىلەر، ئاللاھ سـىلەرگە ئاخىرەتنـى (ئاخىرەتنىـڭ ساۋابىنى) تىلەيـدۇ. ئاللاھ تائـالا غالىبتـۇر، ھېكمـەت بىلـەن ئـىش قىلغۇچـىدۇر.» يەنـى، ھېچقانـداق بىـر پەيغەمبەرگـە يـەر يۈزىـدە دۈشـمەننى كۆپـرەك ئۆلتـۈرۈپ، مۇشـرىكلىقنىڭ ھەيۋىسـىنى يوقىتىـپ ئىسـلامغا قـۇۋۋەت بەرمـەي تـۇرۇپ، ئەسـىرلەردىن پىدىيـە ئېلىـش لايىـق ئەمـەس ئىـدى. بـۇ ئايـەت، پىدىيـە ئالغانلىقلـىرى ئۈچـۈن، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ۋە ئۇنىـڭ ساھابىلىرىنى ئەيىبلەيـدۇ. ئـى مۆمىنلـەر! سـىلەر پىدىيـە ئېلىـش بىلـەن ئۆتكۈنچـى دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنـى كۆزلەيسـىلەر، ھالبۇكـى، ئاللاھ سـىلەرگە ئاللاھ تائالانىـڭ دىنىنـى كۈچەيتىـش ۋە دۈشـمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشـنىڭ

بەدىلىگە ئەبەدىي بولغان ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى تىلەيدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھىي پادىشاھلىقىدا غالىبتۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مەڭگۈ تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى تەدبىر قىلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

68. «ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) پىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.» يەنى، ئاللاھنىڭ ئىجتىھاتىدا خاتا قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، ئەسىرلەردىن پىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە سىلەرنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلغان بولاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەت نازىل بولغان ھامان، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئازاب نازىل بولغان بولسىدى، بۇ ئازابتىن ئۆمەردىن باشقىسى قۇتۇلالمىغان بولاتتى. 69. «(ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىمەت ئالغان نەرسەڭلەرنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.» يەنى، ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى! ئۇرۇشتا دۈشمەنلىرىڭلەردىن غەنىمەت ئالغان نەرسەڭلەرنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، چۈنكى غەنىمەت، سىلەرنىڭ جىھادىڭلارنىڭ مېۋىسىدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ مېنىڭ رىزقىمنى قىلىچ - نەيزەمنىڭ سايىسىغا باشلىق قىلدى.» ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە چەكلىمىلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن

مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، غەنىمەتلەرنى مۇباھ قىلىش ئارقىلىق بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. 70. «ئى پەيغەمبەر! قولۇڭدىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.» يەنى، ئى پەيغەمبەر! دۈشمەنلەردىن سىلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بەدىر ئەسىرلىرىگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا ئىمان ۋە ئىخلاسمەنلىك بارلىقىنى كۆرۈپ، ئىمانىڭلارنىڭ توغرىلىقىنى بىلسە، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتى ناھايىتى مول بولۇپ، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. بۇ ھەقتە بەيزاۋىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان. رەسۇلۇللاھ، بەدىر كۈنى ئۇنىڭدىن، ئۆزىنىڭ ۋە ئىككى قېرىندىشىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇقەيل ھەم نەۋفەلنىڭ پىدىيەلىرىنى بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ: ئى مۇھەممەد! مېنى ئۆمۈرۋايەت قۇرەيشكە موھتاج بولىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇڭ، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: سەن ئۇممۇ فەزلنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويغان ئالتۇنلار قەيەردە؟ سەن ئۇممۇ فەزلگە، بېشىمغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەگەر مېنىڭ بېشىمغا بىرەر ئىش كەلسە، بۇ پۇللار سېنىڭ ۋە بالاڭنىڭ بولىدۇ، دېگەنىدىڭ ئەمەسمۇ؟ ئەنە شۇ ئالتۇنلار قەيەردە؟

دېدى. ئابباس: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: بۇنى ماڭا پەرۋەردىگارىم ئاللاھ تائالا خەۋەر قىلدى، دېدى. ئابباس: سېنىڭ توغرا گەپ قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىسەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئالتۇنلارنى ئۇنىڭغا كېچە قاراڭغۇسىدا بەرگەنىدىم، دېدى، ئابباس كېيىن مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا ماڭا ئاشۇ ئالتۇنلارنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى بەردى؛ ماڭا زەمزەمنى بەردىكى، ئۇنىڭ ئورنىغا مەككىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى بەرسىمۇ قوبۇل قىلمايمەن، مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ «سىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. 71. «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (مۇشۇ ئەسىرلەر ئىماننى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئىلگىرى ئۇلار (كۇپرى بىلەن، ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن) ئاللاھ تائالاغا خىيانەت قىلغان ئىدى، ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى. ئاللاھ (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر.» يەنى، ئى مۇھەممەد! ئەگەر بۇ ئەسىرلەر دىللىرىدا بولمىغاننى سۆزلەش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكلىرىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا، شۇنى بىلگىنكى، بەدرى ئۇرۇشىدىن بۇرۇنمۇ ئۇلار كۇپرىلىق قىلىش بىلەن ۋە ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن ئاللاھ تائالاغا خىيانەت قىلغان ئىدى، ئاللاھمۇ ئۇلارغا قارشى ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن،

سىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلغانىدى. ئەگەر ئۇلار تەكرار خىيانەت قىلسا، ئاللاھ تائالا ساڭا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىمكانىيەتنى يەنە يارىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ بولغۇسى بارلىق ئىشلارنى بىلگۈچى، ھېكمەتتى نېمىنى تەقەززا قىلسا شۇ بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر. 72. «ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (ئەنسارلار) ــ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە ئىگىدۇر (بىر - بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر - بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان، ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» يەنى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلار، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتلىرىنى ۋە ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇھاجىرلار، يۇرتلىرىدا مۇھاجىرلارغا جاي بېرىپ، رەسۇلۇللاھقا ياردەم كۆرسەتكەن ئەنسارلار ــ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، بىر - بىرىگە ياردەمچىدۇر،

بىر - بىرىگە مىراسخوردۇر. شۇ ۋەجىدىن، رەسۇلۇللاھ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق رىشتىسى ئورناتقان. ئىمان ئېيتقان، ئەمما مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغانلارغا كەلسەك، تاكى كۇپرىلىق دىيارىدىن ھىجرەت قىلغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش بولمايدۇ؛ ئەگەر دىنىنى ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك. چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. بىراق، ئۇلار سىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم بولغان بىر قەۋمگە قارشى سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇ قەۋمگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرمەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇلارنى مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە ھىجرەت قىلمىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىدى. ئالدى بىلەن مۇھاجىرلار ھەققىدە توختالدى. چۈنكى ئۇلار ئىسلامنىڭ ئاساسچىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئۆز يۇرتلىرى ۋە ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئەنسارلار ھەققىدە توختالدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەردى، پۇل - ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلدى. مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ئىگە بولۇش ۋە مىراسخورلۇق تەسىس قىلىندى. ئاللاھ تائالا ئاخىرىدا، ھىجرەت قىلمىغان مۆمىنلەرنىڭ ھۆكمى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلمىغۇچە، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئىگە بولۇش ۋە

مىراسخورلۇقتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئۈچ تۈرلۈك مۆمىنلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، كاپىرلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: 73. «كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر - بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ.» يەنى، كاپىرلارمۇ كۇپرىلىق ۋە گۇمراھلىقتا بىر مىللەت بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇلارغا دوست بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىلەر مۆمىنلەرنى دوست تۇتۇش ۋە كاپىرلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا كاپىرلار كۈچلۈك، مۆمىنلەر ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېدى: 74. «ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ.» يەنى، ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ يولىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە جىھاد قىلغانلار ـ بۇلار تۇنجى مۇسۇلمانلار ھېسابلىنىدۇ، يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەن ئەنسارلار ـ ئەنە شۇلار ئېتىقادىي جەھەتتىن تاكامۇللاشقان ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئېسىل

رىزىقلارغا ئىگە بولىدۇ. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتلەردە تەكرارلىق يوقتۇر، ئالدىنقى ئايەتلەر مۆمىنلەر ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە ئىگە بولۇش ۋە مىراسخورلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ ئايەتلەردە بولسا، مۆمىنلەر مەدھىيەلەنمەكتە، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى سۆزلەنمەكتە بېرىلمەكتە ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئېسىل رىزىقلارنىڭ تەييارلاپ قويۇلغانلىقى بايان قىلىنماقتا. 75. «كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» ـ كېيىن ئىمان ئېيتىپ، تۇنجى قېتىملىق ھىجرەتتىن كېيىن يەنە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، سىلەر بىلەن بىللە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارمۇ سىلەردىن سانىلىدۇ. ساۋاب ۋە ئەسىرلەر توغرۇلۇق بېرىلگەن ھۆكۈم، ئالدىنقى ئايەتلەردە مۆمىنلەر ھەققىدە بېرىلگەن ھۆكۈملەرگە ئوخشايدۇ. بۇلار تۆتىنچى قىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى ۋە ئىلاھىي قانۇنىدا، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولۇشقا ياتلاردىن ئەڭ ھەقلىقتۇر. بۇ ھەقتە ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، دىن قېرىنداشلىقى ۋە قەسەم قىلىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇش ھۆكمىنى بىكار قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىلمى ئارقىلىق ھەر شەيئىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا قانۇنلۇق قىلىپ بەرگەن ھەممە ئىشتا ھېكمەت، ساۋاب ۋە ياخشىلىق باردۇر: «بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە

پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھوزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار.» بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى مىسلىسىز بەدىئىيلىككە ئىگە پارلاق سۆزلىرى بىلەن تاماملاندى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «ئەنفال سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

# تەۋبە سۈرىسى

**مەدىنىدە نازىل بولغان، 129 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ مۇبارەك سۈرە، شەرئىەت قانۇنلىرى جەھەتتىن ئىغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان مەدىنە سۈرىلىرىدىن بىرى بولۇپ، رەسۇلۇللاھقا نازىل بولغان ئاخىرقى سۈرىلەردىندۇر. بۇخارىينىڭ بەرا ئىبنى ئازىبتىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرە «بەرائە سۈرىسى»دۇر. بۇ ھەقتە ھافىز ئىبنى كەسىرنىڭ رىۋايىتى مۇنداق: بۇ سۈرىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىش ئەسناسىدا نازىل بولغان. شۇ يىلى رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەج ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىدىن قايتقان ھامان، بۇ ئايەتلەردىكى ئەھكاملارنى ئۆز نامىدىن تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدىن ئەۋەتتى. بۇ سۈرە ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلى نازىل بولغان. شۇ يىلى رەسۇلۇللاھ ۋىزانتىيە غازىتىغا چىققان يىل ئىدى. بۇ غازات، رەسۇلۇللاھ چىققان غازاتلار ئارىسىدا تەبۇك غازىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ غازات مەزگىلىدە ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، سەپەر

ۋاقتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، مېۋىلەر پىشىپ، كىشىلەر ھاياتىنىڭ نېمەتلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن بىر مەزگىل ئىدى. بۇ غازات ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا قانچىلىك دەرىجىدە ساداقەتمەن ۋە ئىخلاسمەن ئىكەنلىكى سىنالغان ھەمدە مۆمىنلەر بىلەن مۇناپىقلار ئايرىپ چىقىلغان.

بۇ سۈرىنىڭ باشقا ئەھكاملاردىن سىرت يەنە تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئىككى نىشانى بار: 1. مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە ئىسلام قانۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش. 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ۋىزانتىيەگە قارشى غازاتقا چاقىرغان ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بايان قىلىش.

بىرىنچى نىشانغا ئاساسەن، بۇ سۈرىدە مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەر تىلغا ئېلىنىپ، بۇ كېلىشىملەرنىڭ چەك - چېگرالىرى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشلىرىنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ. مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلىنىدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەھلى كىتابنىڭ شۇ يەردە قېلىشىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ جائىزلىقىنىڭ پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەھلى كىتاب ئوتتۇرىسىدا كېلىشىملەر بولغىنىدەك، رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىشىم ۋە ئەھدىنامىلەر بار ئىدى. بىراق، مۇشرىكلار بۇ كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش

ئۈچۈن ئۇدا بىرقانچە قېتىم يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىكتە مەخپىي يوسۇندا تۈزاق قۇرۇشتى. بەنى نەزىر، بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى قەينۇقا قاتارلىق يەھۇدىي قەبىلىلىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن تۈزگەن كېلىشىملەرگە خىيانەت قىلىپ، كۆپ قېتىم كېلىشىملەرنى بۇزدى. دۈشمەنلىرى ئەھدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان شارائىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىشى ئاقىلانىلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇ مۇبارەك سۈرە، مەزكۇر كېلىشىملەرنى بىكار قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن، ھەممىگە بىلدۈرۈپ دۈشمەننىڭ ئالدىغا تاشلاش ئۈچۈن نازىل بولدى. چۈنكى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان تەرەپلەر پۇرسەت تاپقان ھامان خىيانەت قىلماي قالمايدۇ. بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈپ تاشلانغانلىقىنى، جۈملىدىن مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا نە بىر كېلىشىم، نە بىر تىنچلىق قالمىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئىلگىرى ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە پۇرسەت بەرگەنىدى. بۇ پۇرسەت، ئۆزلىرى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشلىرى ۋە ئۆزلىرى پايدىلىق بولغانلارنى تاللاشلىرى ئۈچۈن يەر يۈزىدە تىنچ - ئامان ئايلىنىپ چىقىدىغان ئۆچ ئايلىق بىر ساياھەت ئىدى. بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ باش قىسمى بۇ ھەقتە نازىل بولغان: «(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش (مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر.»

ئاندىن، ئەھلى كىتابتىن كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلغانلار-

غا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئايەتلەر نازىل بولدى: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار...» ئۇلار توغرۇلۇق نازىل بولغان ئايەتلەر 20 گە يېقىن. ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتلەردە، ئەھلى كىتاب يوشۇرغان قەبىھ ئىشلارنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن قەبىھلىك، ئالدامچىلىق، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىكنى پاش قىلدى. بۇ باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان: رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى ۋىزانتىيەگە قارشى ئۇرۇشقا چاقىرغان ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ قانداقلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشتۇر. ئايەتلەر، غازاتقا ئاتلىنىشتا تېز ھەرىكەت قىلمىغان ۋە غازاتقا چىقماي قېلىپ قالغان مۇسۇلمانلار ھەم توسالغۇ بولماقچى بولغانلار توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىغۋاگەرلىكچىلىكلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق ۋاستىلىرى، يىتىنە شەكىللىرى ۋە مۆمىنلەرنى قانداقلارچە ياردەمسىز قالدۇرغانلىقلىرىدىن ئىبارەت بىشەملىكلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. قىسقىسى، ئايەتلەر ئۇلارنىڭ بارلىق ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئايەتلەرنىڭ «ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇراھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى» دېگەن قىسمىدىن تارتىپ، «تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ ئۆلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ سالغان مەسجىدى (يەنى مەسجىدى زىرار) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق)نىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ئاللاھ (مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى)

بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى جازالاشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر...» دېگەن قىسمىغىچە ئۇلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىر قىسىم ساھابىلەر بۇ سۈرىنى «ئەيىبلەرنى پاش قىلغۇچى سۈرە» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى بۇ سۈرىدە مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە مەخپىي پىلانلىرى پاش قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى جۇبەيىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ «فازىھە»، يەنى «ئەيىبلەرنى پاش قىلغۇچى سۈرە»دۇر. بۇ ئايەتلەر توختىماستىن «ئۇلارنىڭ بىر قىسمى... ئۇلارنىڭ بىر قىسمى» دەيتتى، ھەتتا بىز بۇ ئايەتلەر ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قالدۇرۇپ قويمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ كەتتۇق. ھۇزەيفە ئىبنى يەمامە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر بۇ سۈرىنى ‹تەۋبە سۈرىسى› دەپ ئاتاۋاتىسىلەر، ھالبۇكى بۇ سۈرە ئازاب سۈرىسىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۈرىدە مۇناپىقلارنىڭ پۈتكۈل ئەيىب - نۇقسانلىرى پاش قىلىنغان ھەمدە رەزىللىك پەردىلىرى يىرتىپ تاشلانغان. بۇ سۈرىدە بىسمىللاھنىڭ بولماسلىقىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەرائە سۈرىسىدە نېمە ئۈچۈن <بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم> يېزىلمىدى؟ دەپ سورىدىم، ئۇ: چۈنكى، <بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم> بىخەتەرلىك تۈيغۇسى بېغىشلاش ئىپادىسىدۇر، ھالبۇكى، بەرائە سۈرىسى ئۇرۇش ئەمرى بىلەن نازىل بولغان، ئۇنىڭدا بىخەتەرلىك تۈيغۇسى بېغىشلاش ئىپادىسى يوق، دەپ جاۋاب بەردى». بۇ ھەقتە سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: شۇ سەۋەبتىن بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا «بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» يېزىلمىغان:

بىسمىللاھ رەھمەتتۇر، رەھمان بولسا ئامانلىق، يەنى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېغىشلاشتۇر. ھالبۇكى، بۇ سۈرە مۇناپىقلار ۋە ئۇرۇشلار توغرۇلۇق نازىل بولغان. مۇناپىقلارغا بولسا ئامانلىق يوقتۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇبارەك سۈرە، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇلار بولسا مۇشرىكلاردىنمۇ خەۋپلىك بولغان مۇناپىقلاردۇر. دېمەك، بۇ سۈرىدە ئەنە شۇ مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرى ۋە رەزىللىكلىرى پاش قىلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىپ، رەزىل پەردىلىرى يىرتىپ تاشلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىغا قارشى تۈزاق قۇرۇشتا شۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنكى، ئىسلام دىنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەيران قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى پارچىلاش مەقسىتىدە پىتنە ئۇرۇقى چېچىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىنى مۇناپىقلىقنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق خىيانەتكارلارچە تۈزاقلىرىنى «مەسجىدى زىرار» دەپ ئاتالغان مەسجىدلىرىدە قۇراتتى. بۇ مەسجىد ھەققىدە بۇ سۈرىدە تۆت ئايەت نازىل بولدى: «بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (ئەبۇئامىر راھىب)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز

يالغانچىلاردۇر.» بۇ ئايەت نازىل بولغان هامان رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە: «بېرىپ، ئاھالىسى زالىم بولغان مەسجىدنى يىقتىپ دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرى، تۇزاقلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە رەزىل قىلمىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇش، ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى زەپەرگە ئېرىشتۈرۈشتە ئاللاھ تائالا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر رەسۋا قىلىدۇ» دېدى.

**سۈرىنىڭ ئىسمى:** بۇ سۈرە كۆپ خىل ئىسىملار بىلەن ئاتالغان. بەزى مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، بۇ سۈرىنىڭ 14 تۈرلۈك ئىسمى بار. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئالىم زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۈرىنىڭ بىرقانچە ئىسمى باردۇر. بۇلار بەرائە، تەۋبە، مۇقەشقىشە، مۇبەئسىرە، مۇشەررىدە، مۇخزىيە، فازىھە، مۇسىيرە، ھافىرە، مۇنەككىلە، مۇدەمدىمە، ئەزھاب قاتارلىقلار. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى بۇ سۈرىدە مۆمىنلەرنىڭ تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ سۈرىدە مۇناپىقلىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ. بۇ سۈرىدە مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرى پاش قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ رەسۋا قىلىنىدۇ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ چاۋىسى چىقتا يېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈمپەردىلىرى يىرتىپ تاشلىنىپ، ھالاك بولىدىغانلىقى جاكارلىنىدۇ.

بَرَآءَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ
ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١ فَسِيحُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَرۡبَعَةَ أَشۡهُرٖ وَٱعۡلَمُوٓاْ
أَنَّكُمۡ غَيۡرُ مُعۡجِزِي ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُخۡزِي ٱلۡكَٰفِرِينَ ٢
وَأَذَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلنَّاسِ يَوۡمَ ٱلۡحَجِّ ٱلۡأَكۡبَرِ
أَنَّ ٱللَّهَ بَرِيٓءٞ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ وَرَسُولُهُۥۚ فَإِن تُبۡتُمۡ فَهُوَ
خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّكُمۡ غَيۡرُ مُعۡجِزِي
ٱللَّهِۗ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ٣ إِلَّا ٱلَّذِينَ
عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ثُمَّ لَمۡ يَنقُصُوكُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَمۡ
يُظَٰهِرُواْ عَلَيۡكُمۡ أَحَدٗا فَأَتِمُّوٓاْ إِلَيۡهِمۡ عَهۡدَهُمۡ إِلَىٰ
مُدَّتِهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ٤ فَإِذَا ٱنسَلَخَ ٱلۡأَشۡهُرُ
ٱلۡحُرُمُ فَٱقۡتُلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَيۡثُ وَجَدتُّمُوهُمۡ وَخُذُوهُمۡ
وَٱحۡصُرُوهُمۡ وَٱقۡعُدُواْ لَهُمۡ كُلَّ مَرۡصَدٖۚ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ
ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ٥ وَإِنۡ أَحَدٞ مِّنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ٱسۡتَجَارَكَ فَأَجِرۡهُ
حَتَّىٰ يَسۡمَعَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ أَبۡلِغۡهُ مَأۡمَنَهُۥۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
قَوۡمٞ لَّا يَعۡلَمُونَ ٦ كَيۡفَ يَكُونُ لِلۡمُشۡرِكِينَ عَهۡدٌ عِندَ
ٱللَّهِ وَعِندَ رَسُولِهِۦٓ إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ
ٱلۡحَرَامِۖ فَمَا ٱسۡتَقَٰمُواْ لَكُمۡ فَٱسۡتَقِيمُواْ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ
يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ٧ كَيۡفَ وَإِن يَظۡهَرُواْ عَلَيۡكُمۡ لَا يَرۡقُبُواْ
فِيكُمۡ إِلّٗا وَلَا ذِمَّةٗۚ يُرۡضُونَكُم بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَتَأۡبَىٰ قُلُوبُهُمۡ
وَأَكۡثَرُهُمۡ فَٰسِقُونَ ٨ ٱشۡتَرَوۡاْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلٗا

فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِهِۦٓۚ إِنَّهُمۡ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٩ لَا
يَرۡقُبُونَ فِي مُؤۡمِنٍ إِلّٗا وَلَا ذِمَّةٗۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُعۡتَدُونَ ١٠
فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي
ٱلدِّينِۗ وَنُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ١١ وَإِن نَّكَثُوٓاْ
أَيۡمَٰنَهُم مِّنۢ بَعۡدِ عَهۡدِهِمۡ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمۡ فَقَٰتِلُوٓاْ
أَئِمَّةَ ٱلۡكُفۡرِ إِنَّهُمۡ لَآ أَيۡمَٰنَ لَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَنتَهُونَ ١٢
أَلَا تُقَٰتِلُونَ قَوۡمٗا نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ وَهَمُّواْ بِإِخۡرَاجِ
ٱلرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٍۚ أَتَخۡشَوۡنَهُمۡۚ فَٱللَّهُ أَحَقُّ
أَن تَخۡشَوۡهُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ١٣ قَٰتِلُوهُمۡ يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ
بِأَيۡدِيكُمۡ وَيُخۡزِهِمۡ وَيَنصُرۡكُمۡ عَلَيۡهِمۡ وَيَشۡفِ صُدُورَ
قَوۡمٖ مُّؤۡمِنِينَ ١٤ وَيُذۡهِبۡ غَيۡظَ قُلُوبِهِمۡۗ وَيَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَىٰ
مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ١٥ أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تُتۡرَكُواْ
وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَلَمۡ يَتَّخِذُواْ مِن
دُونِ ٱللَّهِ وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَلِيجَةٗۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ
بِمَا تَعۡمَلُونَ ١٦ مَا كَانَ لِلۡمُشۡرِكِينَ أَن يَعۡمُرُواْ مَسَٰجِدَ
ٱللَّهِ شَٰهِدِينَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِم بِٱلۡكُفۡرِۚ أُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ
أَعۡمَٰلُهُمۡ وَفِي ٱلنَّارِ هُمۡ خَٰلِدُونَ ١٧ إِنَّمَا يَعۡمُرُ مَسَٰجِدَ
ٱللَّهِ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى
ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمۡ يَخۡشَ إِلَّا ٱللَّهَۖ فَعَسَىٰٓ أُوْلَٰٓئِكَ أَن يَكُونُواْ
مِنَ ٱلۡمُهۡتَدِينَ ١٨ ۞ أَجَعَلۡتُمۡ سِقَايَةَ ٱلۡحَآجِّ وَعِمَارَةَ
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ كَمَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَجَٰهَدَ

فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ لَا يَسۡتَوُۥنَ عِندَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ أَعۡظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾ يُبَشِّرُهُمۡ رَبُّهُم بِرَحۡمَةٖ مِّنۡهُ وَرِضۡوَٰنٖ
وَجَنَّٰتٖ لَّهُمۡ فِيهَا نَعِيمٞ مُّقِيمٌ ﴿٢١﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۚ إِنَّ
ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿٢٢﴾

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەدر ئۇرۇشىدا، قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب... 

قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى ساھابىلىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلدى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، دەپ ئابباسنى ئەيىبلەشكە باشلىغان. ئابباس مۇنداق دېگەن: «نېمە ئۈچۈن يامانلىقلىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ياخشىلىقلىرىمىزنى يوشۇرۇسىلەر؟» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەرنىڭ تېخى ياخشىلىقلىرىڭلارمۇ بارمىتى؟» دەپ سورىغان. ئابباس: «شۇنداق، بىز مەسجىدى ھەرەمنى رېمونت قىلىپ، كەئبىنى قوغدايمىز، ھەج قىلغۇچىلارغا سۇ بېرىپ، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىمىز» دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: «مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇپرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (كاپىرلىق بىلەن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس،

ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا قالىدۇ.»

**تەپسىرى:** 1. «(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش ئېلانىدۇر.» يەنى بۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش (مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئاگاھلاندۇرۇشى. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەھدىلىرىنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئېتىشقا بۇيرۇدى. رەسۇلۇللا، ئىنسانلارغا ھەج ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەج ئەمىرى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئاندىن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى خەلققە بىلدۈرۈپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېرىپ كىشىلەرگە تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك ئىشنى ئۇقتۇردى:

1. بۇ يىلدىن باشلاپ ھېچقانداق بىر مۇشرىكنىڭ كەئبىگە يېقىنلىشىشىغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ.

2. قىپيالىڭاچ ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

3. جەننەتكە مۇسۇلمانلاردىن باشقىلىرى كىرەلمەيدۇ.

4. رەسۇلۇللاھ بىلەن بىراۋنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم بولسا، مۇددىتى توشقانغا قەدەر كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاللاھ ۋە

ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدادۇر.

2. «(ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە) تۆت ئاي يۈرۈڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ كاپىرلارنى خور قىلغۇچىدۇر.» يەنى ئى مۇشرىكلار! يەر يۈزىدە تىنىچ ھالدا خالىغىنىڭلارچە تۆت ئاي يۈرۈڭلار، بىزدىن سىلەرگە ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدۇ. بۇ تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمردۇر. بىلىڭلاركى، گەرچە ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ مۇددەت ئىچىدە ۋاقىتلىق مۆھلەت بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، يەنە شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ كاپىرلارنى دۇنيادا ئەسىرگە ئېلىنىش ۋە قەتل قىلىنىش بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازاب بىلەن خور قىلغۇچىدۇر. 3. «(بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدادۇر. ئەگەر (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەرگە (گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن) ياخشىدۇر، ئەگەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.» يەنى بۇ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە جاكارلىغان خىتابنامىسىدۇر. بۇ خىتابنامە چوڭ ھەج كۈنىدە، يەنى ھەج قىلىش ئىبادىتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۈنى بولغان قۇربانلىق قىلىش كۈنىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ ھەقتە زەمەخشەري مۇنداق دەيدۇ: ئۆمرە «كىچىك ھەج» دەپ

ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ چوڭ ھەج دەپ ئاتالغان. بۇ ئىلان ئۇلارغا، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرىدىن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە. ئەگەر كۇفرىدىن تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا قايتساڭلار، بۇ سىلەرگە گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن ياخشىدۇر، ئەگەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، زالالەت ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. كاپىرلارغا قاتتىق ۋە دەھشەتلىك ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى بېشارەت دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدا ئۇلار ئۈچۈن چوڭ تەھدىت بار. 4. «ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ.» يەنى، مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ، خاتا چۈشىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەنىسىدىكى بىر ئىستىسنادۇر. يەنى ئى مۆمىنلەر، ئەھدەڭلەرگە ۋاپا قىلىپ، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ مۇددىتى توشقانغا قەدەر

رىئايە قىلىشقىلار، ئۇلارغا ئەھدىسىگە رىئايە قىلمىغانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماڭلار، ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغانلار بىلەن قىلمايدىغانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماڭلار. يەنى، سىلەر كېلىشىمنىڭ ھېچقانداق بىر ماددىسىغا خىلاپلىق قىلماڭلار، سىلەرگە قارشى دۈشمەنلىرىڭلارغا ياردەم بەرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان، ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىدىغان تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەمدە بۇنىڭ تەقۋادارلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۆمىنلەرنى ئاگاھلاندۇرغان بىر جۈملىدۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: كىنانە قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ كېلىشىمنىڭ مۇددىتىنىڭ توشۇشىغا توققۇز ئاي بار ئىدى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمنىڭ مۇددىتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىشقا بۇيرۇدى. 5. «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر.» ـ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەندە، مەيلى ھەرەمدە بولسۇن ياكى باشقا جايلاردا بولسۇن، مۇشرىكلارنى قەيەردە ۋە قاچان ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈڭلار. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: مەيلى

ھەرەمدە بولسۇن، مەيلى باشقا جايلاردا بولسۇن، مەيلى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن، مۇشرىكلارنى قەيەردە ۋە قاچان ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارنى تۇتۇپ ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، دۆلەتلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرىگە يول قويماڭلار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۇلار قەلئەلىرىگە كىرىۋالسا، ئۆلتۈرۈلگەن ۋە مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇر بولغانغا قەدەر ئۇلارنى قامال قىلىڭلار ھەمدە ئۇلار كىرەلەيدىغان بارلىق يوللارنى نازارەت قىلىپ، ئۇلار ئۆتۈشكە تېگىشلىك يوللارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، ئۇرۇش ياكى يوق قىلىش ۋاستىسى ھەمدە ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار شېرىكتىن تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە پەرز قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇسا ۋە زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، ھەرگىزمۇ تۇتۇپ تۇرماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبە قىلىپ ئۆزىگە قايتقۇچىلارغا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر. 6. «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر.» يەنى ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق ۋە ھىمايە

قىلىشىڭنى تىلىسە، تاكى ئۇ قۇرئاننى ئاڭلاپ، پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولمىغان مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ، سەن ئۇنى چاقىرغان قۇرئان كەرىم ۋە تەۋھىدنى ئاڭلاش ئۈچۈن سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ناھايىتى گۈزەل مۇئامىلە ۋە ئېسىل ئەخلاقتۇر. چۈنكى مەقسەت، كاپىرلار ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە پېتىپ قالغان گۇمراھلىقنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر ئۇلارنى قايىل قىلىپ توغرا يولغا باشلاشتۇر. ئاندىن ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرىشنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنى زۇلۇم ۋە خىيانەتكە ئۇچرىماستىن جېنى ۋە مېلى ئامان تاپىدىغان جايىغا يەتكۈزۈپ قويغىن، مۇشرىكلارغا ئامانلىق بېرىش ئەمرى، ئۇلارنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇقمايدىغان قەۋم بولغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر. شۇڭا، قۇرئاننى ئاڭلاپ، پىكىر يۈرگۈزگەنگە قەدەر ئۇلارغا ئامانلىق بېرىش لازىم. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تەئالا مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 7. «ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قارىشىچە، (ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان) مۇشرىكلاردا قانداقمۇ مۇئاھىدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟ ئەمما مەسجىدى ھەرەم يېنىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار ئەگەر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار،

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى (پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ.» بۇ ئىنكار قىلىش ۋە يىراق ساناش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سوئالدۇر. يەنى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قارىشىچە، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان مۇشرىكلاردا قانداقمۇ مۇئاھىدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟ ئاندىن ئاللاھ تەئالا خاتا چۈشىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ئەمما مەسجىدى ھەرەم قېشىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئىبنى ئابباس: «بۇلار مەككە ئەھلى» دەيدۇ. ئىبنى ئىسھاق بولسا: «بۇلار بەنى بەكىر قەبىلىلىرىدۇر، رەسۇلۇللاھ بىلەن قۇرەيشلەر ئارىسىدا ھۇدەيبىيەدە توختىتىلغان ۋاقىتقا بۇلارمۇ داخىل ئىدى. ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەھدىسىنى بۇزمىغانلار بىلەن بولغان مۇئاھىدىنىڭ مۇددىتىنىڭ توشۇشىنى بۇيرۇدى.» ئەگەر ئۇلار ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ئەھدەڭلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. بۇ ئايەتنى تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئۇلار سىلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلمىغان تەقدىردە، سىلەرمۇ ئۇلارغا قىلغان ئەھدەڭلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى دوست تۇتىدۇ. 8. «مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خۇش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (ئاغزىدا

چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر» ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىشى ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جۈملە تەكرارلانغان. يەنى ئەھۋالى ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق، مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئەھدىگە ۋاپا قىلىش دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھدە تۈيغۇسىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشىنىڭ تولىمۇ يىراقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭلار، سىلەرنى پەقەت ياغلىما گەپلەر بىلەن ئېغىزلىرىدىلا خۇش قىلىدۇ، ھالبۇكى دىللىرىدا ۋەدىسىدە تۇرۇشنى خالىمايدۇ. بۇ ئايەتنى تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەن تولۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار دىللىرىدا سىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى تەستىق قىلىش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى ئەھدىسىنى بۇزغۇچى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى پاسىقلاردۇر. 9. «ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال - مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!» يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى دۇنيانىڭ مال - مۈلۈكلىرىدىن ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

10. «ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.» يەنى ئەگەر قۇربى يەتسە، ئۇلار مۆمىنلەرنى ئۆلتۈرۈشتە نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەر سىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە گۇمراھلىقتا تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. 11. «ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار بولىدۇ. ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.» يەنى، ئەگەر ئۇلار كۇفرىدىن تەۋبە قىلىپ، ھىدايەتكە قايتسا، ناماز ئوقۇسا ۋە زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار بولىدۇ. شۇڭا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت جەھەتتىن ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سىلەر نېمىدىن بەھرىمەن بولساڭلار، ئۇلارمۇ شۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇقۇمۇشلۇق ۋە ئاڭلىق قەۋم ئۈچۈن، ھۆججەت ۋە دەلىللىرىمىزنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىمىز. بۇ جۈملە، چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە پىكىر - تەپەككۇر قىلىشقا تەشۋىق قىلىدىغان قىستۇرما جۈملىدۇر. 12. «ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق.» يەنى ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا، ئەيىبلەش ۋە قارىلاش ئارقىلىق دىنىڭلارغا ھاقارەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە يولباشچىلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ

قەسەملىرىنىڭ ۋە ئەھدىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق. ئۇلارنىڭ ئېغىر گۇناھلاردىن چەكلىنىشلىرى ۋە ئىسلام دىنىغا قارا چاپلاشتىن ۋاز كېچىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار. بۇ ھەقتە بەيزاۋىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردىكى «ب» «ئۇرۇش ئېچىڭلار» پېئىلى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. يەنى، ئۇرۇشتىن مەقسىتىڭلار، ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرنىڭ قىلغىنىدەك ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ۋاز كەچتۈرۈش بولسۇن.

13. «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر.)» بۇ ئايەت، مۆمىنلەرنى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. يەنى ئى مۆمىنلەر جامائەسى! نېمىدەپ ئەھدە بەرگەندە ئىچكەن قەسىمىنى بۇزۇپ، دىنىڭلارنى سۆككەن بىر قەۋمگە قارشى ئۇرۇش ئاچمايسىلەر؟ ئۇلار ئاراڭلاردىن پەيغەمبەرنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن دارۇن نەدۋە ـ كېڭەش زالىدا كېڭەشكەندە، ئۇنى مەككىدىن سۈرگۈن قىلىش ئۈچۈن قەتئىي قارار چىقىرىشقانىدى. ئالدى بىلەن ئۇرۇش ئېلان قىلغانلار ئەنە شۇلاردۇر، دەرۋەقە، ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتتىپاداقداشلىرىڭلاردىن خۇزائە قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، ئالدى بىلەن ئۇرۇش ئېلان قىلغۇچىلار ئەڭ زالىمدۇر، ئۇنداقتا نېمىدەپ ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچمايسىلەر؟ ياكى بولمىسا ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئۇلاردىن ئۆزۈڭلارغا بىرەر زىيان يېتىپ قېلىشىدىن قورقىنىڭلار ئۈچۈن، ئۇلار

بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىۋاتامسىلەر؟ ئەگەر ئازابى ۋە ساۋابىغا ئىشىنىدىغان مۆمىن بولساڭلار، ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان تەقدىردە، سىلەرنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئاللاھ تائالادىن قورقۇشۇڭلار ئەڭ لايىقتۇر. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقىي ئىماننىڭ ئالامىتى شۇكى، ھەرقانداق بىر مۆمىننىڭ پەرۋەردىگارىدىن باشقىلاردىن قورقماسلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىغا قىلچە پەرۋا قىلماسلىقىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنى ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاشكارا ھالدا ئۇرۇشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 14. «ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (تەسەللى) بېرىدۇ.» يەنى، ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. سىلەرنىڭ ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىشىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ قولى بىلەن ئۇلارنى جازالىشى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلار ئۈچۈن بىر جىھاد ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئەسىرگە چۈشۈرۈش ۋە مەغلۇب قىلىش ئارقىلىق خور قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىش، كاپىرلارنى جازالاش ۋە ئۇلارنى خور قىلىش ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (تەسەللى) بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يەمەنلىك بىر قەۋم بولۇپ، مەككىگە بېرىپ مۇسۇلمان بولۇشتى. مەككىلىكلەردىن ناھايىتى كۆپ ئەزىيەتكە دۇچ كېلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھقا شىكايەت قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «سىلەرگە خۇش خەۋەر، بۇ مۇشكۈلاتتىن پات يېقىندا قۇتۇلىسىلەر» دېدى. 15. «ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» - ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىق، ئاداۋەت، مۇشكۈلات، غەم - غۇسسەدىن خالاس قىلىدۇ. بۇ جۈملە «ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (تەسەللى) بېرىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ تەكىتلىنىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ، مۆمىنلەرگە دۈشمەنلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن جازالاشنى ئېھسان قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە خۇشال قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە رازى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرگە دۈشمەنلەرگە ئۇرۇش ئېچىشنى ئەمر قىلدى ۋە ئۇرۇشتا بەش تۈرلۈك پايدا بارلىقىنى بىلدۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنداقتا ھەممىسى مۇجەسسەم قىلىنغىنىدا قانداق بولىدۇ؟ بۇ يۇقىرىدىكى بايانلار بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئايرىم بىر جۈملىدۇر. يەنى ئەبۇ سۇفيانغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن كىمنى خالىسا تەۋبە قىلىش ۋە ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ پۈتكۈل سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچى بولۇپ، ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنىڭغا قىلچە مەخپىي ئەمەس، ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇپ، قانداقلىكى بىر ئىشنى قىلمىسۇن ئۇنىڭدا ھېكمەت ۋە پايدا باردۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ

گۈزەل شەكىلدە ئىشقا ئاشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلارنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن خەۋەر قىلىشى بولسا كاتتا مۆجىزىدۇر. 16. «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھ تائالادىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز (سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» بۇ يەردىكى «ئەم» قوشۇمچىسى «مۇنقەتىئە» بولۇپ، «بەل» مەنىسىدە كەلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەت مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ياكى سىلەر ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھ تائالادىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز (سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟ ئايەتتىكى مەلۇماتتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ مەخپىي بىر ئىشنى بىلىشى ئەمەس، بەلكى بىلگەنلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى غەيب ھالىتىدىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە، ئىنسانلارنىڭ نامە - ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ئۈچۈن بىلگەنلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى مەقسەت قىلغاندۇر. ئى مۆمىنلەر! ياكى سىلەر ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھ تائالادىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز، (سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇ ئايەتنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق:

ئاللاھ تەئالا ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىيدىغان بىر سىناقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرمەيدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ پۈتكۈل قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ، ھېچقانداق بىر ئىش ئۇنىڭدىن قىلچە مەخپىي ئەمەس. 17. «مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (كاپىرلىق بىلەن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا قالىدۇ.» يەنى، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ ھەرقانداق مەسجىدىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ۋە مۇناسىپ ئەمەس، دەرۋەقە ئۇلار پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكلىرىنى نامايەن قىلىپ تۇرۇشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەتتە مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىڭنى ئورۇنداشقا تەييارمەن، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر، بىراق بىر شېرىكىڭ باركى، ئۇمۇ ساڭا ئائىتتۇر، سەن ئۇنىڭغىمۇ، ئۇ ئىگە بولغان نەرسىلەرنىڭمۇ ساھىبىسەن.» ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق بۇتلارنى نەزەردە تۇتۇشاتتى. ئۇلار بۇتلىرىنى بەيتۇللاھنىڭ سىرتىغا تىكلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنى قىپيالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلىشاتتى ۋە ھەر بىر تاۋاپ قىلغانلىرىدا بۇتلارغا سەجدە قىلىشاتتى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئۇلارنىڭ ئىككى تۈرلۈك زىت ئىشنى قىلىشى توغرا ئەمەس. يەنى ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئىنكار قىلىشلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھنىڭ

مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولىدۇ، ئۇلار ئازاب - ئوقۇبەتلىك دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ. 18. «ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.» يەنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازلارنى تەدىل - ئەركان بىلەن ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن قورقمىغان مۆمىنلەرگىلا يارىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى ھىدايەت تاپقۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، قۇرئاندا كەلگەن ۋە ئۈمىد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئەسى» ئىبارىلىرىنىڭ ھەممىسى قەتئىيلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇنغا (بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر» دېگەن ئايىتىدىمۇ شۇ مەنىدە كەلتۈرۈلگەن. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق يېرىدە كەلسە كەلسۇن، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولسا قەتئىيلىك ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە «ئەسى» پېئىلىنىڭ كەلتۈرۈلۈشى، مۇشرىكلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلار

قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىدۇ. چۈنكى، كىمدە بۇ تۆت خىسلەت تېپىلسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھىدايەت تېپىشى ئۈمىد قىلىنغان كىشىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ خىسلەتلەردىن خالىي بولغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئايەت، ئۈمىدتىنمۇ كۆرە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنى تاللاشنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ياخشى ئەمەللەرگە ئالدانماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. 19. «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» بۇ خىتاب مۇشرىكلارغا قارىتىلغان.[1] بۇ يەردىكى سوئال ئىنكار ۋە ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئى مۇشرىكلار جامائەسى! سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ ئىمانىغا ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ بۇ ئاپباسقا بېرىلگەن جاۋابتۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېگەنىدى: سىلەر بىزدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ۋە ھىجرەت قىلغان بولساڭلار، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزمۇ مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلاتتۇق ۋە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى

[1] ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە قاراڭ!

قىلىش بىلەن پەخىرلەنگەن بىر جامائەنى ئەيىبلىشىدۇر. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا، پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن پەخىرلەنگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مۇشرىكلار بىلەن مۆمىنلەر، مۇشرىكلارنىڭ ئەمەللىرى بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ئەمەللىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ھەرگىزمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. بۇ قىسىم ئالدىنقى قىسىمنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە. يەنى ئاللاھ تائالا زالىم قەۋمنى ھەقىقەتنى بىلىشكە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئايەت مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن، شۇنداقلا مۇشرىكلارنىڭ بىھۇدە ئەمەللىرىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەقبۇل قىلىنغان ئەمەللىرى بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇشرىكلار بىلەن مۆمىنلەر ئارىسىدا ئوخشاشلىقنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلارنىڭ زالىملار ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. چۈنكى ئۇلار ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىرىدەك، ھەرەم مەسجىدىدە بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ھەرەم مەسجىدىگە زۇلۇم قىلىشتى. ئاللاھ تەئالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە، مۆمىنلەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقلىرىنى، مۇشرىكلارنىڭ بولسا بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» 20. «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب

تېپىش بىلەن) مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» بۇ ئايەت، جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن مۆمىنلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. يەنى ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى، يۇرتلىرىدىن ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق بەدەنلىرىنى شېرىكنىڭ كىرلىرىدىن پاكلىغانلار، ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ۋە ئېرىشىدىغان ساۋابلىرى ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنىڭكىگە قارىغاندا ئەڭ كاتتىدۇر. دېمەك نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەر ئەنە شۇلاردۇر. 21. «پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ.» يەنى، پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا، ئېسىل جەننەتلەردە بولىدۇ. جەننەتلەرنىڭ مېۋىلىرى ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە يېقىن بولىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. 22. «ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار.» ـ ئۇلار ئەنە شۇ ئەبەدىي ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا كاتتا ساۋابلار ۋە دەرىجىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنى ئۈچ تۈرلۈك سۈپەت

بىلەن يەنى ئىمان ئېيتىش، ھىجرەت قىلىش، ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىگەن كىيىن، بۇلارنىڭ بەدىلىگە ئۇلارغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خۇش خەۋەر بەردى: ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە، رازىلىقىغا ۋە جەننەتلەرگە ئېرىشىش. ئىمانغا تەڭ كېلىدىغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا بىرىنچىدىن رەھمەتنى زىكىر قىلدى، ئىككىنچىدىن، جىھادقا تەڭ كېلىدىغان ئېھسانىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ئىلاھىي رازىلىقنى زىكىر قىلدى، ئۈچىنچىدىن، ھىجرەت قىلىش ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىشقا تەڭ كېلىدىغان جەننەتلەرنى زىكىر قىلدى. بۇ ھەقتە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: جەننەتلەر، ئىچىدە مۆمىنلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك نېمەتلەر بار بولغان يەرلەر، دەپ ناھايىتى بەدىئىي شەكىلدە تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. چۈنكى ھىجرەتتە ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سەپەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**ئىلاۋە:** مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ماددىي جەھەتتىن ئاۋات قىلىش ئۇلارنى بىنا قىلىش، ئاسراش ئارقىلىق؛ مەنىۋى جەھەتتىن ئاۋات قىلىش بولسا ناماز ئوقۇش، ئاللاھ تەئالانى زىكىر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىراۋنىڭ دائىم مەسجىدكە بېرىشنى ئادەت قىلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ مۆمىن

ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىڭلار. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ.»[1] دەرۋەقە، مەسجىدلەرنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاۋات قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بىلەنلا بولىدۇ.

قىسسە: قۇرتۇبىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەلۇم بىر بەدەۋى مەدىنىگە مۇنەۋۋەرگە كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغانلاردىن كىم ماڭا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ؟» بىر كىشى ئۇنىڭغا بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. «ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدادۇر» دېگەن ئايەتكە كەلگەن چاغدا، ھېلىقى كىشى «ورسوله» دېگەن ئايىتىنى كەسرە بىلەن ئوقۇيدۇ. بۇنداق بولغاندا، «ئاللاھ تائالا مۇشرىكلاردىن ۋە پەيغەمبىرىدىن ئادا - جۇدادۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھېلىقى بەدەۋى: «ئۇنداقتا مەنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىدىن ئادا - جۇدامەن» دەيدۇ. كىشىلەر بۇ ئەھۋالدىن ئەجەپلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى بەدەۋىنى چاقىرتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەدەۋى! سەن رەسۇلۇللاھتىن ئادا - جۇدامۇ؟» ئۇ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن مەدىنىگە كەلدىم، بىر كىشى ماڭا بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇپ بەردى، مەنمۇ شۇ ئايەتنى ئاڭلاپ، ‹ئەگەر ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىدىن ئادا

[1] بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

- جۇدا بولسا، ئۇنداقتا مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدامەن» دېدىم» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى بەدەۋى! ئايەتنىڭ ئەسلىسى ئۇنداق ئەمەس» دېگەندە، بەدەۋى: «ئەسلىسى قانداق؟» دەپ سورايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئايەتنى ئەسلى بويىچە ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھېلىقى بەدەۋى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئادا - جۇدا بولغان نەرسىدىن مەنمۇ ئادا - جۇدامەن» دەيدۇ. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ بەرمەسلىكىنى بۇيرۇيدۇ.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَابَآءَكُمۡ وَإِخۡوَٰنَكُمۡ
أَوۡلِيَآءَ إِنِ ٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡكُفۡرَ عَلَى ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم
مِّنكُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾ قُلۡ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمۡ
وَأَبۡنَآؤُكُمۡ وَإِخۡوَٰنُكُمۡ وَأَزۡوَٰجُكُمۡ وَعَشِيرَتُكُمۡ وَأَمۡوَٰلٌ
ٱقۡتَرَفۡتُمُوهَا وَتِجَٰرَةٞ تَخۡشَوۡنَ كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ
تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٖ فِي
سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٤﴾ لَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٖ
وَيَوۡمَ حُنَيۡنٍ إِذۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡ كَثۡرَتُكُمۡ فَلَمۡ تُغۡنِ عَنكُمۡ
شَيۡـٔٗا وَضَاقَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ ثُمَّ وَلَّيۡتُم
مُّدۡبِرِينَ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ أَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَا وَعَذَّبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ

وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ يَتُوبُ ٱللَّهُ مِنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ
عَلَىٰ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ
إِنَّمَا ٱلْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلَا يَقْرَبُواْ ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ بَعْدَ
عَامِهِمْ هَٰذَا ۚ وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيكُمُ ٱللَّهُ مِن
فَضْلِهِۦٓ إِن شَآءَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٢٨﴾ قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا
يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ
ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلْحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ
ٱلْكِتَٰبَ حَتَّىٰ يُعْطُواْ ٱلْجِزْيَةَ عَن يَدٍ وَهُمْ صَٰغِرُونَ ﴿٢٩﴾
وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ عُزَيْرٌ ٱبْنُ ٱللَّهِ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَى ٱلْمَسِيحُ
ٱبْنُ ٱللَّهِ ۖ ذَٰلِكَ قَوْلُهُم بِأَفْوَٰهِهِمْ ۖ يُضَٰهِـُٔونَ قَوْلَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ مِن قَبْلُ ۚ قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُ ۖ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٣٠﴾ ٱتَّخَذُوٓاْ
أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَٰنَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَٱلْمَسِيحَ ٱبْنَ
مَرْيَمَ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعْبُدُوٓاْ إِلَٰهًا وَٰحِدًا ۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا
هُوَ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٣١﴾ يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔواْ نُورَ
ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ
ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٣٢﴾ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ
ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاھ تەئالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، مۇشرىكلارنىڭ قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى زىكىر قىلغان، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا ئۆز يۇرتلىرىدىن ھىجرەت

قىلغـان مۆمىنلەرنـى مەدھىيەلىگەنـدى. شـۇنداقلا بـۇ ئايەتلـەردە، كاپىرلارنـى دوسـت تۇتۇشـتىن ئاگاھلاندۇرغـان، كاپىـر بولغانلىقلىـرى تۇپەيلـى ئاتـا - ئانىلىـرى ۋە ئـۇرۇق - تۇغقانلىرىدىـن ئايرىلىشـنىڭ پـەرز ئىكەنلىكىنـى بايـان قىلغانـدى. نۆۋەتتىكى ئايەتلـەردە، ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنى دوسـت تۇتۇشـتىن ئاگاھلانـدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنـڭ قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلىرىنـى قايتـا زىكـر قىلـدۇ ۋە ئۇلارنىڭمـۇ خـۇددى مۇشـرىكلارغا ئوخشاشـلا، ئاللاھ تائالانـڭ نۇرىنـى ئۆچۈرۈشـكە ئۇرۇنغانلىقلىـرى توغرۇلـۇق مەلۇمـات بېرىـدۇ.

**نازىـل بولـۇش سـەۋەبى:** كەلبـى مۇنـداق دەيـدۇ: رەسـۇلۇللاھقا مەدىنىگـە ھىجـرەت قىلىـش ئەمرى قىلىنغـان چاغـدا، سـاھابىلەر ئاتـا - ئانىلىرىغـا، قېرىنداشـلىرىغا ۋە ئاياللىرىغـا: «بىز ھىجرەت قىلىشـقا بۇيرۇلـدۇق» دېيىشـكە باشـلىدى. ئۇلاردىـن بىـر قىسـمىغا بـۇ ئىـش يېقىـپ قالغـان بولغاچقا دەرھاللا ھىجرەتكە ئاتلىناتتـى. بىـر قىسـمىغا بولسـا، خوتـۇن، بـالا - چاقىلىـرى توسـالغۇ بولـۇپ مۇنـداق دېيىشـەتتى: ئۆتۈنـۈپ قالايلـى، بىزنـى تاشـلاپ كەتمـەڭ، بىزنـى بـۇ يـەردە يالغـۇز تاشـلاپ كەتسـڭىز، بىـز ھـالاك بولـۇپ كېتىمىـز. خوتـۇن بـالا - چاقىلىرىنىـڭ بـۇ گېپىنـى ئاڭلىغـان سـاھابىلەر ھىجـرەت قىلىشـتىن ۋازكېچىـپ ئـۇلار بىلـەن بىرگـە قالاتتـى. بۇنىڭغـا ئاساسـەن ئۇلارنـى ئەيىبلـەپ مۇنـۇ ئايـەت نازىـل بولـدى: «ئـى مۆمىنلـەر! ئەگـەر ئاتىلىرىـڭلار، قېرىندىشـڭلار ئىماندىـن كۇفرىنـى ئارتۇق كۆرسـە (كۇفرىـدا مەھكـەم تۇرسـا)، ئۇلارنـى دوسـت تۇتمـاڭلار...»

**تەپسـىرى:** 23. «ئـى مۆمىنلـەر! ئەگـەر ئاتىلىرىـڭلار، قېرىندىشـڭلار ئىماندىـن كۇفرىنـى ئارتـۇق كۆرسـە (كۇفرىـدا

مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ).» ـ بۇ يەردە «ئى ئىمان ئېيتقۇچىلار!» دەپ خىتاب قىلىنىشى، مۆمىنلەرگە قانچىلىك دەرىجىدە ئىززەت - ئىكرام قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى جان - دىل بىلەن بەجا كەلتۈرۈش بارىسىدا ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىشى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىنغانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالانىڭ «ئى ئىمان ئېيتقۇچىلار!» دەپ خىتاب قىلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭدا ئۇبدان قۇلاق سالغىن. چۈنكى بۇ خىتابتا ساڭا يا بىر ياخشىلىق ئەمرى قىلىنىدۇ ياكى بىر يامانلىق مەنئى قىلىنىدۇ. ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: ئى مۆمىنلەر! ئەگەر كاپىر بولغان ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، سىلەر ياخشى كۆرگەن ۋە دوست تۇتقان كىشىلەر ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ. 24. «ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك

بولسا، ئۇ هالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ›.»
ـ ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار ھەمدە ئۇلاردىن باشقا سىلەر ياردەم ئىلتىۋاتقان قەبىلىلىرىڭلار، جامائەتلىرىڭلار، تەۋەلىرىڭلار، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنى جازالىغانغا قەدەر كۈتۈڭلار. بۇ جۈملە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتتۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى پاسىقلارنى (ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھەرگىزمۇ ھىدايەت قىلمايدۇ. بۇمۇ بالا - چاقىلىرىنى ياكى پۇل - ماللىرىنى ۋەياكى ۋەتىنىنى ھىجرەتتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئارتۇق كۆرگۈچىلەر ئۈچۈن تەھدىت. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا دۈشمەنلىرىگە قارشى مۆمىنلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: 25. «ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ

سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار.» يەنى شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتكىنىڭلار ئۈچۈن، ھۇنەين كۈنىدە (جېڭىدە) سىنالغان مەغلۇبىيىتىڭلاردىن كېيىنمۇ سىلەرگە ياردەم بەردى. شۇ چاغدا سىلەر سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ مەغرۇرلىنىپ كېتىپ: «بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز» دېگەنىدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى ھەمدە ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. قاتتىق قورقىنىڭلاردىن پايانسىز كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. بۇ ھەقتە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە مۆمىنلەرگە زەپەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ۋە خاھىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، قاچانلا خالىسا ئاز سانلىقنى كۆپ سانلىق ئۈستىدىن غالىب قىلىدىغانلىقىنى، سانى كۆپ بولۇش بىلەن غەلىبە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئاز سانلىققا ياردەم بېرىپ، كۆپ سانلىقنى مەغلۇب قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. بەرا ئىبنى ئازىبتىن: «ھۇنەين كۈنىدە رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلارمۇ؟» دەپ سورالغاندا، بەرا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «رەسۇلۇللاھنىڭ قاچمىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھنى مەن ئاق

قېچىرىنىڭ ئۈستىدە كۆرگەنىدىم. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭ قېچىرىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تارتقۇشلاۋاتاتتى. مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان چاغدا، قېچىرىدىن چۈشۈپ مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

يالغان ئەمەس، مەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەرمەن، مەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىمەن.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارنىڭ يۈزىگە ئېتىپ: <يۈزلىرى كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەي!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بەدەر تىكىۋېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقان توپىدىن كۆزلىرىگە كىرمىگەن ھېچكىم قالمىدى.» بەرا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇرۇش تازا قىزىپ كەتكەن چاغدا بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالاتتۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى شىجائەتلىك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانلار ئىدى. 26 - «ئاندىن پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، ئاللاھ كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ.» ـ بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلىپ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. بۇ ئايەتنى ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا مەرھەمەت قىلىپ قەلبلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان رەھمەتنى نازىل قىلدى.» ئاللاھ تائالا سىلەرگە

سىلەر كۆرمەيدىغان قوشۇنلارنى چۈشۈردى. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى چۈشۈردى.» ئاللاھ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن، ئاياللار بىلەن بالىلارنىمۇ ئەسىر ئېلىنىش بىلەن جازالىدى، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ. 27. «شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» ـ شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. بۇ ئايەت ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. 28. «ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) يېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ خالىسا، ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» يەنى ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار قەلبلىرى نىفاق بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن پەقەت نىجىستۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلارمۇ خۇددى ئىتلار ۋە چوشقىلارغا ئوخشاشلا نىجىستۇر. ھەسەنۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىرەر مۇشرىك بىلەن قول ئېلىشىپ

كۆرۈشسە دەرھال تاھارەت ئالسۇن.»[1] مۇپەسسىرلەر، بۇ بىر ئوخشىتىش تەرىقىسىدە ئېيتىلغان سۆز دەپ قارىشىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى بۇزۇق بولغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن نىجىسنىڭ ئورنىدا ياكى نىجىسقىلا ئوخشايدۇ. بۇ سۈپەتلەرنى مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار خۇددى نىجىس نەرسىلەرگە ئوخشاشلا بايان قىلىنغان. بۇ ئەرەبلەرنىڭ: «ئەلى شىرغىلا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). بۇ يەردە مەسجىدى ھەرامدىن پۈتكۈل ھەرەم دائىرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن مەقسەت، مۇشرىكلارغا ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنى مەنئى قىلىشتۇر. يەنى ئۇلار مۇشۇ يىلدىن كېيىن ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن. بۇ دەل ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلى ئىدى. مۇنۇ ھەدىسمۇ بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى تەكىتلەيدۇ: «مۇشۇ يىلدىن كېيىن ھەرقانداق بىر مۇشرىكنىڭ ھەج قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.» بۇ دەل بەرائە سۈرىسى نازىل بولغان يىلدۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۈرىنى ھەج مەۋسۈمىدە ھاجىلارغا ئېلان قىلدى. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم رايونىغا ياكى ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن يېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ

[1] قۇرتۇبى: «بۇ، ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەن بەسرىدىن قىلىنغان رىۋايەتتۇر. فەخرۇر رازى ۋە ئەلۇسىنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. بۇ بولسا ئايەتنىڭ زاھىرىي مەنىسىدۇر. ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇنى ئوخشىتىش ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىدۇ» دەيدۇ.

خالىسا، ئۆز پەزلى بىلەن باشقا يوللار ئارقىلىق سىلەرنى باي قىلىدۇ ھەمدە سىلەرنى موھتاجلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: مۇشرىكلار ھەج مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارغا يېمەك - ئىچمەك ۋە سودا ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم رايونىغا كىرىشى مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، شەيتان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە غەم ـ قايغۇ سېلىپ مۇنداق دېدى: «رىزىقلىرىڭلار ۋە پايدىلىرىڭلارغا چەكلىمە قويۇلغان تۇرسا، سىلەر يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلەڭلەرنى قانداق ھەل قىلىسىلەر؟ قانداق ياشايسىلەر؟» بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا يېقىرلىق ۋە يوقسۇللۇققا قارشى كاپالەت بەردى ھەمدە ئۇلارنى جىزيەلەر (تۆلەملەر) ۋە غەنىمەتلەر ئارقىلىق رىزىقلاندۇردى. ئەگەر خالىسا، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بويىچە باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئاللاھ سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلار توغرۇلۇق چىقارغان ھۆكۈملەردە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇشرىكلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەھلى كىتاب توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىمۇ بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: 29. «سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، ئاللاھ

(ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.» ــ سىلەرگە گەرچە ئىمان ئېيتقانلىقلىرىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالارمۇ ئىيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز كىتابىدا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ قوبۇل قىلمايدۇ. دەل ئەكسىچە پاپىلار ۋە راھىپلار ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلارنى قوبۇل قىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇلار ھاراق، چوشقا گۆشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. بۇ بۆلۈم، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. يەنى بۇلار، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە تەۋرات ۋە ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار ئارىسىدىكى ئاداشقان كىشىلەردۇر. تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. دەرۋەقە، ئۇلار بۇ جىزىيەنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرىتىگە مەغلۇب بولۇپ، خار ھالدا چوقۇم تۆلەيدۇ. بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 30. «يەھۇدىيلار: ‹ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر› دېدى، ناسارالار:

‹مەسىھ (ئىيسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر› دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (مۇشرىكلارنىڭ: ‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر› دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلايدۇ.» يەنى يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېيىشتى، ئەنە شۇ لەنىتى كىشىلەر قىلچە تەپ تارتماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەپ چالۋاقاشتى. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا بىردۇر، يېگانىدۇر، تەڭدىشى يوقتۇر، ھېچقانداق بىر نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجتۇر. بۇ ھەقتە بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇختۇننەسىرنىڭ ئاسارىتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەۋراتنى قوغداپ قالغۇدەك ھېچكىم قالمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكەنىدى. بۇنىڭدىن يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇزەيرنى تىرىلدۈرگەن چاغدا، ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەۋراتنى يادقا يازدۇردى. ئۇلار بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ قېلىپ: «پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلىلا شۇنداق قىلالايدۇ» دېيىشتى. ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى بولغان خىرىستىيانلارمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «چۈنكى ئىيسا دادىسىز تۇغۇلدى، بالىنىڭ ئاتىسىز دۇنياغا كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى بولۇشى كېرەك.» ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنداق دېدى: بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى دەلىلسىز، ئىسپاتسىز سۆزىدۇر، بۇ قىپقىزىل يالغاندىن باشقا نەرسە

ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىبنى جۇزەيىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە ئىككى تۈرلۈك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرىنچىسى، بۇ سۆزنى پەقەت ئۇلارنىڭلا دېگەنلىكىنى تەكىتلەش. ئىككىنچىسى، بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ پەقەت يالغان ـ ياۋىداقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. بۇ خۇددى، «بۇ سۆز دەل سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئېيتىلغان» دېگىنىڭگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى، ئىلگىرىكى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. «ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ.»[1] بۇ جۈملە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن بىر بەددۇئادۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلسۇنكى، ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ، ئۇلار قانداقمۇ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ، ئاللاھ تائالاغا يالغان چاپلايدۇ؟ بۇ ھەقتە رازى مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە تەئەججۇبنى ئىپادىلەيدۇ. تەئەججۇبلىنىش ئاللاھ تائالاغا ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ بىر - بىرىگە خىتاب قىلىش ئادىتىگە ئاساسەن ئىنسانلارغا ئائىتتۇر. ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق پەيغەمبىرىنى ھەيران قالدۇرغان. 31. «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىني باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا

[1] بەقەرە سۈرىسى 118 - ئايەت.

بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (ئالىملىرىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالادىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر.» يەنى ھالال ۋە ھارام قىلىش مەسىلىسىدە، يەھۇدىيلار ئۆلىمالىرىغا، خىرىستىيانلار راھىبلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق گويا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى مەبۇد قىلىۋالدى. يەنى گەرچە ئۇلارغا چوقۇنمىغان بولسىمۇ، خۇددى ئۇلارغىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغاندەكلا ئىتائەت قىلىشتى. بۇ رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن تەپسىردۇر. ئەدىي ئىبنى ھاتەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىم. بويىنۇمدا ئالتۇندىن ياسالغان كىرست بەلگىسى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنى كۆرۈپ: «ئەدىي! بۇ بۇتنى بويىنۇڭدىن چىقىرىپ تاشلىۋەتكىن!» دېدى. ئاندىن بەقەرە سۈرىسىنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇدى: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى...» مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار ئۆلىمالىرىغا ۋە راھىبلىرىغا ئىبادەت قىلمايدىغان تۇرسا دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرى بىلەن راھىبلىرى ئاللاھ تائالا ھالال قىلغاننى ھارام، ھارام قىلغاننى ھالال قىلسا، ئۇلارمۇ بۇنى شۇ پېتى قوبۇل قىلامدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن، شۇنداق ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم. رەسۇلۇللاھ: «مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرى بىلەن راھىبلىرىغا ئىبادەت قىلغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»

دېدى. خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە پەرۋەردىگار ۋە مەبۇد قىلىۋېلىشتى. ھالبۇكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق پەقەت بىر ئىلاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدىكى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەنە شۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرى ۋە يالغان - ياۋىداقلىرىدىن پاكتۇر، قۇدرىتى مىسلىسىزدۇر. 32. «ئۇلار (مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ نۇرىنى (ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يالغان - ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ.» يەنى مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئەنە شۇ كاپىرلار، ئىسلام دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىي قانۇنىنى نىجىس ئېغىزلىرى (يالغان - ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكۈل مەخلۇقاتىغا نۇر مەنبەسى قىلىپ بەرگەن نۇردۇر. ئۇلار خۇددى قۇياش ياكى ئاينىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن پۈۋلەپ ئۆچۈرمەكچى بولغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى بۇ مۇمكىن ئەمەس. گەرچە كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرى بىلەن دىنىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ. 33. «ئاللاھ ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ.» يەنى ئاللاھ ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن،

پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى. بۇ يەردە «مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ» دېگەن جۈملە قىسقارتىلغان.

**ئىلاۋە:** مۇپەسسىر قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار.» دېگەن ئايەت، ھەقىقىي ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ فىزىكىلىق ئەمەس، دىن قېرىنداشلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنۇ بېيىتلار ياكى شېئىرلار ئوقۇلغان:

ماڭا: دوستلارنىڭ يۇرتى يېقىنلاشتى، ھالبۇكى سەن تېخىچە قايغۇرۇۋاتىسەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش» دېيىلدى.

مەنمۇ: «دىللار ئارا يېقىنلىق ھاسىل بولمىغۇچە، يېقىن يۇرت ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ» دېدىم.

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡأَحۡبَارِ وَٱلرُّهۡبَانِ
لَيَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ
ٱللَّهِۗ وَٱلَّذِينَ يَكۡنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلۡفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا
فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ٣٤ يَوۡمَ يُحۡمَىٰ
عَلَيۡهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكۡوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمۡ وَجُنُوبُهُمۡ
وَظُهُورُهُمۡۖ هَٰذَا مَا كَنَزۡتُمۡ لِأَنفُسِكُمۡ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ
تَكۡنِزُونَ ٣٥ إِنَّ عِدَّةَ ٱلشُّهُورِ عِندَ ٱللَّهِ ٱثۡنَا عَشَرَ شَهۡرٗا

فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ يَوۡمَ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ مِنۡهَآ أَرۡبَعَةٌ
حُرُمٞۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُۚ فَلَا تَظۡلِمُواْ فِيهِنَّ أَنفُسَكُمۡۚ
وَقَٰتِلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ كَآفَّةٗ كَمَا يُقَٰتِلُونَكُمۡ كَآفَّةٗۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ
أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ٣٦ إِنَّمَا ٱلنَّسِيٓءُ زِيَادَةٞ فِي ٱلۡكُفۡرِۖ
يُضَلُّ بِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُحِلُّونَهُۥ عَامٗا وَيُحَرِّمُونَهُۥ عَامٗا
لِّيُوَاطِـُٔواْ عِدَّةَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ فَيُحِلُّواْ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُۚ زُيِّنَ
لَهُمۡ سُوٓءُ أَعۡمَٰلِهِمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٣٧
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَا لَكُمۡ إِذَا قِيلَ لَكُمُ ٱنفِرُواْ فِي
سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱثَّاقَلۡتُمۡ إِلَى ٱلۡأَرۡضِۚ أَرَضِيتُم بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا مِنَ
ٱلۡأٓخِرَةِۚ فَمَا مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ٣٨
إِلَّا تَنفِرُواْ يُعَذِّبۡكُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا وَيَسۡتَبۡدِلۡ قَوۡمًا غَيۡرَكُمۡ
وَلَا تَضُرُّوهُ شَيۡـٔٗاۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٣٩ إِلَّا تَنصُرُوهُ
فَقَدۡ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذۡ أَخۡرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثۡنَيۡنِ إِذۡ
هُمَا فِي ٱلۡغَارِ إِذۡ يَقُولُ لِصَٰحِبِهِۦ لَا تَحۡزَنۡ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَاۖ
فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَيۡهِ وَأَيَّدَهُۥ بِجُنُودٖ لَّمۡ تَرَوۡهَا
وَجَعَلَ كَلِمَةَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلسُّفۡلَىٰۗ وَكَلِمَةُ ٱللَّهِ هِيَ ٱلۡعُلۡيَاۗ
وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ٤٠ ٱنفِرُواْ خِفَافٗا وَثِقَالٗا وَجَٰهِدُواْ
بِأَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ
إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٤١ لَوۡ كَانَ عَرَضٗا قَرِيبٗا وَسَفَرٗا قَاصِدٗا
لَّٱتَّبَعُوكَ وَلَٰكِنۢ بَعُدَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلشُّقَّةُۚ وَسَيَحۡلِفُونَ
بِٱللَّهِ لَوِ ٱسۡتَطَعۡنَا لَخَرَجۡنَا مَعَكُمۡ يُهۡلِكُونَ أَنفُسَهُمۡ

وَٱللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٤٢﴾ عَفَا ٱللَّهُ عَنكَ لِمَ أَذِنتَ
لَهُمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَتَعْلَمَ ٱلْكَٰذِبِينَ ﴿٤٣﴾
لَا يَسْتَـْٔذِنُكَ ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْأَخِرِ أَن
يُجَٰهِدُواْ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلْمُتَّقِينَ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَا
يَسْتَـْٔذِنُكَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْأَخِرِ وَٱرْتَابَتْ
قُلُوبُهُمْ فَهُمْ فِى رَيْبِهِمْ يَتَرَدَّدُونَ ﴿٤٥﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە زوراۋانلىقلىرىنى ھەمدە ئىلاھلىق دەۋالىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كەمسىتىش ۋە ھاماقەتلەرچە خام خىياللىرىنى قىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يەۋېلىشقا ئامراق، ئاچكۆز ۋە تەمەخور ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيا مال - مۈلۈكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دىنىنى كوزىر قىلىۋالغان. بۇ بولسا خارلىق ۋە پەسكەشلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ قەبىھ ئەمەللىرى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە چاقىرىپ، جىھادقا چىقمىغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رەسۇلۇللاھ تائىف ۋە ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىن قايتقاندىن كېيىن، ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا جىھادنى ئەمر قىلدى. بۇ دەل

ھەممە ياقنى دىشۋارچىلىق، ئاچارچىلىق ۋە قۇرغاقچىلىق تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن بىر مەزگىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خورمىلار مېۋە بېرىشكە ۋە مېۋىلەر مەي باغلاشقا باشلىغان بىر مەۋسۇم ئىدى. مۇسۇلمانلار «ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇرۇش، ئۆيلىرىدە قېلىش ۋە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشنى خالايتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يەرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر.»

**تەپسىرى:** 34. «ئى، ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ، رەسۇلۇللاھنى تەستىق قىلغان مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ.» بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىن، يامان نىيەتلىك ئالىملاردىن ۋە ئازغۇن ئابىدلەردىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش نىشان قىلىنىدۇ. ئىبنى ئۇيەينەگە كۆرە، بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇزۇلغانلىرى يەھۇدىيلارغا ئوخشىغان بولىدۇ. ئابىدلىرىمىزدىن بۇزۇلغانلىرى خرىستىيانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلار ۋە

زاكىتىنى ئايرىمايدىغانلارغا دوزاختا بولىدىغان قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. بۇ يەردە مەسخىرە قىلىش ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن. ئىبنى ئۆمەرگە كۆرە، بۇ ئايەتتە زاكىتى ئايرىلمىغان مال - مۈلۈك كۆزدە تۇتۇلغان. زەمەخشەرىيگە كۆرە، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھارام يەيدىغانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئېھسانلىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بېرىلىشتە، ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشاش سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، مال - مۈلۈك يىغقانلارنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلغان. 35. «ئۇ كۈندە (قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىپ كۆيدۈرۈلىدۇ. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ھەرقانداق بىر بەندە يىغقان مال - مۈلۈكلىرى بىلەن داغلانغان چاغدا، نە دىنارلار، نە دىرھەملەر بىر - بىرىگە تېگىپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئىنسانىنىڭ تېرىسىلا سوزۇلىدۇ. ھەر بىر دىنار ۋە دىرھەم ئايرىم - ئايرىم يەرگە قويۇلىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئورگانلىرىنىڭ داغلىنىدىغانلىقىنىڭ ئالاھىدە زىكىر قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: پېقىر كىشىنىڭ قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھامان بېخىل كىشىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلىدۇ. يېنىغا كەلگەن ھامان تەتۈر قارىۋالىدۇ. بىر نەرسە سورىغان ھامان رەت قىلىدۇ. قۇرتۇبىنى مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانىنىڭ يۈزىنىڭ داغلىنىشى بولسا تېخىمۇ قاتتىق ئەلەم تارتقۇزىدۇ ۋە قاتتىق

قىلىنمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا باشقا ئەزالارنىڭ ئارىسىدىن مەزكۇر ئەزالارنى ئالاھىدە زىكىر قىلغان. ئىبنى مەسئۇد ئاللاھقا قەسەم قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق مال - مۈلۈكلىرىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار. يىغقان مال - مۈلۈكلىرىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ. سەھىھ مۇسلىمدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مال - مۈلۈكلىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن لەۋھەلەر ھازىرلىنىدۇ. ھازىرلانغان بۇ لەۋھەلەر ئارقىلىق، 50 مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئۇ كىشىنىڭ پېشانىسى، دۈمبىسى ۋە يېنى داغلىنىدۇ. بۇ، بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە جەننەتكە ياكى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول كۆرسىتىلىدۇ.» 36. «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، ئىلاھىي قانۇنىدا ۋە ھۆكمىدە مەنزىللىرىگە كۆرە 12 دۇر. بۇ ھەقتە ئەڭ ئېتىبارلىق بولغىنى قەمەرى ئايلاردۇر. چۈنكى ئىلاھى ھۆكۈملەر قەمەرى ئايلارغا ئاساسەن چىقىرىلىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇزدىمۇ، ئاسمانلار ۋە زېمىن يارىتىلغان كۈندىمۇ شۇنداق.» ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئاللاھ تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتقان كۈنى دەرگاھىدا ئۇنى مۇقەددەس كىتابقا يازغان. ئۇلاردىن تۆتى (زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر. ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن بۇ ئايلار «ھارام ئايلار» دەپ ئاتالغان. بۇ ئايلاردا ئىتائەت قىلىش ئەڭ يۈكسەك سەۋىيەگە

يېتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە ئۇرۇش قىلىش ھارام. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى ناھايىتى ئادىل ۋە توغرا بىر قانۇن. «بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، ئاللاھ چەكلىگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار. مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلماستىن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.» (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھ تائالادىن قورققۇچىلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچتە بولۇڭلار). بۇ تەقۋادارلارغا بېرىلگەن بېشارەت ۋە كاپالەتنامىدۇر. 37. «ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ، يىلنىڭ 12 ئېيىنى 13 ئايغا كۆپەيتىش) كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىل ھارام قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھالال قىلغىنىنى ھارام قىلىش، ھارام قىلغىنىنى ھالال قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ كۇفرىغا ئىلاۋە قىلىنغان باشقا تۈرلۈك بىر ئىنكاردۇر. مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەرەبلەر ئۇرۇش ئەھلى ۋە قاراقچى خەلق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشى چەكلەنگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا ھارام ئايلار يېتىپ

كەلگەن ھامان ئۇرۇشتىن قول ئۈزۈش ئۇلارغا تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى ھالال قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئاينى ھارام قىلاتتى. گويا ئۇلار بىر ئاينىڭ ھۆرمىتىنى باشقا بىر ئاي ئۈچۈن ئارىيەت ئالاتتى. بەزىدە مۇھەررەم ئېيىنى ھالال ھېسابلايتتى. بىراق بىر يىلدا تۆت ھارام ئېيىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن سەپەر ئېيىنى ھارام قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئۈستى - ئۈستىلەپ ئازدۇردۇ؛ ئۇلار بىر يىل ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال، ھالال قىلغان ئېيىنى ھارام قىلاتتى. بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتەتتى. كېيىنكى يىلى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئىش قىلاتتى. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ سانىنى تۆتكە چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ھارام قىلغاننى ھالال ھېسابلايتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە كىنانە قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئېشىكىگە مىنىپ كېلىپ مۇنداق دەيتتى: «ئى ئىنسانلار! ھېچكىمنىڭ مېنى ئەيىبلەش، ماڭا جاۋاب بېرىش ۋە سۆزۈمنى رەت قىلىش ھوقۇقى يوق. بىز مۇھەررەم ئېيىنى ھارام قىلدۇق، سەپەر ئېيىنى كېچىكتۈردۇق.» ئۇ كېيىنكى يىلى يەنە كېلىپ مۇنداق دەيتتى: «بىز بۇ يىل سەپەر ئېيىنى ھارام قىلدۇق. مۇھەررەم ئېيىنى كېچىكتۈردۇق.» ئاللاھ تائالانىڭ «ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىل ھارام قىلىدۇ» دېگەن ئايىتىمۇ دەل بۇنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شەيتان ئۇلارغا يامان ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى بەخت ـ سائادەتلىك يولغا يېتەكلىمەيدۇ. 38. «ئى مۆمىنلەر!

سىلەرگە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، (پايدىسى) ئاز نەرسىدۇر.» بۇ يەردىكى سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، جىھادنى تەرك ئەتكەنلەرنى ئەيىبلەش ۋە تەبۇك غازىتىغا چىقماي قېلىپ قالغۇچىلارغا كايىشتۇر. يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟ نېمە دەپ بۇ سىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ؟ ئاخىرەتتىكى نېمەتلەر ۋە ئەبەدىي ساۋاپلارنىڭ ئورنىغا دۇنيا ھاياتى، دۇنيا نېمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پانىي ماتالىرىغا رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنتايىن ئەرزىمەس بىر نەرسىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

39. «ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» ئەگەر سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە جىھادقا چىقمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. دۇنيادا سىلەرنى دۈشمەنىنىڭ ئىستېلاسىغا مۇپتىلا

قىلىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ جەھەننەمنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى بىلەن كۆيدۈرىدۇ. ئىبنى ئابباس: «بۇ جازا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرماسلىقى» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھالاك قىلىپ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىگە تېخىمۇ تېز ئىجابەت قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىتائەت قىلىدۇ. سىلەر جىھادقا چىقماسلىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن تامامىي ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەر بولمىساڭلارمۇ دۈشمەنگە غالىب كېلىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە كايىشنىڭ قاتتىقلىقى تەكىتلەنگەن. چۈنكى ئاللاھ تەئالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىزلىق جائىز ئەمەستۇر. ئازابلاش توغرۇلۇق بەرگەن ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ.» 40. «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئۇنىڭ ياردەمچىسى ۋە قوغدىغۇچىسىدۇر.» بۇ يەردە شەرتنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.» دەرۋەقە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىمۇ بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىساڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھقا پەقەت بىر كىشى (ئەبۇبەكرى سىددىق)لا ھەمراھ بولغان بولۇپ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. چۈنكى كاپىرلار ئۇنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغان چاغدا (مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان چاغدا) ئۇنىڭ يېنىدا نە ياردەمچىلىرى، نە قوللىغۇچىلىرى يوق ئىدى. «كاپىرلار

رەسۇلۇللاھنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغان چاغدا» دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تۇزاق قۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. غاردا تۇرغان ئىككى كىشىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، يەنە بىرى ئەبۇبەكرى سىددىق ئىدى. ئۈچىنچى بىر كىشى يوق ئىدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى سىددىق بىلەن بىرلىكتە سەۋر تېغىدىكى غاردا يوشۇرۇنغان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ ھەمراھى ئەبۇبەكرى سىددىققا تەسەللى بېرىش ۋە كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا: «قورقمىغىن، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە زەپىرى ھەمىشە بىز بىلەن بىللە» دەيتتى. تەبەرى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە غاردا تۇرۇۋاتقان چاغدا مۇشرىكلارنىڭ پۇتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا مەن: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلاردىن بىرەرسى پۇتىنى تارتقان ھامان بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئى ئەبۇبەكرى! ئۈچىنچىسى ئاللاھ تائالا بولغان ئىككى كىشىنى سەن نېمىدەپ ئويلاپ قالدىڭ؟› دېدى.» ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ قايغۇسىنىڭ سەۋەبى، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىغا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورققانلىقىدىن ئىدى. كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «قايغۇرمىغىن، ئاللاھ تائالا بىز بىلەن بىللە» دېدى. ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزدى ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلدى. دەرگاھىدىن پەرىشتىلەردىن

تەشكىل تاپقان قوشۇنلار بىلەن ياردەم بەردى. پەرىشتىلەر ئۇنى غاردا قوغدايتتى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۆزى بولغان شېرىك كەلىمىسىنى پەس ۋە خار قىلدى. پەرىشتە قوشۇنلىرى بىلەن شېرىكنى ۋە مۇشرىكلارنى رەسۋا قىلدى. ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان كەلىمە تەۋھىد (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) ھەمىشە ئۈستۈندۇر. ئاللاھ تائالا كەلىمە تەۋھىد بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ، شېرىك بىلەن مۇشرىكلارنى خار - زەبۇن قىلدى. ئاللاھ تائالا غالىبتۇر، ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولمايدۇ، بارلىق ئىشلاردا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق ھېكمەتلەر ۋە نۇرغۇنلىغان پايدىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. 41. «ئى مۆمىنلەر جامائەسى! سىلەر مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، مەيلى ئوكۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، مەيلى ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا جىھادقا چىقىڭلار. كەلىمە تەۋھىدنى ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، سەپەرگە ئاتلىنىپ جىھاد قىلىش ئۆيدە ئولتۇرۇش ۋە دۇنيانىڭ ماتالىرىدىن ئازغىنا بىر نەرسىلەرگە رازى بولۇشتىن تېخىمۇ ياخشىدۇر.» ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا ياخشىلىققا ئېرىشىش دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش ۋە يەر يۈزىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىش بولسا، كاتتا ساۋاپقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇش بىلەن بولىدۇ.» ئاندىن ئاللاھ تائالا، تەبۇك غازىتىدىن قېلىپ قالغۇچىلار ۋە بۇ غازاتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان

مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 42. ئەگەر ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىمەت ۋە يىراق ئەمەس ئوتتۇرا ھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەمەس، ئەكسىچە غەنىمەت ئېلىش مەقسىتىدە چىقاتتى. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق ۋە مۇشەققەتلىك بىلىندى. دىللىرىدا نىفاق بولغانلىقى ئۈچۈن، سەپەرگە ئاتلانماسلىق غەرىزىدە تۈرلۈك باھانىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىشتى. يالغان سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەپ قەسەم ئىچىشتى[1] ھەمدە «ئەگەر ماددىي ئىمكانلىرىمىز يار بەرگەن ياكى كۈچلۈك بولغان بولساق، چوقۇم سىلەر بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىشقا چىققان بولاتتۇق» دەيدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىپ ۋە سۆزلىرىنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار دەۋالىرىدا شەك - شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىشقا تاقىتى يېتەتتى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى.» 43. ئى مۇھەممەد! ئاللاھ سېنى كەچۈردى، يالغاندىن ئۆزرە بايان قىلغان مۇناپىقلارنىڭ سەن بىلەن بىرلىكتە جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشىغا نېمىشقا رۇخسەت قىلدىڭ؟! ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھقا كايىش بىلەن بىرلىكتە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنى

[1] بۇ يەردە غەيبتىن خەۋەر بېرىش ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن. «سەن تەبۇكتىن غازىتىدىن قايتقان چاغدا ئۇلار ئۆزۈر بايان قىلىپ، يالغاندىن قەسەم ئىچىشىدۇ.» دەرۋەقە، بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغىنىدەك ئىشقا ئاشقان. بۇ بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ شانلىق مۆجىزىلىرىدىندۇر.

كەچۈردى. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن كايىشتىن بۇرۇن ئۇنى كەچۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى.[1] كاشكى ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەن بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى راستچىللار بىلەن مۇناپىق يالغانچىلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! مۇجاھىدقا كۆرە، بۇ ئايەت مۇناپىقلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تۈركۈم كىشى، «رەسۇلۇللاھتىن رۇخسەت تەلەپ قىلىڭلار، رۇخسەت بەرسىمۇ جىم ئولتۇرۇۋېلىڭلار، رۇخسەت بەرمىسىمۇ جىم ئولتۇرۇۋېلىڭلار» دەيدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرمىگەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر جىھادقا چىقماسلىق توغرۇلۇق ئالدىقاچان قارار قىلىپ بولغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ رۇخسەت سورىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: 44. «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ» ئى مۇھەممەد! ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن

[1] مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، بۇ ئايەتتىن ئىنسان رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. چۈنكى جانابىي ئاللاھ گۇناھ قىلغانلىقىنى خەۋەر بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى خۇش خەۋەر بەردى. ئەگەر ئۇنى ئەيىبلەپ، «نېمىشقا ئۇلارغا رۇخسەت قىلدىڭ؟» دېگەن بولسىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايغۇ - ھەسرەت ۋە دەرد - ئەلەمدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەۋن مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر كايىشنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ دەرۋەقە، جانابىي ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا كايىشتىن بۇرۇن كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدۈردى. مېنىڭچە، زەمەخشەرىينىڭ ئېيتقانلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ شەنىگە قارشى ئەدەبسىزلىكتۇر.»

ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد غازاتقا چىقماسلىق ئۈچۈن رۇخسەت سورىمايدۇ. ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشتىن قىلچىمۇ ئايانمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇجاھىدلار ئۈچۈن كاتتا ساۋاپنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار قانداقسىگە جىھادقا چىقماي قېلىپ قالىدىغاندۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى سىرلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىمانلىرىدا راستچىللار بىلەن تەقۋادارلارنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر.

45. «(ئى مۇھەممەد!) پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار سەندىن رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.» ئى مۇھەممەد! سەندىن پەقەت قەلبلىرىدە ئىمان قەلبلىرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالمىغان مۇناپىقلارلا جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، دىللىرىدا ئاللاھنىڭ بىرلىكى، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭ ۋە ئاللاھ تائالا قايتۇرىدىغان جاۋابقا قارىتا گۇمانى بار كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدىغان، نېمە قىلىشىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

**ئىلاۋە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر بەدەۋى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە: «ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ ‹ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلار› دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق چۈشەنچە بەرگىن» دەپتۇ. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارنىڭ ھالىغا

ۋاي. بۇ، زاكات ئايىتى نازىل بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋال ئىدى. زاكات ئايىتى نازىل قىلىنغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا زاكاتنى مال - مۈلۈكلەرنى پاكلاش ۋاستىسى قىلدى. مەن مال - مۈلۈكلىرىمنىڭ زاكىتىنى بېرىپ، بۇ نېمەتنى ماڭا ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىكەنمەن، ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇنلىرىم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيمەن.»[1]

ئەسكەرتىش: رەسۇلۇللاھ ھەمراھىغا «غەم قىلمىغىن» دەپ تەسەللى بېرەتتى. بۇ ئايەت، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ چوڭلۇقىنى ۋە قەدىر - قىممىتىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تەئالا ئۇنى غاردا رەسۇلۇللاھقا دوست، ھىجرەت ئەسناسىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلدى. بۇ ھەقتە ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىر بولىدۇ. چۈنكى بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

قىسسە: ھەييان ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز سەفۋان ئىبنى ئەمر بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىقتۇق. ئۇرۇش قىلغۇچىلار ئارىسىدا دەمەشىق خەلقىدىن، ئۇلاغلىق، ناھايىتى ياشانغان، قاشلىرى كۆزلىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىۋالغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا قاراپ: «تاغا! ئاللاھ تائالا سېنى كەچۈرۈم قىلىپتۇ» دېدىم. ھېلىقى ياشانغان كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئى

[1] بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

قىرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بىز قىرى - ياش دېمەستىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا كىمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى سىنايدۇ. ئاندىن ئۇنى تەكرار بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن پەقەت نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان، سەۋر قىلغان، ئۆزىنى ھەمىشە ياد قىلغان ۋە ئۆزىدىن باشقا مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلمىغانلارنى سىنايدۇ.» مەن دەيمەنكى، ئەنە شۇنداق پاك - دىيانەتلىك كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھىم - شەپقەت قىلغاي. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلدى.

وَلَوۡ أَرَادُواْ ٱلۡخُرُوجَ لَأَعَدُّواْ لَهُۥ عُدَّةٗ وَلَٰكِن كَرِهَ ٱللَّهُ
ٱنۢبِعَاثَهُمۡ فَثَبَّطَهُمۡ وَقِيلَ ٱقۡعُدُواْ مَعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٤٦﴾
لَوۡ خَرَجُواْ فِيكُم مَّا زَادُوكُمۡ إِلَّا خَبَالٗا وَلَأَوۡضَعُواْ
خِلَٰلَكُمۡ يَبۡغُونَكُمُ ٱلۡفِتۡنَةَ وَفِيكُمۡ سَمَّٰعُونَ لَهُمۡۗ
وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾ لَقَدِ ٱبۡتَغَوُاْ ٱلۡفِتۡنَةَ مِن قَبۡلُ
وَقَلَّبُواْ لَكَ ٱلۡأُمُورَ حَتَّىٰ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَظَهَرَ أَمۡرُ ٱللَّهِ وَهُمۡ
كَٰرِهُونَ ﴿٤٨﴾ وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ ٱئۡذَن لِّي وَلَا تَفۡتِنِّيٓۚ أَلَا
فِي ٱلۡفِتۡنَةِ سَقَطُواْۗ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٩﴾
إِن تُصِبۡكَ حَسَنَةٞ تَسُؤۡهُمۡۖ وَإِن تُصِبۡكَ مُصِيبَةٞ يَقُولُواْ
قَدۡ أَخَذۡنَآ أَمۡرَنَا مِن قَبۡلُ وَيَتَوَلَّواْ وَّهُمۡ فَرِحُونَ ﴿٥٠﴾
قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلَّا مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوۡلَىٰنَاۚ وَعَلَى
ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾ قُلۡ هَلۡ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ

إِحۡدَى ٱلۡحُسۡنَيَيۡنِۖ وَنَحۡنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمۡ أَن يُصِيبَكُمُ
ٱللَّهُ بِعَذَابٖ مِّنۡ عِندِهِۦٓ أَوۡ بِأَيۡدِينَاۖ فَتَرَبَّصُوٓاْ إِنَّا مَعَكُم
مُّتَرَبِّصُونَ ﴿٥٢﴾ قُلۡ أَنفِقُواْ طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهٗا لَّن يُتَقَبَّلَ
مِنكُمۡ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَا مَنَعَهُمۡ أَن
تُقۡبَلَ مِنۡهُمۡ نَفَقَٰتُهُمۡ إِلَّآ أَنَّهُمۡ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَبِرَسُولِهِۦ
وَلَا يَأۡتُونَ ٱلصَّلَوٰةَ إِلَّا وَهُمۡ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ إِلَّا وَهُمۡ
كَٰرِهُونَ ﴿٥٤﴾ فَلَا تُعۡجِبۡكَ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُمۡۚ إِنَّمَا
يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَتَزۡهَقَ أَنفُسُهُمۡ
وَهُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٥٥﴾ وَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنَّهُمۡ لَمِنكُمۡ وَمَا
هُم مِّنكُمۡ وَلَٰكِنَّهُمۡ قَوۡمٞ يَفۡرَقُونَ ﴿٥٦﴾ لَوۡ يَجِدُونَ مَلۡجَـًٔا
أَوۡ مَغَٰرَٰتٍ أَوۡ مُدَّخَلٗا لَّوَلَّوۡاْ إِلَيۡهِ وَهُمۡ يَجۡمَحُونَ ﴿٥٧﴾ وَمِنۡهُم
مَّن يَلۡمِزُكَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ فَإِنۡ أُعۡطُواْ مِنۡهَا رَضُواْ وَإِن لَّمۡ
يُعۡطَوۡاْ مِنۡهَآ إِذَا هُمۡ يَسۡخَطُونَ ﴿٥٨﴾ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ رَضُواْ مَآ
ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَقَالُواْ حَسۡبُنَا ٱللَّهُ سَيُؤۡتِينَا ٱللَّهُ مِن
فَضۡلِهِۦ وَرَسُولُهُۥٓ إِنَّآ إِلَى ٱللَّهِ رَٰغِبُونَ ﴿٥٩﴾ ۞ إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ
لِلۡفُقَرَآءِ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡعَٰمِلِينَ عَلَيۡهَا وَٱلۡمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمۡ
وَفِي ٱلرِّقَابِ وَٱلۡغَٰرِمِينَ وَفِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِۖ
فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٦٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تەئالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ
ئۆزرىسىز ھالدا جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن ئىبارەت

قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمدى ئاللاھ تائالا يەنە، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى، تۇزاقلىرى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە تېرىش ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە سۆيۈنۈپ كېتىشتەك قەبىھ ئەمەللىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جىھادقا چىققان بولسا، جامائەت ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلىش ۋە بىرلىكنى بۇزۇش توپەيلى قوشۇننىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشى، ھەتتا قوشۇننى ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلىشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلارنىڭ ئۇرغۇنلىغان قەبىھ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىغا چىقىش ئالدىدا جەد ئىبنى قەيس دېگەن مۇناپىققا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ۋەھبنىڭ دادىسى! رىملار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قۇللار ۋە دېدەكلەرگە ئېرىشىشنى خالامسەن؟» جەد مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قەۋمىم مېنىڭ ئاياللارغا ئامراق ئىكەنلىكىمنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. مەن رىملىقلار بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى كۆرسەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمايلا قالارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن. مېنى پىتنىگە مۇپتىلا قىلمىغىن. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىقىمغا رۇخسەت بەرگىن. مال ـ مۈلكۈم بىلەن ساڭا ياردەم قىلاي.» رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ، «ساڭا رۇخسەت بەردىم» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولىدۇ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: ‹ماڭا (مېنىڭ قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ

قىلىپ سېلىشىمىغا سەۋەبچى بولمىغىن)، دېگۈچىلەرمۇ بار.»

**تەپسىرى:** 46. «ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا) ‹ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار بىلەن قېلىڭلار› دېيىلدى» ئەگەر ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ سەن بىلەن بىرگە جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە قورال - ياراغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك جەھەتتىن ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى. تەييارلىق قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىش نىيىتىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلىدۇر. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ سەن بىلەن بىرگە چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. ئۇلارغا: «جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچى ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ئاجىزلار بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى. جىھادقا چىقىشنىڭ ئورنىغا ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە «ئەيىبلەش ئۇسۇلى» ئىشلىتىلگەن. بۇ ئايەت، مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە جىھادقا چىقمىغانلىقى تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزماقتا. چۈنكى ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىشىنىڭ ھېچقانداق بىر پايدىسى ۋە ئۈنۈمى ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار چىققان تەقدىردە تېخىمۇ كۆپ ئەزىيەت ۋە زىيان - زەخمەت بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

47. «ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە - پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا

بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلار بار. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە جىهادقا چىققان بولسا ئىدى، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە - پاسات ۋە بۇزغۇنچىلىقنىلا كۆپەيتەتتى. ئاراڭلاردا غەيۋەت - شىكايەت تارقىتاتتى. ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىمان نۇرى قەلبلىرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ - تىڭلايدىغان ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغانلار بار.[1] ئاللاھ ھەممىدىن خەۋەردار بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ ئىچى - تېشىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

48. «ئىلگىرى ئۇلار تاكى ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان، ساڭا ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇنداق بولۇشىنى يامان كۆرگۈچىلەردۇر» ئۇلار تەبۇك غازىتىدىن ئىلگىرىمۇ ساھابىلىرىڭنى تارقىتىۋېتىش ۋە دوستلىرىڭ بىلەن ئاراڭنى بۇزۇش ئارقىلىق ساڭا يامانلىق قىلغانىدى. خۇددى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كەتكىنىدەك. تاكى ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك

[1] بۇ ھەقتە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئاراڭلاردا جاسۇسلار بار بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۇچۇر ئىگىلەپ، ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. بىرىنچى مەنىسى تېخىمۇ روشەن ۋە تېخىمۇ ئامىبابتۇر. قەتادەنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. ئىبنى كەسىر بولسا بىرىنچى قاراشنى تاللىغان.

قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئورۇنغان، ساختا تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى. نىھايەت ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن ۋە غالىب كەلدى. ھالبۇكى، ئۇلار مۇناپىقلىقى تۈپەيلى بۇنداق بولۇشىنى (ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى) خالىمايتتى.

49. «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر» ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ساختا: «مېنىڭ جىھادقا چىقماي قېلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن، غازاتقا چىقىشقا ئەمر قىلىش بىلەن مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن)» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت جەد ئىبنى قەيس ھەققىدە نازىل بولغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنى رۇملار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ جىھادقا چىقماي قېلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن. مېنىڭ ئاياللار بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن.» ئۇلار جىھادتىن قاچىمىز دەپ ئەسلىدە پىتنە پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى. بۇ بولسا جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىش، كاپىرلىقلىرى ۋە مۇناپىقلىقلىرىنىڭ پاش بولۇشىدىن ئىبارەت پىتنە پاتقىقى ئىدى. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە پىتنە ئاتالغۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشى، پىتنىنىڭ ھالاكەت گىردابى

ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ پەسكەش كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار جەھەننەمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى خۇددى بىلەزۈك بىلەكنى ئوراپ تۇرغاندەك، جەھەننەممۇ ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئوراپ تۇرغۇچىدۇر. بۇ ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن. 50. «ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە: ‹ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز› دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ» بەزى ئۇرۇشلاردا، مەيلى غەنىمەت بولسۇن، مەيلى زەپەر بولسۇن، ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت ياكى بىرەر دىشۋارچىلىق ۋەياكى بىرەر مەغلۇبىيەت ۋە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك كەلسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يايراپ، قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا: «بىز ھەقىقەتەنمۇ بېشىمىزغا بىرەر مۇسىبەت كېلىشتىن ئاۋۋال ئېھتىياتچانلىق قىلىپ، ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز. ئۇرۇشقا چىقماي ناھايىتى ياخشى قىلغان ئىكەنمىز» دېيىشىپ، گىدەيگەن ھالدا خۇشال قايتىشىدۇ.[1] 51. ئېيتقىنكى: «مەيلى يامانلىق بولسۇن، مەيلى ياخشىلىق بولسۇن، مەيلى ئۈمىد بولسۇن، مەيلى مۇسىبەت بولسۇن، مەيلى قىيىنچىلىق بولسۇن، مەيلى مولچىلىق بولسۇن، بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ياردەمچىمىز ۋە مەدەتكارىمىزدۇر. مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ

[1] قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

ئەھەدىگە يۈلەنمىسۇن». 52. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئى مۇناپىقلار جامائەسى! سىلەر پەقەت بىزنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى شەھىد بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنىلا كۈتۈۋاتىسىلەر. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى ياخشى نەتىجىدۇر. بىزمۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىدىن ئىبارەت ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىككى خىل ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشۇڭلارنى كۈتۈۋاتىمىز. سىلەرمۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغاننى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كېلىدىغاننى كۈتەيلى.» بۇ، تەھدىت ۋە ئازاب ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەمردۇر. 53. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئى مۇناپىقلار جامائەسى! سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك پۇل - مال سەرپ قىلساڭلارمۇ ئاللاھ تائالا ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ، خەۋەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق پېئىلىدۇر. «ئى مۇھەممەد، ئۇلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما، بەرىبىر ئوخشاش، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتتىكى بۇيرۇق پېئىلىمۇ بۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ـ مەيلى ئۇلار ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك پۇل - مال سەرپ قىلسۇن بەرىبىر ئوخشاش بولۇپ، ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئايەتتە، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سەرپ قىلىشىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىلگەن. چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان سەركەش ۋە

ھاكاۋۇر قەۋم بولدۇڭلار». ئاندىن ئاللاھ تەئالا بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: 54. «ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (پۇل - مېلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ» ـ ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى قوبۇل بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، پۇل - مېلىنى رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىق سەۋەبىنىڭ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، ئارقىدىن بۇ ئىنكارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇشى، پۇل - مېلىنى رازىلىق بىلەن بەرمەسلىكىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن نە ساۋاپقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، نە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ. ھالبۇكى، ناماز بەدەنىي ئەمەللەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكرەكىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىش ئەڭ خەيرلىك ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە ئىككى كاتتا ئىشنى بايان قىلغان. 55. «ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ» يەنى ئى تىڭشىغۇچى! ئۇلار ئېرىشكەن دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى، بىز ئۇلارغا ئېھسان قىلغان مال - مۈلۈكلەر ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. ئۇلار قارىماققا بىرەر نېمەتتەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە

چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتتۇر. بىراق ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ. بەيزاۋىغا كۆرە، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازابلىرى مال - مۈلۈكلىرى تۈپەيلى بېشىغا كەلگەن بالا - قازا ۋە مۇسىبەتلەردۇر. ئۇلار ئاخىرەتنى ئويلاشنى تەرك ئېتىپ، دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، كاپىر پېتى ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابلىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ. 56. «ئۇلار: ‹بىز چوقۇم سىلەر (سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار)دىن› دەپ، ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار (زىيان - زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر» ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ چوقۇم سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلاردىن ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ھالبۇكى، قەلبلىرى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگىنىڭلاردەك، ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىنىڭ ئۈچىدا «مۇسۇلمانمىز» دەپ قويىدۇ ھەمدە بۇنى ئاللاھ نامىدىن يالغاندىن قەسەم ئىچىپ ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. 57. «ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋە ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى» ـ ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى پاناھلىنالىغۇدەك بىرەر قورغان ياكى يوشۇرۇنالىغۇدەك بىرەر غار ۋەياكى تار بولسىمۇ كىرەلىگۈدەك بىرەر يەرنى تاپالىسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ، ئەلۋەتتە سەركەش ئاتقا ئوخشاش يۈگۈرۈشكەن بولاتتى. ئايەتتىن مەقسەت،

مۆمىنلەرنىڭ دىققىتىنى مۇنۇ نۇقتىغا ئاغدۇرۇۋېتىدۇ: ئەڭ ناچار جاي بولغان تەقدىردىمۇ، سىلەردىن قاچالايدىغانلا بولسا، مۇناپىقلار سىلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن سىلەردىن چوقۇم يىراقلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ «بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز» دېگەنىدەك يالغان قەسەملىرىگە ئالدىنىپ قالماڭلار. 58. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىمەت)لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولۇشىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ» ـ ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە ۋە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بەرسەڭ، خۇش بولىدۇ، سېنى ياقتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئۇنىڭدىن ئۇلارنى رازى قىلالىغۇدەك دەرىجىدە بەرمىسەڭ، ساڭا خاپا بولۇپ، سېنى ئەيىبلەيدۇ. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ھۇنەيىن غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلىۋاتاتتى. مۇناپىقلاردىن زۇلخۇۋەيسىرە ئىسىملىك بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئادىل بولغىن. چۈنكى غەنىمەتلەرنى ئادىل تەقسىم قىلمىدىڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! مەن ئادىل بولالمىسام، كىم ئادىل بولالايدۇ؟!» دېدى. 59. «ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىگە رازى بولسا ۋە: ‹ئاللاھ بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن ئاللاھتىن (ئاللاھنىڭ پەزلىنى، ئېھسانىنى) ئۈتۈنۈپ سورىغۇچىلارمىز› دېسە، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى» ـ ئى مۇھەممەد! «سېنى ئەيىبلىگەن ئاشۇ كىشىلەر، سەن ئۇلارغا بەرگەن سەدىقىلەرگە رازى بولسا

ۋە ئاز بولسىمۇ بۇ تەقسىماتقا ماقۇل بولسىدى» ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتە «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەرگەن» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ ئىبارىسىنىڭ زىكىر قىلىنىشى ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ تەقسىماتىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى - پەرمانىغا ئاساسەن ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە ئېھسانى بىزگە كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»، «ئاللاھ بىزگە رىزىق سۈپىتىدە باشقا بىر سەدىقە ياكى غەنىمەت ئاتا قىلىدۇ»، «بىز ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلارمىز، ئاللاھ تائالادىن ئاللاھنىڭ پەزلىنى، ئېھسانىنى ئۈتۈنۈپ سورىغۇچىلارمىز» دېگەن بولسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى. بۇ يەردىكى ئالدى قوشۇلغۇچى «ولو»نىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان. ئەسلىسى: «ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.» رازى مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە جاۋابنىڭ قىسقارتىلىشى، ئۇلۇغلاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خۇددى سېنىڭ بىراۋغا «ئەگەر بىزگە كەلگەن بولساڭ» دەپ جاۋابىنى ئېيتمىغىنىڭغا ئوخشايدۇ. يەنى «ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، چوقۇم ئۇنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى كۆرەتتىڭ.» ئاندىن ئاللاھ تائالا زاكاتنى قانداق سەرپ قىلىش توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 60. «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، ئىنسانلارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشكە، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» - تەبەرى

مۇنداق دەيدۇ: زاكاتلار پەقەت پېقىرلار بىلەن مىسكىنلەرگىلا بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاللاھ تائالا تۆۋەندە بايان قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. ئايەتتە كۆرە، زاكاتلار پەقەت سەككىز تۈرلۈك كىشىگىلا بېرىلىدۇ. زاكاتنى بۇلاردىن باشقىلارغا بېرىش جائىز ئەمەستۇر. مەلۇم مىقداردا مال - مۈلكى بار كىشى «پېقىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ھېچنېمىسى يوق كىشى «مىسكىن» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنۇس مۇنداق دەيدۇ: بىر بەدەۋىدىن «سەن پېقىرمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن مىسكىنمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، مىسكىننىڭ ئەھۋالى پېقىرنىڭكىدىن ياخشى. بۇ ئىختىلاپلىق بىر مەسىلىدۇر. زاكات زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا بېرىلىدۇ. بۇلار ئەرەبلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بىر جامائە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن زاكات بېرىلگەن. تەبەرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ماڭا زاكات بەردى. ھالبۇكى، ئۇ ئەسلىدە مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ئايلاندى. زاكات قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، مۇجاھىدلارغا ۋە چىگرا مۇداپىئە خادىملىرىغا بېرىلىدۇ. زاكات ئۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. زاكات ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە (مۇساپىرلارغا) بېرىلىدۇ. ئاللاھ بۇلارنى پەرز قىلدى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى بېكىتىپ بەردى. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ھېكمىتىدىن تاشقىرى ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ. ئىبنى جۇزەي مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تەئالا مۇناپىقلارنىڭ زاكاتقا قارىتا تەمەخورلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، زاكاتنىڭ پەقەت مەزكۇر كىشىلەرگىلا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەنە جەھەتتىن بۇ ئايەت، مۇناپىقلارنىڭ سەدىقىلەر مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەيىبلىگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

**ئىلاۋە:** زەمەخشەرىي «غازاتقا چىقماي قېلىپ قالغۇچىلار (ئايالالار، كىچىك باللار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇلارنى ئەيىبلەش، ئاجىزلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ھەمدە ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇش ۋە يېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئايالالار، باللار ۋە مەجرۇھلار بىلەن بىر ئورۇندا قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

پەزىلەتلەرنى تەرك ئەتكىن، تاپمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمىغىن. ئولتۇرغىن، چۈنكى سەن ئەڭ ياخشى يەپ - ئىچكۈچى ۋە كىيگۈچىسەن.

**ئەسكەرتىش:** ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەن چاغدا بارلىق ئەرەبلەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەدرى كۈنى زەپەر ئاتا قىلغان چاغدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى مۇنداق دېيىشتى: «قارىغاندا ئىش بىزنىڭ كۆتكەن يېرىمىزدىن چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يالغاندىن ئىسلام دىنىغا كىردى. ئاللاھ ئىسلام

دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەنسېرى، ئۇلارنىڭ خۇيى تۇتۇپ، ئەرۋاھى ئۆرلەپ، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا: «ئۇلارنىڭ خالىمىغىنىغا قارىماي، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى غالىب كەلدى» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

وَمِنْهُمُ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلنَّبِيَّ وَيَقُولُونَ هُوَ أُذُنٌۚ قُلْ أُذُنُ
خَيْرٍ لَّكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَيُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِينَ وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ
ءَامَنُواْ مِنكُمْۚ وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ رَسُولَ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ
أَلِيمٌ ﴿٦١﴾ يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمْ لِيُرْضُوكُمْ وَٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ
أَحَقُّ أَن يُرْضُوهُ إِن كَانُواْ مُؤْمِنِينَ ﴿٦٢﴾ أَلَمْ يَعْلَمُوٓاْ أَنَّهُۥ
مَن يُحَادِدِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَأَنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدًا فِيهَاۚ
ذَٰلِكَ ٱلْخِزْيُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٣﴾ يَحْذَرُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ أَن تُنَزَّلَ عَلَيْهِمْ
سُورَةٌ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِي قُلُوبِهِمْۚ قُلِ ٱسْتَهْزِءُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ مُخْرِجٌ
مَّا تَحْذَرُونَ ﴿٦٤﴾ وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ
وَنَلْعَبُۚ قُلْ أَبِٱللَّهِ وَءَايَٰتِهِۦ وَرَسُولِهِۦ كُنتُمْ تَسْتَهْزِءُونَ ﴿٦٥﴾
لَا تَعْتَذِرُواْ قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْۚ إِن نَّعْفُ عَن
طَآئِفَةٍ مِّنكُمْ نُعَذِّبْ طَآئِفَةَۢ بِأَنَّهُمْ كَانُواْ مُجْرِمِينَ ﴿٦٦﴾
ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ بَعْضُهُم مِّنۢ بَعْضٍۚ يَأْمُرُونَ
بِٱلْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْۚ نَسُواْ
ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمْۚ إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٦٧﴾ وَعَدَ ٱللَّهُ
ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلْكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ

هِىَ حَسۡبُهُمۡۚ وَلَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٦٨﴾ كَٱلَّذِينَ
مِن قَبۡلِكُمۡ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنكُمۡ قُوَّةً وَأَكۡثَرَ أَمۡوَٰلًا
وَأَوۡلَٰدًا فَٱسۡتَمۡتَعُواْ بِخَلَٰقِهِمۡ فَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِخَلَٰقِكُمۡ كَمَا
ٱسۡتَمۡتَعَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُم بِخَلَٰقِهِمۡ وَخُضۡتُمۡ كَٱلَّذِى
خَاضُوٓاْۚ أُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِى ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ
وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٦٩﴾ أَلَمۡ يَأۡتِهِمۡ نَبَأُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡ قَوۡمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَقَوۡمِ إِبۡرَٰهِيمَ وَأَصۡحَٰبِ
مَدۡيَنَ وَٱلۡمُؤۡتَفِكَٰتِۚ أَتَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ
لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٧٠﴾ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ
وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٍۚ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ
وَيُطِيعُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ سَيَرۡحَمُهُمُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ
عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ
تَجۡرِى مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً
فِى جَنَّٰتِ عَدۡنٍۚ وَرِضۡوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكۡبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ
ٱلۡعَظِيمُ ﴿٧٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ جَٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ
وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٧٣﴾
يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ مَا قَالُواْ وَلَقَدۡ قَالُواْ كَلِمَةَ ٱلۡكُفۡرِ
وَكَفَرُواْ بَعۡدَ إِسۡلَٰمِهِمۡ وَهَمُّواْ بِمَا لَمۡ يَنَالُواْۚ وَمَا نَقَمُوٓاْ
إِلَّآ أَنۡ أَغۡنَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ مِن فَضۡلِهِۦۚ فَإِن يَتُوبُواْ يَكُ
خَيۡرًا لَّهُمۡۖ وَإِن يَتَوَلَّوۡاْ يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ عَذَابًا أَلِيمًا فِى ٱلدُّنۡيَا

وَٱلۡأٓخِرَةِۚ وَمَا لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ٧٤

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتلەردە داۋاملىق ھالدا مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ خەۋپلىك سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قەبىھ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئەزىيەت يەتكۈزۈشى، يالغاندىن قەسەم بېرىشكە ئۇرۇنۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى بىلەن مۇقەددەس قانۇنىنى مەسخىرە قىلىشى ۋە تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتارلىقلار.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. مۇناپىقلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ، ئارقىسىدىن بولمىغۇر سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتاتتى. بەزىسى: «ئۇنداق قىلماڭلار، بىز ئېيتقانلىرىڭلارنىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، بىزنى جازالىشىدىن قورقىمىز» دېدى. جۇلاس ئىبنى سۇۋەيد مۇنداق دېدى: «بىز خالىغىنىمىزنى ئېيتىمىز. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بارىمىز، ئۇ بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىزغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ.» بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تەئالا: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەرگە (سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق) ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە (پەيغەمبەرنى) ‹ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ› دەيدۇ.» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. 2. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار ئۆزئارا رەسۇلۇللاھنى ئەيىبلەيتتى. ئاندىن، «ئاللاھ سىرىمىزنى پاش قىلىۋەتمىسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى»

دېيىشــەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئالــلاھ تائاالا، «مۇناپىقــلار ئۆزلــىرى توغرىســىدا بىــرەر ســۈرە نازىــل بولــۇپ، ئۇالرنــىڭ دىللىرىدىكىنــى (نىفاقنــى) مۆمىنلەرگــە خــەۋەر بېرىشــتىن قورقىــدۇ.» دېگــەن ئايەتنــى نازىــل قىلــدى.

**تەپسىرى:** 61. «ئۇالرنــىڭ بەزىلــىرى پەيغەمبەرگــە (ســۆزى ۋە ھەرىكىتــى ئارقىلــىق) ئەزىيــەت يەتكۈزىــدۇ ۋە (پەيغەمبەرنــى) «ئاڭلىغــان نەرسىســىنىڭ ھەممىســىگە ئىشــىنىدۇ» دەيــدۇ. ئېيتقىنكــى، «(دۇرۇس، ئــۇ) ســىلەرگە پايدىلىــق ســۆزلەرنى ئــاڭالپ ئىشــىنىدۇ، ئالالھنــىڭ ســۆزلىرىگە ئىشــىنىدۇ، مۆمىنلەرنــىڭ ســۆزىگە (ئۇالرنــىڭ ئىخالســىنى بىلگەنلىكتىــن) ئىشــىنىدۇ، ئــۇ ســىلەردىن ئىمــان ئېيتقانــلار ئۈچــۈن رەھمەتتــۇر» ئالالھنــىڭ پەيغەمبىرىگــە ئەزىيــەت يەتكۈزىدىغانــلار قاتتىــق ئازابقــا دۇچــار بولىــدۇ» مۇناپىقالرنــىڭ بەزىلــىرى پەيغەمبەرگــە ســۆزى ۋە ھەرىكىتــى ئارقىلــىق ئەزىيــەت يەتكۈزىــدۇ ۋە پەيغەمبەرنــى «ئاڭلىغــان نەرسىســىنىڭ ھەممىســىگە ئىشــىنىدۇ» دەيــدۇ. ئۇالرغــا ئېيتقىنكــى، «دۇرۇس، ئــۇ ســىلەرگە پايدىلىــق سۆزلەرنى ئــاڭالپ ئىشــىنىدۇ، يامــان سۆزلەرگە قۇالق ســالمايدۇ. پايدىلىــق سۆزلەرنى ئــاڭالپ، شــۇ بويىچــە ئەمــەل قىلىــدۇ. يامــان ســۆزلەرنى ئاڭلىغــان چاغــدا ئەمــەل قىلمايــدۇ. ئەمــر قىلغــان خۇسۇســلاردا ئالــلاھ تائاالنــى تەســتىق قىلىــدۇ. ئالالھنــىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ، مۆمىنلەرنىڭ سۆزىگە ئۇالرنىڭ ئىخالسىنى بىلگەنلىكتىــن ئىشــىنىدۇ، ئۇ ســىلەردىن ئىمــان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتــۇر. چۈنكــى ئۇالرنــىڭ ئىمــان ئېيتىشــىنىڭ ســەۋەبى بــۇدۇر. ئالالھنــىڭ پەيغەمبىرىنــى ئەيىبلــەپ، ئۇنىڭغــا ئەزىيــەت يەتكۈزىدىغانــلار ئاخىرەتتــە قاتتىــق ئازابقــا دۇچــار بولىــدۇ. 62.

«ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن (پەيغەمبەرگە تېگىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ) ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار راستتىنلا مۆمىن بولىدىغان بولسا، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشلىرى كېرەك ئىدى» ـ ئۇلار قەسەملىرى بىلەن سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرگە تېگىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى رازى قىلىشقا ئەڭ لايىقتۇر. بۇنىڭغا پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار راستلا مۆمىن بولىدىغان بولسا، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلسۇن. 63. «(بۇ مۇناپىقلاردىن) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر» ـ بۇ مۇناپىقلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن ۋە دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ بۇ سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىق ۋە چوڭ بەختسىزلىكتۇر. چۈنكى ئۇلار خالايىقنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىنىدۇ. 64. «مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (نىفاقنى) مۆمىنلەرگە پاش قىلىشىدىن قورقىدۇ. ئېيتقىنكى، ‹سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى خالىغىنىڭلارچە) مەسخىرە قىلىڭلار، سىلەر (پاش بولۇشتىن) قورقىدىغان نەرسىنى (مۇناپىقلىقنى) ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ› .» ـ مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نىفاقنى

مۆمىنلەرگە خەۋەر بېرىشتىن قورقىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى خالىغىنىڭلارچە مەسخىرە قىلىڭلار.» بۇ تەھدىتنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئەمر. بۇ «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار» دېگەن ئايەتتىكى ئەمرگە ئوخشايدۇ. شۈبھىسىزكى، سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورققان نىفاقنى ئاللاھ چوقۇم پاش قىلىدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلاتتى ھەمدە ئاللاھنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى رەسۋا قىلىشىدىن قورقاتتى. ھەتتا بەزىلىرى مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزنى ئاللاھنىڭ ئەڭ ناچار مەخلۇقى كۆرۈۋاتىمەن. بىز توغرۇلۇق بىرەر ئايەت نازىل بولۇپ، بىزنى رەسۋا قىلىشتىن بەكرەك يۈز دەررە يېيىشنى تېخىمۇ خالايمەن.» 65. «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: ‹بىز پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق› دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) ‹سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟› دېگىن» ـ ئى مۇھەممەد! ئەگەر بۇ مۇناپىقلاردىن ئىسلام دىنى ۋە سەن توغرۇلۇق تارقاتقان يالغان - ياۋىداقلىرى ۋە مەسخىرىۋازلىقلىرى ھەققىدە سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «بىز راست ئەمەس، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق» دەيدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىغا ئاتلانغان چاغدا، يېنىدا مۇناپىقلاردىن بىر تۈركۈم كىشى بار ئىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «بۇ ئادەمگە قاراڭلار، دەمەشق سارايلىرىنى ۋە قەلئەلىرىنى پەتھى قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! ئۇ يەرلەر ناھايىتى يىراق تۇرسا!» ئاللاھ

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلەر مۇنداق - مۇنداق دېدىڭلار» دېدى. ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز ئوينىشىپ ۋە ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغانىدۇق» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا، <سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، مۇقەددەس قانۇنىنى، كىتابىنى ۋە پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن.» بۇ سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ ۋە ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 66. «سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇر-غانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز» ـ سىلەر يالغان قەسەم ئىچىپ ئۆزرە ئېيتماڭلار، چۈنكى ئەپتى - بەشىرەڭلار پاش قىلىنغاندىن كېيىن بۇنداق قەسەملەر سىلەرگە ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلارنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن كاپىرلىقىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭلار. راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن سىلەردىن بىر گۇرۇھنى ئەپۇ قىلساقمۇ، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى ۋە مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايمىز. 67. «مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ،

ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ). ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى (ئاللاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر» ـ مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن: «ئۇلار: ‹بىز چوقۇم سىلەر (سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار)دىن› دەپ، ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان قورقۇنچاق قەۋمدۇر.» دېگەن ئايەت، مۇناپىقلارنىڭ مۆمىنلەردىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىغا زىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنتۇلغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. چۈنكى مۇناپىقلار تامامەن سەركەشلىك ۋە ئىسيانكارلىق ئىچىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكەن پاسىقلاردۇر. مۇناپىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.» 68. «ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللارغا ۋە كۇففارلارغا دوزاخنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار دوزاختا

مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ ئۇلارنى (ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ» ـ ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللارغا ۋە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كۇففارلارغا دوزاخنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ ئۇلارنى ئازابلاشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى دوزاختا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق بىر ئازاب يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت ياغدۇردى ۋە رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارنى خورلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 69. «(ئى مۇناپىقلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلار) سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ - قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال - مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلەردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار؛ ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۈڭلار؛ ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» ئى مۇناپىقلار جامائەسى! سىلەرنىڭ ھالىڭلار سىلەردىن بۇرۇنقى مۇناپىقلارنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە ئىككىنچى شەخس شەكلىدىن ئۈچىنچى شەخس شەكلىگە بۇرۇلۇش باردۇر. ئۇلار بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن سىلەردىنمۇ كۈچتۈڭگۈر، كۈچ - قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال - مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ سىلەرنىڭمۇ

بېشىغلارغا كېلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئۇلار دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە شەھۋەتلىرى جەھەتتىكى نېسىۋەڭلەردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار؛ ئۇلار باتىلغا ۋە گۇمراھلىققا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا ۋە گۇمراھلىققا چۆمدۈڭلار. تەبەرىگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئى مۇناپىقلار! دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش يولىدا سىلەرمۇ بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىڭلار. بۇرۇنقىلار باتىلغا ۋە گۇمراھلىققا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا ۋە گۇمراھلىققا چۆمۈپ كەتتىڭلار. ئۇنداقتا سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەرنىڭ سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭلار.» ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر، ئۇلارنىڭ نامە - ئەمەللىرىنىڭ بەدىلى پەقەتلا دوزاختۇر، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

70. «ئۇلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، كۆمتۈرۈۋېتىلگەن قىشلاقلارنىڭ (لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى قىشلاقلىرىنىڭ) خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلدى (بۇ مۆجىزىلەرنى ئۇلار ئىنكار قىلدى). ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق، لېكىن ئۇلار (كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى» ـ بۇ مۇناپىقلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىرىدە، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۇلارنىڭ بېشىغا نېملەر كەلگەنىدى؟

ئۇلار توپان بالاسىدا ھالاك قىلىنغان نۇھ قەۋمى، بوران بالاسىدا ھالاك قىلىنغان ئاد (ھۇد) قەۋمى، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىنغان سەمۇد قەۋمى، نېمەتلەر قايتۇرۇۋېلىنىش بىلەن ھالاك قىلىنغان ئىبراھىم قەۋمى، سايە كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن ھالاك قىلىنغان شۇئەيب قەۋمى، گۇناھلىرى تۈپەيلى شەھەرلىرى كۆمتۈرۈۋېتىلگەن ۋە باشلىرىغا ساپال تاشلار ياغدۇرۇلغان لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىدە ياشىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلدى، ئەمما ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى زۇلۇم قىلىپ ھالاك قىلغىنى يوق، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرى يۈزىسىدىن ھالاك قىلدى. ئۇلار كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. بۇ مۇناپىقلار، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش بارىسىدا، ئۇلاردىن بۇرۇنقى كاززاپلارغا بېرىلگەن جازالار بىزگە بېرىلمەيدۇ، دەپ قارامدۇ؟ ئاللاھ تەئالا مۇناپىقلارنىڭ ناچار سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۆمىنلەرنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 71. «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ـ مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، يەنى دىنىي قېرىنداشتۇر. ئۇلار ئۆزئارا ياردەم قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھ رازى بولىدىغان تۈرلۈك ياخشى

ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بارلىق يامان ۋە قەبىھ ئىشلاردىن توسىدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن توسىدىغان مۇناپىقلارنىڭ دەل ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇلار نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن زاكات بېرىدۇ، ھەر بىر ئەمر ۋە چەكلىمىلەردە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ ۋە چەكسىز نېمەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچىلار مەغلۇب بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار خار - زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولىدۇ. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. نېمەت ئاتا قىلىش ۋە جازالاشتا ھېكمىتىگە ئاساسەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 72. «ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ئاللاھنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر» ـ ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ئېرىشىدىغان ئۇ يەرنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈ يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە ئاللاھ ئۇلارغا گۈزەل ئۆيلەرنى ۋەدە قىلدى. ھەسەن بەسرىگە كۆرە، بۇ ئۆيلەر مەرۋايىت، قىزىل ۋە يېشىل ياقۇتتىن ياسالغان سارايلاردۇر. ئۇلار ئېرىشىدىغان ئاللاھنىڭ ئازغىنا رازىلىقى جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن كاتتىدۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئاللاھ تەئالا جەننەت ئەھلىگە: «ئى جەننەت ئەھلى!» دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۇلارمۇ: «لەببەي پەرۋەردىگارىمىز. ساڭا ھەمىشە

ئىتائەت قىلىمىز. بۇيرۇقىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمىز» دەيدۇ. ئاللاھ: «نېمەتلىرىمدىن رازى بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «مەخلۇقاتلىرىڭدىن ھېچبىر ئەھەدىگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى بىزگە ئاتا قىلغان تۇرساڭ، نېمىشقا رازى بولمىغۇدەكمىز؟» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ كاتتا نېمەتلەرنى ئاتا قىلىمەن» دەيدۇ. جەننەت ئەھلى: «بۇنىڭدىنمۇ كاتتا يەنە قانداق نېمەت بار؟» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «مەن سىلەردىن رازى. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە غەزەپلەنمەيمەن» دەيدۇ. بۇ كاتتا بەخت بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق بەخت يوقتۇر. 73. «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!» ـ ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن. ئىبنى ئابباسقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا قارشى قىلىچ بىلەن، مۇناپىقلارغا قارشى تىل بىلەن جىھاد قىلغىن.» ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! 74. «ئۇلار (مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى، ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)، ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) يامان كۆرۈشى پەقەت ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى

ئۈچۈنــدۇر، ئەگــەر ئــۇلار (مۇناپىقلىقتىــن) تەۋبــە قىلســا، ئۆزلىرىگــە ياخشــىدۇر، ئەگــەر ئــۇلار (ئىمانىدىــن داۋاملىــق) يــۈز ئۆرۈســە، ئاللــاھ ئۇلارنــى دۇنيــا ۋە ئاخىرەتتــە قاتتىــق ئــازاب بىلــەن جازالايــدۇ، يــەر يۈزىــدە ئۇلارغــا (ئۇلارنــى ئازابتىــن قۇتقۇلدۇرىدىغــان) بىــرەر دوســت ۋە بىــرەر مەدەتــكار تېپىلمايدۇ»

ـ مۇناپىقــلار ئارقاڭدىــن يامــان گــەپ - ســۆز تارقاتمىغانلىقــى توغرىســىدا ئاللــاھ بىلــەن قەســەم قىلىــدۇ. قەتــادە مۇنــداق دەيدۇ: بــۇ ئايــەت ئابدۇللــاھ ئىبنــى ئۇبــەي ھەققىــدە نازىــل بولغــان بولــۇپ، ۋەقەنىــڭ ئارقــا كۆرۈنۈشــى مۇنــداق: جۇھەنــى قەبىلىســىدىن بىــر كىشــى بىلــەن ئەنســارلاردىن بىــر كىشــى ئۇرۇشــۇپ قالىــدۇ. جۇھەنــى قەبىلىســى ئەنســارلارنىڭ ئۈســتىدىن غالىــب كېلىــدۇ. ئىبنــى ســەلۇل ئەنســارلارغا مۇنــداق دەيــدۇ: قېرىندىشــڭلارغا يــاردەم قىلمامســىلەر؟ ئاللــاھ بىلــەن قەســەمكى، مۇھەممەدنىــڭ ئەھۋالــى «ئىــت باقســاڭ، ئاخىــرى بېرىــپ ســېنى چىشــلەيدۇ» دېگەنگــە ئوخشــايدۇ. مۇســۇلمانلاردىن بىــرى بــۇ ئەھۋالنــى مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالامغا يەتكۈزىــدۇ. رەســۇلۇللاھ ئەھۋالنــى ئېنىقــلاپ چىقىــش ئۈچــۈن ئــادەم ئەۋەتىــدۇ. ئەممــا ئىبنــى ســەلۇل ئۇنداق دېمىگەنلىكىگە قەســەم قىلىشــقا باشلايدۇ. بۇنىڭغــا ئاساســەن ئاللــاھ تائــالا بــۇ ئايەتنــى نازىــل قىلىــدۇ: «ئــۇلار ھەقىقەتــەن كۇفــرى ســۆزىنى ئېيتقانــدى.» ئــۇ بولســىمۇ ئىبنــى ســەلۇلنىڭ: «ئاللــاھ بىلــەن قەســەمكى، ئەگــەر مەدىنىگــە قايتســاق، ئــەڭ ئۈســتۈن ئورۇنــدا تۇرىدىغــان كىشــى ئــەڭ تــۆۋەن ئورۇنــدا تۇرىدىغــان كىشــىنى چوقــۇم ئــۇ يەردىــن قوغــلاپ چىقىرىــدۇ.» دېگــەن ســۆزىدۇر. ئــۇلار ئىلگىــرى ئىســلام دىنىغــا كىرگەنلىكىنــى ئىــلان قىلغــان بولۇشــىغا قارىمــاي، كېيىنچــە كاپىــر بولغانلىقىنــى ئوتتۇرىغــا قويــدى. ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان

ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: بۇلار مۇناپىقلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشى بولۇپ، تەبۇك غازىتىدىن قايتقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەنىدى. ئۇلار ئون نەچچە كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھېچقانداق گۇناھى بولمىسىمۇ، يامان كۆرۈشى ۋە ئەيىبلىشى، پەقەت ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئىپادە ناھەق ئەيىبلەنگەن چاغدا ئىشلىتىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇلار ئىماندىن داۋاملىق يۈز ئۆرۈسە ۋە بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. بۇ جازا دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئەسىر ئېلىنىشى، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخقا تاشلىنىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. يەر يۈزىدە ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياكى ئاخىرەت كۈنىدە ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغان بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ.

ئىلاۋە: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبنى كەسىر ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ تۆت قىلىچ بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. بىرىنچىسى، مۇشرىكلارغا قارشى قىلىچ: «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار». ئىككىنچىسى، ئەھلى كىتابلارغا قارشى قىلىچ: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.» ئۈچىنچىسى، مۇناپىقلارغا قارشى قىلىچ: «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن.» تۆتىنچىسى، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا قارشى قىلىچ: «ئاسىيلار تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.»

قىسسە: ئىمام فەخرىددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، مۆمىننى مۇناپىقتىن پەرقلەندۈرىدىغان بەش تۈرلۈك خۇسۇسىيەتنى بايان قىلدى: مۇناپىق كىشى يامانلىققا بۇيرۇيدۇ. نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ. زاكات ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشتا بېخىللىق قىلىدۇ. جىھادقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ. ئەمر قىلىنغان چاغدا چېقماي قېلىپ قالىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ جىھادقا چىقىشتىن توسىدۇ. مۆمىن كىشى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، نامازنى تەدىل - ئەركان بىلەن ئۆتەيدۇ. زاكات بېرىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئالدىرايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك سېلىشتۇرما شەكىلدە بايان قىلغان: ‹مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ.› شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا جازا ۋە مۇكاپات توغرۇلۇقمۇ جەننەت بىلەن جەھەننەمنى سىلىشتۇرغان ھالدا بايان قىلغان.»

وَمِنۡهُم مَّنۡ عَٰهَدَ ٱللَّهَ لَئِنۡ ءَاتَىٰنَا مِن فَضۡلِهِۦ لَنَصَّدَّقَنَّ
وَلَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُم مِّن فَضۡلِهِۦ
بَخِلُواْ بِهِۦ وَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٧٦﴾ فَأَعۡقَبَهُمۡ نِفَاقٗا فِي
قُلُوبِهِمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ يَلۡقَوۡنَهُۥ بِمَآ أَخۡلَفُواْ ٱللَّهَ مَا وَعَدُوهُ
وَبِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ ﴿٧٧﴾ أَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ سِرَّهُمۡ
وَنَجۡوَىٰهُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ﴿٧٨﴾ ٱلَّذِينَ يَلۡمِزُونَ
ٱلۡمُطَّوِّعِينَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ وَٱلَّذِينَ لَا
يَجِدُونَ إِلَّا جُهۡدَهُمۡ فَيَسۡخَرُونَ مِنۡهُمۡ سَخِرَ ٱللَّهُ مِنۡهُمۡ
وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٩﴾ ٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ أَوۡ لَا تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ
إِن تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ سَبۡعِينَ مَرَّةٗ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمۡ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٨٠﴾ فَرِحَ ٱلۡمُخَلَّفُونَ بِمَقۡعَدِهِمۡ خِلَٰفَ رَسُولِ
ٱللَّهِ وَكَرِهُوٓاْ أَن يُجَٰهِدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ وَقَالُواْ لَا تَنفِرُواْ فِي ٱلۡحَرِّۗ قُلۡ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرّٗاۚ
لَّوۡ كَانُواْ يَفۡقَهُونَ ﴿٨١﴾ فَلۡيَضۡحَكُواْ قَلِيلٗا وَلۡيَبۡكُواْ كَثِيرٗا
جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٨٢﴾ فَإِن رَّجَعَكَ ٱللَّهُ إِلَىٰ طَآئِفَةٖ
مِّنۡهُمۡ فَٱسۡتَـٔۡذَنُوكَ لِلۡخُرُوجِ فَقُل لَّن تَخۡرُجُواْ مَعِيَ أَبَدٗا
وَلَن تُقَٰتِلُواْ مَعِيَ عَدُوًّاۖ إِنَّكُمۡ رَضِيتُم بِٱلۡقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٖ
فَٱقۡعُدُواْ مَعَ ٱلۡخَٰلِفِينَ ﴿٨٣﴾ وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰٓ أَحَدٖ مِّنۡهُم مَّاتَ

أَبَدٗا وَلَا تَقُمۡ عَلَىٰ قَبۡرِهِۦٓۖ إِنَّهُمۡ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ
وَمَاتُواْ وَهُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿٨٤﴾ وَلَا تُعۡجِبۡكَ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَأَوۡلَٰدُهُمۡۚ
إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُعَذِّبَهُم بِهَا فِي ٱلدُّنۡيَا وَتَزۡهَقَ أَنفُسُهُمۡ
وَهُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾ وَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٌ أَنۡ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ
وَجَٰهِدُواْ مَعَ رَسُولِهِ ٱسۡتَـٔۡذَنَكَ أُوْلُواْ ٱلطَّوۡلِ مِنۡهُمۡ وَقَالُواْ
ذَرۡنَا نَكُن مَّعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٨٦﴾ رَضُواْ بِأَن يَكُونُواْ مَعَ
ٱلۡخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَفۡقَهُونَ ﴿٨٧﴾ لَٰكِنِ
ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ جَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡۚ
وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلۡخَيۡرَٰتُۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٨٨﴾ أَعَدَّ
ٱللَّهُ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ
ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٨٩﴾ وَجَآءَ ٱلۡمُعَذِّرُونَ مِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ
لِيُؤۡذَنَ لَهُمۡ وَقَعَدَ ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ سَيُصِيبُ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٩٠﴾ لَّيۡسَ عَلَى ٱلضُّعَفَآءِ
وَلَا عَلَى ٱلۡمَرۡضَىٰ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنفِقُونَ
حَرَجٌ إِذَا نَصَحُواْ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦۚ مَا عَلَى ٱلۡمُحۡسِنِينَ مِن
سَبِيلٖۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩١﴾ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ إِذَا مَآ
أَتَوۡكَ لِتَحۡمِلَهُمۡ قُلۡتَ لَآ أَجِدُ مَآ أَحۡمِلُكُمۡ عَلَيۡهِ
تَوَلَّواْ وَّأَعۡيُنُهُمۡ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمۡعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُواْ مَا
يُنفِقُونَ ﴿٩٢﴾ ۞ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَسۡتَـٔۡذِنُونَكَ وَهُمۡ
أَغۡنِيَآءُۚ رَضُواْ بِأَن يَكُونُواْ مَعَ ٱلۡخَوَالِفِ وَطَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ
قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٩٣﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ مۇبارەك ئايەتلەردە، ئاللاھ تەئالا ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە خەتەرلىك بولغان مۇناپىقلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ، ھەمدە ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەئلەبە ئىسىملىك بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مال - مۈلۈك ئاتا قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىن!» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئى سەئلەبە! سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! ئاز بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغان مال -مۈلۈك، شۈكۈر قىلمايدىغان كۆپ مال - مۈلۈككە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى» دېۋىدى، سەئلەبە: «سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مال - مۈلۈك ئاتا قىلىشى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىلساڭ، چوقۇم مەندە ھەققى بار بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەققىنى بېرىمەن» دېدى. سەئلەبە دۇئا قىلىشى ئۈچۈن ھەمىشە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلەتتى. نىھايەت رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى. نەتىجىدە سەئلەبە قويچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قويلىرى خۇددى قۇرۇتتەك كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەدىنىگە سىغماي قالدى. ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ، مەدىنە ۋادىلىرىدىن بىر ۋادىغا باردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇپ، باشقىلىرىنى تەرك ئېتىشكە باشلىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ قويلىرى شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى، سەئلەبە

جۇمە نامىزى ۋە جامائەتنى تەرك ئەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ساھابىلەر ئۇنىڭ ھەققىدە رەسۇلۇللاھقا مەلۇمات بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۇدا ئۈچ قېتىم: «ئى سەئلەبە! ئىست ساڭا» دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: <ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق> دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى.»[1] سەئلەبە ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۆلدى. 2. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەن چاغدا، ئوغلى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنى كېپەنلەش ئۈچۈن كۆڭلىكىنى بېرىشىنى ئېيتىدۇ. رەسۇلۇللاھ كۆڭلىكىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھتىن دادىسىنىڭ مېيىت نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ مېيىت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ مېيىت نامىزىنى ئوقۇمسەن؟» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئۆمەر! مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويۇۋەتكىن، چۈنكى بۇ ئىشتا مەن ئىختىيارىمغا قويۇۋېتىلگەنلىكىم ئۈچۈن بۇنى تاللىدىم. دەرۋەقە ماڭا، ‹(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ

---

[1] مۇپەسسىرلەر بايان قىلغان سەئلەبە ئىسمىلىك بۇ كىشى، مەشھۇر ساھابە سەئلەبە ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئەمەستۇر. بەلكى مۇناپىقلاردىن سەئلەبە دېگەن كىشىدۇر. ئاللاھ تەئالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)›، دېيىلدى. ئەگەر 70 قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلغان تەقدىردە كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلسەم، ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولاتتىم» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. جىنازىسى بىلەن بىرلىكتە مېڭىپ، تاكى قەبرىسىگە يېتىپ بارغاندا توختىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن.»

**تەپسىرى:** 75. «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: ‹ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق› دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى» ـ مۇناپىقلاردىن ئاللاھ تائالاغا مۇنداق ۋەدە بەرگەنلەر باردۇر: ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىپ، رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا، ئەلۋەتتە، پېقىرلار ۋە يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىمىز، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدە ياشىغان ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە خەير ـ ساخاۋەتچىلەر ۋە ياخشىلاردىن بولىمىز. 76. «ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى (ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى)» ـ بىراق ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن رىزىق ئاتا قىلىپ، باي قىلغان چاغدا، ئاللاھ يولىغا مال ـ مۈلۈك سەرپ قىلىشتا بېخىللىق قىلىشتى، ئەھدىنى بۇزۇپ، ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى. 77. «ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز،

ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، (ئىمانىنى، ئېھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (قىيامەت كۈنى)گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى» ـ ئۇلار «سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز» دەپ ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، ئىمانىنى، ئېھسانىنى، دەۋا قىلىشتىكى يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (قىيامەت كۈنى)گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى قىلدى. 78. «ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆزئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟» بۇ سوئال ئەيىبلەش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، ئۆزئارا قىلىشقان يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى؛ كۆزلەر كۆرەلمەيدىغان، قۇلاقلار ئاڭلىيالمايدىغان، سېزىم ئورگانلىرى ھېس قىلالمايدىغان پۈتۈن غەيبلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى مۇناپىقلار ئۇقمامدۇ؟ 79. «(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» ـ مۇناپىقلار مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە

قىلغۇچىلارنى، كەمبەغەل بولغانلىقتىن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئاز سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. تەبەرى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا 40 ئۇقىيە[1] ئالتۇن بېرىدۇ. ئەنسارلاردىن بىرى بىر سا خورما ئەكىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم مۇناپىقلار: «ئابدۇرەھمان بۇلارنى رىياكارلىق قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بىر سا خورمىغا ئېھتىياجى يوق» دېيىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى. ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بۇ بولسا ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابتۇر.» 80. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» ـ بۇ ئىككى ئىبارە «بۇيرۇق شەكلى» بولۇپ، خەۋەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئى مۇھەممەد، سەن ئۇ مۇناپىقلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما بەرىبىر ئوخشاش. ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت

[1] 1 ئۇقىيە 12 دىرھەمگە توغرا كېلىدۇ.

قىلمايدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «70» ئەرەب تىلىدا بىر نەرسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مىسال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەنى، ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭ قىل، بۇ ھەقتە قانچىلىك غەيرەت كۆرسەتسەڭ كۆرسەت، بەرىبىر ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ناھايىتى قەبىھ بىر شەكىلدە ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى ئۇلار ئىمان ئېيتقانلىقلىرىنى بايان قىلىپ، ئىنكارچى قىلمىشلىرىنى يوشۇردى. دەرۋەقە ئاللاھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلمايدىغانلارنى ئىمان ئېيتىشقا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ ھەمدە ئۇلارنى بەخت - سائادەت يولىغا يېتەكلىمەيدۇ. 81. «رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىداماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى. ئۇلار (بىر - بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)» رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىغا ئاتلانغان چاغدا رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغان مۇناپىقلار، ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ غازاتقا ئاتلانغان چاغدا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشتى ۋە ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشتى. قەلبلىرىگە كاپىرلىق ۋە مۇناپىقلىق ئورناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خاتىرجەملىك يولىنى تاللاپ، ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد

قىلىشنى ياقتۇرمىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە: «بۇنداق ئىسسىقتا جىهادقا چىقماڭلار» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن چاغدا ئۇلارنى جىهادقا چىقىشقا چاقىرغاندا ئۇلار شۇنداق دېيىشكەنىدى. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا: «ئۇلار غازاتقا چىقىشنى ياقتۇرمىدى» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، «ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىهاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى» دېيىشىنىڭ سەۋەبى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەكلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن مۇسابىقىلىشىشكە تېگىشلىك ئەڭ شەرەپلىك غايىلەردىن بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. دەرۋەقە، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن غازاتقا چىقماي قېلىپ قالغانلىرىغا سۆيۈنۈپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە بۇزغۇنچىلىق ۋە پاساتچىلىقنى تەۋسىيە قىلىشىپ، قېرىنداشلىرىغا: «بۇنداق ئىسسىقتا غازاتقا چىقماڭلار» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنكارچىلىق ۋە ئازغۇنلۇق سەۋەبىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەم قىلدى. بۇلار: غازاتقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن سۆيۈنۈپ كېتىش، جىهادنى ياقتۇرماسلىق ۋە باشقىلارنىڭمۇ جىهاد قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «جىهادتىن قېلىپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەر كىرىدىغان جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. دەرۋەقە بۇ دۇنيانىڭ ھارارىتى ۋاقىتلىق بولۇپ، مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر. ھالبۇكى جەھەننەمنىڭ ھارارىتى دائىمىي بولۇپ، ھېچ تۆۋەنلىمەيدۇ. ئۇنداقتا نېمىشقا جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن

قورقمايسىلەر؟» زەمەخشەرىيي مۇنداق دەيدۇ: بۇ جۈملە ئۇلارنىڭ ئۇچىغا چىققان جاھىللار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بىر سائەتلىك مۇشەققەتتىن ساقلىنىمەن دەپ، مەڭگۈلۈك مۇشەققەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالغان كىشى ئەڭ ئۇچىغا چىققان جاھىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە، ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە غازاتقا چىققان بولاتتى. ئۇلار گويا يامغۇردىن قاچىمەن دەپ مۆلدۈرگە يولۇقۇپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. 82. «ئۇلار قىلمىش (گۇناھ)لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن» بۇلار خەۋەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلىرىدۇر. يەنى ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بۇ پانىي دۇنيادا خالىغانچە كۈلسۇن. دۇنيادا گۇمراھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغانلىرىدا، مەڭگۈلۈك يىغلاشقا باشلايدۇ. بۇ، گۇناھلىرى تۈپەيلى ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازادۇر. 83. «ئەگەر ئاللاھ سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (غازاتقا) چىقمايسىلەر، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلمايسىلەر، شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (ئاياللار، كىچىك باللار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار› .» ئەگەر ئاللاھ سېنى تەبۇك غازىتىدىن قايتۇرۇپ، ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن بىر

تۈركۈمىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار ئىككىنچى بىر غازاتقا چىقىشقا سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ غازاتقا چىقالمايسىلەر، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى مەن بىلەن بىللە غازاتقا چىقىش شەرىپىگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيسىلەر.» بۇ نەھيي مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان خەۋەر جۈملىسى بولۇپ، مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇناپىقلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەيىبلەش تەرىقىسىدە ئېيتىلغان. چۈنكى سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا مەن بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار. شۇڭا ئەمدى غازاتقا چىقماي قېلىپ قالغۇچى ئاياللار ۋە كىچىك باللار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇڭلار. 84. «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى» ئى مۇھەممەد! سەن بۇ مۇناپىقلارنىڭ بىرەرسى ئۆلگەن چاغدا نامىزىنى چۈشۈرمىگىن. چۈنكى سېنىڭ نامىزىڭ رەھمەتتۇر. ھالبۇكى ئۇلار بۇ رەھمەتكە لايىق ئەمەستۇر. دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن. چۈنكى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا مۇناپىق ئىدى. ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېيتىپ، كاپىرلىقىنى يوشۇراتتى. ئۇلار ئىسلامدىن چىقىپ، سەركەش مۇناپىق ھالىتىدە ئۆلدى. بۇ ئايەت ئىبنى سەلۇل ھەققىدە نازىل بولغان. 85. «ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. ئاللاھ دۇنيادا بۇلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى، ئۇلارنىڭ كاپىر

پىتى جان ئۆزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.» بىز ئۇلارغا ئېھسان قىلغان پۇل -ماللار ۋە ئەۋلادلار سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. چۈنكى پۇل - ماللار ۋە ئەۋلادلار ئۇلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. دەرۋەقە، ئاللاھ دۇنيادا تۈرلۈك مۇسىبەتلەر ۋە مۇشەققەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى، ئۇلار ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاش ۋە پىكىر - تەپەككۇر قىلىشىنىڭ ئورنىغا، مال - مۈلۈكلەر ۋە ئەۋلادلار بىلەن بولۇپ كەتكەن بىر پەيتتە، كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ. 86. «بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: ‹ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار› دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مالدارلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ. ئۇلار: ‹بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بەخىرامان) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى› دەيدۇ» بۇ ئىبارە ئىنكارچىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شانلىق بىر سۈرە نازىل قىلىنىپ: «ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىڭلار، ھەقىقەتنىڭ زەپەر قازىنىشى ۋە دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۇل - مېلى ۋە ئەۋلادلىرى كۆپ بولغانلار سەندىن غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا رۇخسەت سوراشتى. ئۇلار: «بىزنى قوي، غازاتقا چىقماي، ئۆزرىلىرى تۈپەيلى ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى» دېيىشتى. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ئەيىبلەش ۋە كايىش يۈزىسىدىن مۇنداق دېدى: 87. «ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن

كېلىدىغان بەختىنى) چۈشەنمەيدۇ» ئۇلار ئۆيلىرىدە ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەخت - سائادەتنى، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىشتىكى بەختسىزلىكنى چۈشەنمەيدۇ. 88. «لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر» رازى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەل ئەكسىچە پوزىتسىيە تۇتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. لېكىن پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن پۇل - ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. بۇ مۇناپىقلار جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغان بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، ئۇلاردىن ياخشىراق، نىيىتى ۋە ئىمانى تېخىمۇ خالىس بولغانلار جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تۈرلۈك ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدۇ، ئۇلار بۇ دۇنيادا زەپەر ۋە غەنىمەتكە، ئاخىرەتتە جەننەت ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر. 89. «ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر» چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقانلىقى، پۇل - ماللىرى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ جىھاد قىلغانلىقى

ئۇچۇن، ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەخت ۋە ناھايىتى زور غەلىبىدۇر. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زەپەر يوق. 90. «ئەئرابىيلاردىن ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. (ئىماننى دەۋا قىلىپ) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىھادقا چىقمىدى (ئەئرابىيلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىھادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىدى). ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» ئەئرابلاردىن يالغاندىن ئۆزرە بايان قىلىپ كەلگۈچىلەر جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت سورىدى. مەدىنىلىك مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتىمۇ بەدەۋى (ئەئرابى) مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلگەن. بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇلار ئەسەد ۋە غەتەفان قەبىلىسى بولۇپ، پېقىرلىقلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆزرە بايان قىلىپ، جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت تەلەپ قىلىشقانىدى. ئىماننى دەۋا قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىھادقا چىقمىدى. بۇلار جىھادقا چىقمىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىگەن بىر قەۋمدۇر. بۇ ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. يەنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغان ۋە ئىمان دەۋاسىدا يالغانچى بولغان بۇ مۇناپىقلار دۇنيادا ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە تاشلىنىش بىلەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. 91. «ئاجىزلار (ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت

تاپالمىغانلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىهادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر» ئاجىزلىقى ۋە كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن جىهادقا چىقىشقا قۇربى يەتمىگەن ياشانغانلار بىلەن كېسەللەر، جىهادقا چىقىشقا خىراجەت تاپالمىغان پېقىرلار ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسىلا، يالغان خەۋەر تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى پاراكەندە قىلمىسىلا ۋە پىتنە - پاسات تېرىمىسىلا جىهادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزرىسى بار كىشىلەردۇر. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر. ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن نەسىهەت قىلغاچقا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى «ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلار» دەپ تەرىپلىدى. ئۇلارغا كايىش ۋە ئەيىبلەشنى بىكار قىلدى. بۇ يەردە مۇبالىغە ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. چىن ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتى كاتتىدۇر، رەھمىتى چەكسىزدۇر. 92. «يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىهادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدىڭ. ئۇلار (جىهادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن هالدا قايتىشتى» يەنە سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەنلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر. بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىقىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارنى ئۇلاغ بىلەن

تەمىنلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن غازاتتىن قېلىپ قالغان ۋە شۇ ۋەجىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: يىغلىغان بۇ كىشىلەر ئەنسارلاردىن يەتتە كىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «بىز غازاتقا چىقىشقا نىيەت قىلدۇق. بىزنى ئۇلاغ بىلەن تەمىنلىگىن، بىزمۇ سەن بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلايلى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغنى تاپالمايۋاتىمەن.» شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىغلىغان پېتى قايتىشتى. ئۇلار جىھادقا چىقىش ئۈچۈن سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، سەن ئۇلارغا «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدىڭ. ئۇلار جىھادقا چىقىشقا سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى، پەيغەمبەرنىڭمۇ ئۇلارنى تەمىنلىيەلىگۈدەك ئۇلاغلىرى بولمىغىنى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى. 93. «ئۆزلىرى باي تۇرۇپ، (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك، ئۇلار (جىھادقا چىقمىغان ئاياللار، كېسەللەر، ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ» قۇربى يەتسىمۇ، پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلالىغۇدەك بايلىققا ئىگە بولسىمۇ جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشقا سەندىن رۇخسەت سورىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك. ئۇلار جىھادقا چىقمىغان ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلار توغرا يول تاپالمايدۇ.

**ئىلاۋە:** زەمەخشەرىي «ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «70» ئەرەب تىلىدا بىر نەرسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەشتە مىسال كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دېگەن: ئاس ۋە ئاسىنىڭ ئوغلى 70 مىڭ قېتىم قاپاقلىرىنى تۈرۈشتى.

ئۇ بۇنى سانىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئەمەس، ئەرەبلەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسەن شۇنداق دېگەن.

**ئەسكەرتىش:** رەسۇلۇللاھنىڭ مۇناپىقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن مەنئى قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا، مەغپىرەت ۋە شاپائەت تەلەپ قىلىش دېگەن ئۇقۇمدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇناپىقلار بولسا بۇنىڭغا لايىق ئەمەس.

**قىسسە:** ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەسۇلۇللاھنىڭ سىر ساقلىغۇچىسى دەپ مەشھۇر بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ساڭا بىر سىر ئېيتىمەن، ئۇنى ھېچكىمگە دېمىگىن. پالانىنىڭ، پۇستانىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشۈم مەنئى قىلىندى.» ئۇ بۇ گەپلەرنى سان جەھەتتىن كۆپ بولغان بىر تۈركۈم مۇناپىقلار ھەققىدە قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇزەيفەنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ مۇناپىقلار توغرۇلۇق سۆز قىلغاندا مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدىمۇ؟» دەپ سورىدى.

يَعۡتَذِرُونَ إِلَيۡكُمۡ إِذَا رَجَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡۚ قُل لَّا تَعۡتَذِرُواْ لَن
نُّؤۡمِنَ لَكُمۡ قَدۡ نَبَّأَنَا ٱللَّهُ مِنۡ أَخۡبَارِكُمۡۚ وَسَيَرَى ٱللَّهُ
عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ
فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٩٤﴾ سَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ
إِذَا ٱنقَلَبۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ لِتُعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ إِنَّهُمۡ
رِجۡسٞۖ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٩٥﴾
يَحۡلِفُونَ لَكُمۡ لِتَرۡضَوۡاْ عَنۡهُمۡۖ فَإِن تَرۡضَوۡاْ عَنۡهُمۡ فَإِنَّ
ٱللَّهَ لَا يَرۡضَىٰ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٩٦﴾ ٱلۡأَعۡرَابُ أَشَدُّ
كُفۡرٗا وَنِفَاقٗا وَأَجۡدَرُ أَلَّا يَعۡلَمُواْ حُدُودَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ
عَلَىٰ رَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٩٧﴾ وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن
يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغۡرَمٗا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ ٱلدَّوَآئِرَۚ عَلَيۡهِمۡ
دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ﴿٩٨﴾ وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن
يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ قُرُبَٰتٍ عِندَ
ٱللَّهِ وَصَلَوَٰتِ ٱلرَّسُولِۚ أَلَآ إِنَّهَا قُرۡبَةٞ لَّهُمۡۚ سَيُدۡخِلُهُمُ ٱللَّهُ
فِي رَحۡمَتِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩٩﴾ وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلۡأَوَّلُونَ
مِنَ ٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ وَٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُم بِإِحۡسَٰنٖ رَّضِيَ
ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُ وَأَعَدَّ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي تَحۡتَهَا
ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٠٠﴾ وَمِمَّنۡ
حَوۡلَكُم مِّنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مُنَٰفِقُونَۖ وَمِنۡ أَهۡلِ ٱلۡمَدِينَةِ
مَرَدُواْ عَلَى ٱلنِّفَاقِ لَا تَعۡلَمُهُمۡۖ نَحۡنُ نَعۡلَمُهُمۡۚ سَنُعَذِّبُهُم
مَّرَّتَيۡنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ إِلَىٰ عَذَابٍ عَظِيمٖ ﴿١٠١﴾ وَءَاخَرُونَ

ٱعۡتَرَفُواْ بِذُنُوبِهِمۡ خَلَطُواْ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَءَاخَرَ سَيِّئًا
عَسَى ٱللَّهُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٠٢﴾
خُذۡ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡ صَدَقَةٗ تُطَهِّرُهُمۡ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ
عَلَيۡهِمۡۖ إِنَّ صَلَوٰتَكَ سَكَنٞ لَّهُمۡۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٣﴾
أَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ يَقۡبَلُ ٱلتَّوۡبَةَ عَنۡ عِبَادِهِۦ وَيَأۡخُذُ
ٱلصَّدَقَٰتِ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾ وَقُلِ ٱعۡمَلُواْ
فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۖ وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ
عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٠٥﴾
وَءَاخَرُونَ مُرۡجَوۡنَ لِأَمۡرِ ٱللَّهِ إِمَّا يُعَذِّبُهُمۡ وَإِمَّا يَتُوبُ
عَلَيۡهِمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿١٠٦﴾ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مَسۡجِدٗا
ضِرَارٗا وَكُفۡرٗا وَتَفۡرِيقَۢا بَيۡنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَإِرۡصَادٗا لِّمَنۡ
حَارَبَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ مِن قَبۡلُۚ وَلَيَحۡلِفُنَّ إِنۡ أَرَدۡنَآ إِلَّا
ٱلۡحُسۡنَىٰۖ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٠٧﴾ لَا تَقُمۡ فِيهِ
أَبَدٗاۚ لَّمَسۡجِدٌ أُسِّسَ عَلَى ٱلتَّقۡوَىٰ مِنۡ أَوَّلِ يَوۡمٍ أَحَقُّ أَن
تَقُومَ فِيهِۚ فِيهِ رِجَالٞ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ
ٱلۡمُطَّهِّرِينَ ﴿١٠٨﴾ أَفَمَنۡ أَسَّسَ بُنۡيَٰنَهُۥ عَلَىٰ تَقۡوَىٰ مِنَ ٱللَّهِ
وَرِضۡوَٰنٍ خَيۡرٌ أَم مَّنۡ أَسَّسَ بُنۡيَٰنَهُۥ عَلَىٰ شَفَا جُرُفٍ
هَارٖ فَٱنۡهَارَ بِهِۦ فِي نَارِ جَهَنَّمَۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٩﴾ لَا يَزَالُ بُنۡيَٰنُهُمُ ٱلَّذِي بَنَوۡاْ رِيبَةٗ فِي قُلُوبِهِمۡ
إِلَّآ أَن تَقَطَّعَ قُلُوبُهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١١٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

بۇ ئايەتلەردە، جىهادقا چىقماي قېلىپ قالغان ۋە يالغاندىن قەسەم قىلغانلار بىلەن ئۆزرە بايان قىلغان مۇناپىقلار توغرۇلۇق داۋاملىق مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتلەردە مۇناپىقلارنىڭ تۇزاقلىرىدىن بىرى بولغان مەسجىدى زىرار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. مۇناپىقلار ئۇنى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا تۇزاق ھازىرلاش مەقسىتىدە بىنا قىلغانىدى. ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرىنى بۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇماسلىق توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇردى. چۈنكى بۇ مەسجىد تەقۋادارلىق ئۈستىگە قۇرۇلمىغانىدى. بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مۇناپىقلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسىتىدە قۇرۇلغانىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ مەسجىد مەسجىدى زىرار (زىيانلىق مەسجىد) دەپ ئاتالغانىدى.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ ئامىر راھىب[1] جاھىلىيەت دەۋرىدە خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ، راھىب بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ماقامى قولدىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىكى قەۋمنى تاپالىسام، چوقۇم ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ساڭا ئۇرۇش قىلىمەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنى «پاسىق ئەبۇ ئامىر» دەپ ئاتىغانىدى. ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ھەۋازىن قەبىلىسى مەغلۇپ بولغان چاغدا دەمەشققە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەمەشقتىن مۇناپىقلارغا مۇنداق خەۋەر يوللىغانىدى: «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار.

---

[1] بۇ كىشى پەرىشتىلەر غۇسۇل قىلغان ھەنزەلەنىڭ دادىسىدۇر.

مەن ئۈچۈنمۇ بىر مەسجىد بىنا قىلىڭلار. مەن قەيسەرنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن. ۋىزانتىيە قوشۇنىنى باشلاپ، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى قوغلاپ چىقىرىمەن.» بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇناپىقلار قۇبا مەسجىدىنىڭ يېنىغا بىر مەسجىد بىنا قىلدى. ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «بىز كېسەللەر، موھتاجلار ۋە يامغۇرلۇق كېچىلەر ئۈچۈن بىر مەسجىد بىنا قىلدۇق. سېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇشۇڭنى ئۆتۈنىمىز.» رەسۇلۇللاھ كىيىنىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشقا تەييارلانغان چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولدى. ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرىگە مەسجىدى زىرار ۋە مۇناپىقلارنىڭ شۇم نىيىتى توغرۇلۇق خەۋەر بەردى. رەسۇلۇللاھ بىر قىسىم ساھابىلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «ئاھالىسى زالىم بولغان ئۇ مەسجىدكە بېرىپ، ئوت قويۇۋېتىڭلار.» ساھابىلەر ئۇ يەرگە بېرىپ، مەسجىدنى كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىمۇ تارقىلىپ كەتتى. بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: «بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (ئەبۇ ئامىر راھىب)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى.»

**تەپسىرى:** 94. «ئۇلارنىڭ يېنىغا (مەدىنىگە تەبۇك غازىتىدىن) قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە (غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقلىرى توغرىسىدا) ئۆزرە بايان قىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا: ‹ئۆزرە بايان قىلماڭلار، سىلەرنىڭ (سۆزۈڭلارغا) ئىشەنمەيمىز، ئاللاھ سىلەرنىڭ

ئەھۋاللىرىنى (ۋە دىللىرىدىكى مۇناپىقلىقنى) بىزگە خەۋەر قىلدى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىنكى) ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. (مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟)، ئاندىن كېيىن (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە پۈتۈن قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگەن» ـ تەبۇك غازىتىدىن قېلىپ قالغۇچىلار، سىلەر جىھاد سەپىرىدىن قايتىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان چېغىڭلاردا غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقلىرى توغرىسىدا سىلەرگە ئۆزرە بايان قىلىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «ئۆزرە بايان قىلماڭلار، سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى، دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىق ۋە بەتنىيەتلىكنى بىزگە خەۋەر قىلدى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر؟ ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تۇرغىنىڭلاردا ئاللاھ سىلەرگە پۈتۈن قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ، قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر ياكى جازاغا ئۇچرايسىلەر.» 95. «ئۇلار (مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر» ـ تەبۇك غازىتىدىن ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ

كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ ۋە ھەزەر ئەيلەپ يۈز ئۆرۈڭلار. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار.» ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە پاناھگاھى بولۇپ، بۇ دۇنيادا قىلغان مۇناپىقلىقلىرى ۋە ئىشلىگەن گۇناھلىرى تۈپەيلى ئۇلارغا شۇنداق جازا بېرىلىدۇ.» 96. «سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى ئاللاھ پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ» ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە يالغاندىن ئۆزرە بايان قىلىشلىرىغا ئالدىنىپ قېلىشىڭلاردىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا ئايەتنى تەكرارلىدى. يەنى سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە چىن دىلىدىن قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلارمۇ شۇنى بىلىڭلاركى، بۇنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە ئالماشنىڭ ئورنىغا «پاسىقلار» ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئۇلارنىڭ پاسىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. 97. «ئەئرابىيلارنىڭ (قىر ئەرەبلىرىنىڭ) كۇفرى ۋە

مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر. ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر، ئاللاھ (مەخلۇقاتىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ئەئرابىلار (بەدەۋىلەر) شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا كۇفرىلىق ۋە مۇناپىقلىق جەھەتتىن تېخىمۇ زىيادىدۇر. چۈنكى ئۇلار قوپال ۋە دىللىرى قېتىپ كەتكەن، ياخشىلار بىلەن ناھايىتى ئاز كۆرۈشىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان قانۇنلار ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئەڭ يېقىندۇر. ئەبۇ ھەييان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بەدەۋىلەر تەكەببۇر، پەرۋاسىز بولغانلىقلىرى، باشقۇرغۇچىسىز، يېتەكچىسىز ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئىنكارچىلىق ۋە مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ زىيادە كېلىدۇ. «ئۇلار خالىغانچە چوڭ بولغان. شۇڭا ئۇلار ئالىملار بىلەن كۆرۈشۈشتىن، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىشتىن تولىمۇ يىراقتۇر. چۈنكى ئۇلار مەدىنە مۇناپىقلىرىغا قارىغاندا كۇفرىلىقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكۈچىلەردۇر.» ئاللاھ مەخلۇقاتىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. 98. «ئەئرابىيلاردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئۇچرىسۇن، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» ـ ئەئرابىيلاردىن بەزىلىرى ئاللاھ يولىدا قىلغان خەير - ئېھسانلىرىنى ۋە بەرگەن سەدىقىلىرىنى جەرىمانە ۋە زىيان ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن نە بىرەر ياخشىلىق، نە بىرەر ساۋابقا

ئىبرىشىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ يولىدا پۇل - مال سەرپ قىلىش مەسئۇلىيىتىدىن قېچىش يۈزىسىدىن، سىلەرنىڭ بىرەر مۇسىبەتكە دۇچار بولۇشۇڭلارنى كۈتىدۇ. بۇ يەردىكى قىستۇرما جۈملىدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچرىسۇن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ تۇرغۇچى، قىلغان ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 99. «ئەئرابىيلارنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا بولغان يېقىنچىلىققا ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر» ـ بەدەۋىلەرنىڭ ئىچىدە شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بۇ مۇناپىقلارنىڭ دەل ئەكسىچە، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىدۇ. ئاللاھ يولىدا بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش ۋە رازىلىقىغا نائىل بولۇشنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. بۇ يەردىكى باشلانغۇچ قوشۇمچىسى بولۇپ، بىر ئىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى شۇنى بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنچىلىققا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار پۇل - ماللىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلىغان جەننىتىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن

ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان مۆمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا تولىمۇ مېھرىباندۇر، دەرۋەقە ئۇلارنى ئىتائەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. 100. «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر» - ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلاردىن ئاللاھ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالادىن مەمنۇن بولدى[1]. بۇ بىر كەچۈرۈم قىلىش ۋە رازى بولۇش ۋەدىسىدۇر. بۇ، مۆمىنلەر ئېرىشمەكچى بولغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلاردىن رازى بولۇشى ۋە ئۇلارنىمۇ رازى قىلىشى ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكەن مەرتىۋىلەر ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولدى، ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ۋە ئىتائەت قىلغانلىقلىرىنىڭ بەدىلىگە ئۇلارغا كاتتا ساۋاب ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ

[1] شەئبىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بۇلار بەيئەتۇر رىزۋان (رىزۋان بەيئىتىگە) غا قاتناشقان كىشىلەر بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇلار ئىككى قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان مۇسۇلمانلاردۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇلار ھىجرەت قىلىش ۋە ياردەم بېرىشتە ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالغان بارلىق ساھابىلەر بولۇپ، تەبەرى بىلەن فەخرۇز رازىنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق.

ئاللاھ تائالادىن رازى بولدى. ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە دەرەخلەرنىڭ ۋە قەسىرلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەخت بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت يوقتۇر. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا بەدەۋىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىنى زىكىر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇقمۇ مەلۇمات بېرىشكە باشلىدى. بىراق ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىككى تەبىقىنى ماختىشى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق باردۇر. ئالدىنقى تەبىقە ئۈچۈن، «شۇنى بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستىنلا ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنچىلىققا ئېرىشىدۇ.» دېسە، ئىككىنچى تەبىقە ئۈچۈن، «ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە دەرەخلەرنىڭ ۋە قەسىرلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى.» دېدى. ئايەتنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ ئىبارىلەر بىلەن تاماملىدى: «ئاللاھ تائالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.» بۇ يەردە بولسا «بۇ چوڭ بەختتۇر» ئىبارىسىنى ئىشلەتتى. 101. «ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىيلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز. ئۇلارنى ئىككى قېتىم (دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ» ـ ئى مەدىنە ئاھالىسى! ئەتراپىڭلاردا، ئۆيلىرى سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلەرگە يېقىن بولغان بەدەۋى مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىنىڭ ئىچىدىمۇ مۇناپىقلار بار بولۇپ، ئۇلار مۇناپىقلىقتا

چىلىك تۇرۇشتى. ئىبنى ئابباسقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلار مۇناپىقلىق يولىغا كۆنۈپ قېلىپ، شۇ يولدا مېڭىشتا چىڭ تۇردى. ‹ئىبنى سەلۇل، جۇلاس ۋە ئەبۇ ئامىر راھىب قاتارلىقلار ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر› .» ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقتىكى ئۇستىلىقلىرىنى بىلمەيسەن. دەرۋەقە، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. بىراق، بىز ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن سېنى خەۋەردار قىلىمىز. ئۇلارنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن ئىككى قېتىم جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار ئۈچۈن تەييارلىغان دوزاخ ئازابىغا قايتۇرۇلىدۇ. 102. «يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى (باشقىلارغا ئوخشاش جىهادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى). ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» ـ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش جىهادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى. رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇلار مۇناپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ھورۇنلۇقلىرىدىن تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالغان، ئاندىن قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلغان بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلاردۇر.» ئۇلار ئىلگىرىكى جىهادلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە چىققان باشقا غازاتلارغا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، يامان ئىش ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم تەبۇك غازىتىغا چىقماسلىقى ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىۋاسىتە ئىشلىتىلسە چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىبارە، ئەرەب تىلىدا، ئىلگىرىمۇ ئۆتتۈرىغا قويۇلغىنىدەك، ‹ئۈمىد قىلىش› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.» ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۆزىگە قايتقۇچىلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر. 103. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» – ئى مۇھەممەد! گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە بۇ سەدىقە سايىسىدا ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكەيسەن. نىھايەت ئۇلار بۇ ئارقىلىق ياخشى ۋە سەممىي مۆمىنلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەي. گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، چۈنكى سېنىڭ دۇئايىڭ ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «بۇ ئۇلار ئۈچۈن رەھمەت ئېلىپ كېلىدۇ.» ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، نىيەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 104. « ئۇلار (تەۋبە قىلغۇچىلار) ئاللاھنىڭ ئۆز

بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟» - بۇ سوئال ئىقرار قىلدۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئاشۇ تەۋبە قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىش ۋە مەرھەمەتنى پەقەت ئۆزىگىلا خاس قىلغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ 105. «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ› .» - بۇ، ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق فورمۇلىسىدۇر. يەنى ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، سىلەرنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلار ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەستۇر. قىلغان ئەمەللىڭلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەرگە ئاشكارا كۆرسىتىلىدۇ. سىلەر يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. 106. «يەنە بىر قىسىم (جىھادقا چىقمىغان) كىشىلەر (نىڭ ئىشى) ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قالدۇرۇلدى، ئاللاھ يا ئۇلارنى (تەۋبە قىلمىسا) جازالايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ (ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ).

ئاللاھ ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ـ يەنە جىھادقا چىقمىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشىمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قالدۇرۇلدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇلار كەئب ئىبنى مالىك، مىراره ئىبنى رەبى ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار نە دەرھال تەۋبە قىلمىدى، نە ئۆزره بايان قىلمىدى. ئۇلار بەدرى ئەھلىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش ۋە سالاملىشىشنى مەنئى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانغا قەدەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۈتتى.» بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ يا ئۇلارنى جازالايدۇ، ياكى ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىپ كەچۈرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق ئىشلاردا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مەزكۇر ئۈچ كىشىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق «ئاللاھ تائالا جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى.» دېگەن ئايەتتە مەلۇمات بېرىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدىكى ئەمرىنى 50 كېچە كېچىكتۈردى. بۇ جەرياندا مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن يىراق تۇردى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقى بايان قىلىنغان ئايەت نازىل بولدى. 107. «بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (ئەبۇئامىر راھىب)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: ‹بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىراده قىلدۇق› دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز

يالغانچىلاردۇر›.» ـ مۇناپىقلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر گۇناھ قىلىشتا تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتى. ھەتتا ئۇلار مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن، شۇم نىيەتلىك پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشان قىلىنغان يىغىن ئورنىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى «مەسجىد» دەپ ئاتاشتى. بۇ مەسجىد «مەسجىدى زىرار» ئىسمى بىلەن تونۇلدى. ئۇلار يوشۇرغان كۇفرىنى كۈچەيتىش، بۇ ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئۇلارنى قۇبا مەسجىدىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەمدە ئىلگىرى رەسۇلۇللاھقا: ‹ساڭا قارشى تۇرىدىغانلىكى كىشىلەرنى تاپالىسام، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن› دېگەن پاسىق ئەبۇئامىر راھىبنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد زىرارنى بىنا قىلدى. ئەبۇ ئامىر ئۆزىگە پاناھگاھ بولسۇن دەپ ئۇلارغا بۇ مەسجىدنى سېلىشنى بۇيرۇغان كىشى ئىدى. زەھھاكنىڭ بىر رىۋايىتىدە تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇلار مۇناپىقلاردىن بىر گۇرۇھ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ۋە رەسۇلۇللاھقا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن قۇبادا بىر مەسجىد بىنا قىلىشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: ئەبۇ ئامىر كەلگەن چاغدا شۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇيدۇ ۋە مۇھەممەدنى يېڭىپ، غەلىبە قىلىدۇ›.› ئۇلار: › بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق› دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ ھەمدە مىسكىنلەرگە ئىچىمىز ئاغرىغانلىقى ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق دەيدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار بۇ قەسەملىرىدە شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. ئاللاھ تەئالا جۈملىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنى تەكىتلەش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق زىكىر قىلدى. ئاندىن

ئاللاھ تائالا مەسجىدى زىراردا ناماز ئوقۇشنى مەنئىي قىلىپ مۇنداق دېدى: 108. «ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» ـ ئى مۇھەممەد! ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن. چۈنكى ئۇ مۇناپىقلار ئۈچۈن پاناھگاھ بولۇش نىيىتىدە بىنا قىلىندى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان قۇبا مەسجىدى ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر. بۇ يەردىكى ئالدى قوشۇلغۇچى «قەسەم» قوشۇمچىسىدۇر. قۇبا مەسجىدىدە تەقۋادار كىشىلەر بار بولۇپ، بۇلار «ئەنسارلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار گۇناھلاردىن پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەئالا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان قۇبا مەسجىدىنىڭ مەسجىدى زىراردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: 109. «(دىنىنىڭ) بىناسىنى ئاللاھقا تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە قۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» ـ بۇ يەردىكى سوئال ئالمىشى ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ. يەنى دىنىنىڭ بىناسىنى ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە قۇرۇپ،

ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئاللاھ زالىملارنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ ۋە ھىدايەتكە يېتەكلىمەيدۇ. بۇ ئايەتتە، ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئىخلاسمەن ۋە ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى بىلەن مۇناپىق ۋە ئازغۇن كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى سېلىشتۇرما ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ. يەنى، دىنىنىڭ بىناسىنى تەقۋادارلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى دىنىنىڭ بىناسىنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە، يەنى مۇناپىقلىق ۋە باتىلنىڭ ئۈستىگە قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ؟ 110. «تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ ئۆلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ سالغان مەسجىدى (مەسجىدى زىرار) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق)نىڭ يىلتىزى بولۇپ قىلىۋېرىدۇ، ئاللاھ (مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى جازالاشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ـ مەسجىدى زىرارنى بىنا قىلغانلارنىڭ دىللىرىدا ھەمىشە شەك ـ شۈبھە، نىفاق، ئۆچمەنلىك باردۇر. ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلغانلىقلىرىنى گۇمان قىلىشىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ بۇ مەسجىدنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ مەسجىدنى بىنا قىلغانلارغا ھاقارەت يۈزىسىدىن، مەسجىدنى ئەخلەت، تاشلاندۇق ۋە نىجىس نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ ئۆلمىگىچە، ئۇلارنىڭ سالغان مەسجىدى (مەسجىدى زىرار) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق)نىڭ يىلتىزى بولۇپ

قىلىۋېرىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلارنى ئىدارە قىلىشتا ۋە يامان نىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارنى جازالاشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

**ئىلاۋە:** «ئۈمىدلىك» ئىبارىسى، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە قەتئىيلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام رازى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ تىلدىكى ئادەتلىرىگە ئاساسەن نازىل بولغان. ھەرقانداق بىر موھتاج كىشى كاتتا بىر پادىشاھتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندا تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ، تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدا بىر ئىشنى قىلىشتا ھېچكىمنى مەجبۇر قىلماستىن، ئۆز ئىختىيارى بويىچە روياپقا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدا يەنە مۇنداق بىر پايدىمۇ بار: تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭمۇ قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئۈستىدە بولۇشىدۇر.

**قىسسە:** ئەئمەشنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، بىر بەدەۋى زەيد ئىبنى سۇھاننىڭ سورۇنىغا قاتنىشىدۇ. شۇ چاغدا زەيد دوستلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ئۇ نىھاۋەند ئۇرۇشىدا قولىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. بەدەۋى مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ سۆزلىرىڭ ماڭا ياقىدۇ، قولۇڭ بولسا مېنى گۇمانغا سېلىپ قويىدۇ.» زەيد مۇنداق دەيدۇ: «قولۇم سېنى نېمىشقا گۇمانغا سېلىپ قويىدۇ؟ چۈنكى ئۇ سول قولدۇر.» بەدەۋى: «كىشىلەرنىڭ ئوڭ ياكى سول قولنى كېسىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا: «ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت

ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىكتە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر...» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بەدەۋىنىڭ «قولۇڭ مېنى گۇمانغا سېلىپ قويۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى، «ئوغرىلىق قىلىپ قولۇڭ كېسىلگەنمىكىن دەپ قالدىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئوغرىلىق جىنايەتلىرىدە ئالدى بىلەن ئوڭ قولنىڭ كېسىلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى، ئۇنىڭ جاھىللىقىدۇر.

إِنَّ ٱللَّهَ ٱشۡتَرَىٰ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَنفُسَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُم بِأَنَّ
لَهُمُ ٱلۡجَنَّةَۚ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيَقۡتُلُونَ وَيُقۡتَلُونَۖ
وَعۡدًا عَلَيۡهِ حَقّٗا فِي ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَٱلۡإِنجِيلِ وَٱلۡقُرۡءَانِۚ وَمَنۡ
أَوۡفَىٰ بِعَهۡدِهِۦ مِنَ ٱللَّهِۚ فَٱسۡتَبۡشِرُواْ بِبَيۡعِكُمُ ٱلَّذِي بَايَعۡتُم
بِهِۦۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١١١﴾ ٱلتَّٰٓئِبُونَ ٱلۡعَٰبِدُونَ
ٱلۡحَٰمِدُونَ ٱلسَّٰٓئِحُونَ ٱلرَّٰكِعُونَ ٱلسَّٰجِدُونَ ٱلۡأٓمِرُونَ
بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱلنَّاهُونَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡحَٰفِظُونَ لِحُدُودِ
ٱللَّهِۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١١٢﴾ مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن
يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا
تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١١٣﴾ وَمَا كَانَ ٱسۡتِغۡفَارُ
إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوۡعِدَةٖ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ
لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوّٞ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنۡهُۚ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٞ ﴿١١٤﴾
وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِلَّ قَوۡمَۢا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰهُمۡ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم
مَّا يَتَّقُونَۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۚ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ
مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿١١٦﴾ لَّقَد تَّابَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلنَّبِيِّ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ

وَٱلۡأَنصَارِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ ٱلۡعُسۡرَةِ مِنۢ بَعۡدِ مَا
كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٖ مِّنۡهُمۡ ثُمَّ تَابَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّهُۥ بِهِمۡ
رَءُوفٞ رَّحِيمٞ ١١٧ وَعَلَى ٱلثَّلَٰثَةِ ٱلَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّىٰٓ إِذَا ضَاقَتۡ
عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ وَضَاقَتۡ عَلَيۡهِمۡ أَنفُسُهُمۡ
وَظَنُّوٓاْ أَن لَّا مَلۡجَأَ مِنَ ٱللَّهِ إِلَّآ إِلَيۡهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيۡهِمۡ
لِيَتُوبُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ١١٨ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَكُونُواْ مَعَ ٱلصَّٰدِقِينَ ١١٩ مَا كَانَ لِأَهۡلِ
ٱلۡمَدِينَةِ وَمَنۡ حَوۡلَهُم مِّنَ ٱلۡأَعۡرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ عَن
رَّسُولِ ٱللَّهِ وَلَا يَرۡغَبُواْ بِأَنفُسِهِمۡ عَن نَّفۡسِهِۦۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
لَا يُصِيبُهُمۡ ظَمَأٞ وَلَا نَصَبٞ وَلَا مَخۡمَصَةٞ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا
يَطَـُٔونَ مَوۡطِئٗا يَغِيظُ ٱلۡكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنۡ عَدُوّٖ نَّيۡلًا
إِلَّا كُتِبَ لَهُم بِهِۦ عَمَلٞ صَٰلِحٌۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٢٠ وَلَا يُنفِقُونَ نَفَقَةٗ صَغِيرَةٗ وَلَا كَبِيرَةٗ وَلَا
يَقۡطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمۡ لِيَجۡزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحۡسَنَ مَا
كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٢١ ۞ وَمَا كَانَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةٗۚ
فَلَوۡلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرۡقَةٖ مِّنۡهُمۡ طَآئِفَةٞ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي ٱلدِّينِ
وَلِيُنذِرُواْ قَوۡمَهُمۡ إِذَا رَجَعُوٓاْ إِلَيۡهِمۡ لَعَلَّهُمۡ يَحۡذَرُونَ ١٢٢
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلۡكُفَّارِ
وَلۡيَجِدُواْ فِيكُمۡ غِلۡظَةٗۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ١٢٣
وَإِذَا مَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ فَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمۡ زَادَتۡهُ
هَٰذِهِۦٓ إِيمَٰنٗاۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَزَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَهُمۡ

يَسْتَبْشِرُونَ ﴿١٢٤﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَتْهُمْ
رِجْسًا إِلَىٰ رِجْسِهِمْ وَمَاتُوا۟ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿١٢٥﴾ أَوَلَا يَرَوْنَ
أَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِى كُلِّ عَامٍ مَّرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لَا يَتُوبُونَ
وَلَا هُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾ وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ نَّظَرَ بَعْضُهُمْ
إِلَىٰ بَعْضٍ هَلْ يَرَىٰكُم مِّنْ أَحَدٍ ثُمَّ ٱنصَرَفُوا۟ ۚ صَرَفَ ٱللَّهُ
قُلُوبَهُم بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿١٢٧﴾ لَقَدْ جَآءَكُمْ رَسُولٌ
مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم
بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢٨﴾ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُلْ حَسْبِىَ ٱللَّهُ
لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، جىهادقا چىقماي قېلىپ قالغان ۋە باشقىلارنىڭ چىقىشىغىمۇ توسالغۇلۇق قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەنىدى. نۆۋەتتە ئاللاھ تائالا ئەزىز جانلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ساتقان مۇجاھىد مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئاخىرىدا، تەبۇك غازىتىدىن قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ قىسسىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، مەزكۇر چوڭ نېمەتنى مۆمىنلەرگە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ چوڭ نېمەت، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان چىراغقا ئوخشايدىغان پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشىدۇر. دەرۋەقە، ئاللاھ تەئالا ئۇنى پۈتكۈل جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** 1. ئەقەبە كېچىسى 70 كىشىدىن تەشكىل تاپقان ئەنسارلار رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان چاغدا،

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رەببىڭ ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن خالىغىنىڭنى شەرت قىلغىن.» رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رەببىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ھېچبىر شەيئىنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلارنى، ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى قوغدىغان نەرسىلەردىن مېنىمۇ قوغدىشىڭلارنى شەرت قوشىمەن.» ئەنسارلار: «شۇنداق قىلساق بىز نېمىگە ئېرىشىمىز؟» دەپ سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «جەننەتكە ئېرىشىسىلەر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنسارلار: «بۇ ناھايىتى پايدىلىق بىر سودا بولدى. بىز نە بۇ سودا - سېتىق كېلىشىمىگە، نە ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلمايمىز» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.»

2. ئەبۇ تالىب سەكراتتىكى ۋاقتىدا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى، ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدا ئەبۇ جەھىل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئى تاغا! ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگىن، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەن ساڭا گۇۋاھ بولىمەن. پەقەت ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېسەڭلا بولىدى.» ئەبۇ جەھىل بىلەن ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەمۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئەبۇ تالىب! سەن تېخى ئابدۇلمۇتتەللىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولۇۋاتامسەن؟» رەسۇلۇللاھمۇ تاغىسىدىن شاھادەت ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى. ناھايەت ئەبۇ تالىب، ئۇلارغا ئابدۇلمۇتتەللىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. بۇنىڭغا ئاساسەن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تاكى مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن

مەنئىي قىلىنغانغا قەدەر سەن ئۇچۇن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن.» بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تەئالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.»

**تەپسىرى:** 111. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر» ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. بۇ مىسالدا، مۇجاھىدلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەڭ روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەرۋەقە، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جانلىرى بىلەن ماللىرىنى پىدا قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئاللاھ تائالامۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارغا جەننەتنى بەردى، جۈملىدىن ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ نېمەت ئاتا قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ لۇتفىغا نەزەر تاشلاڭلاركى، جانلارنى ئۇ ياراتتى، ماللارنى رىزىق سۈپىتىدە ئۇ بەردى، ئاندىن ئۇلارنى مۆمىنلەرگە ھەدىيە قىلدى. ئارقىدىن بۇلارنى مۆمىنلەردىن قىممەت باھادا سېتىۋالدى. بۇ ناھايىتى پايدىلىق بىر سودا ـ سېتىقتۇر. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: مۇنۇ سودا - سېتىق سېنىڭ ئۇچۇن

كۇپايە قىلىدۇ. ساتقۇچى مۆمىن، سېتىۋالغۇچى بولسا قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالا، سېتىلغان نەرسىنىڭ بەدىلى جەننەت، ۋەسىقىسى ساماۋى كىتابلار، ۋاستىچى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كۆچەيتىش ۋە تەۋھىد كەلىمىسىنى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. ئۇلار ھەر ئىككى ئەھۋالدا غەلىبە قىلىدۇ. يەنى ئاللاھ ئۇلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، بۇ ۋەدە تەۋراتتىمۇ، ئىنجىلدىمۇ ۋە قۇرئاندىمۇ زىكىر قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست يازما ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھ تائالادىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ بۇ سوئال ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالادىنمۇ ۋاپادار ھېچقانداق بىرى يوق. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ناھايىتى قەبىھ بىر ئىش بولۇپ، شەرەپلىك ئىنسانلار ھەرگىزمۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇنداقتا، قەبىھ بىر ئىشنى قىلىشى جائىز بولمايدىغان ئاللاھ قانداقمۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلسۇن! جىھادقا بۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىك ۋە پاساھەتلىك تىلدا بايان قىلىنغان تەشۋىقنى كۆرەلمەيسەن. قىلغان بۇ پايدىلىق سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار ۋە بۇ ئارقىلىق بەخت - سائادەت دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ كېتىڭلار. بۇ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق مۇۋەپپەقىيەت يوقتۇر. 112. «ئۇلار (گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (ئاللاھقا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ،

چەكلىگەنلىرىدىن يانغۇچىلار)دۇر. (ئى مۇھەممەد! يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە) مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.» بۇ مۇستەقىل بىر جۈملە بولۇپ، يۇقىرىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. زەججاج مۇنداق دەيدۇ: بۇ خەۋىرى قىسقارتىلغان ئىگىدۇر. يەنى تەۋبە قىلغۇچى ئابىدلەر، جىھاد قىلمىسىمۇ جەننەتلىكتۇر. دەرۋەقە ئاللاھ تائالا ھەممىسىگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. يەنى گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغۇچىلار، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىلار، مەيلى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەندە بولسۇن، مەيلى قاتتىقچىلىق كۈنلىرىدە بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، يەر يۈزىدە جىھاد قىلىش ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغۇچىلار[1]، ناماز ئوقۇغۇچىلار، ئىنسانلارنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار، ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھارام، ھالال قىلغاننى ھالال دەپ بىلگۈچىلەر ئەھلى جەننەتتۇر. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ئەھلى جەننەتتۇر. مۆمىنلەرگە نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. بۇ يەردە خۇش خەۋەر بېرىلگەن نېمەتنىڭ قىسقارتىلىشى، ئۇنىڭغا چەك قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن كۆز بىلەن كۆرگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى

---

[1] بەزىلەر، «ساياھەت قىلغۇچىلار» ئىبارىسىنى، «روزا تۇتقۇچىلار» دەپ تەپسىر قىلغان. ئاتاغا كۆرە، ئۆزگىرىشلەر غازىيلاردۇر. ئىبنى زەيدكە كۆرە، ئۇلار مۇھاجىرلار بولۇپ، بىزنىڭ تەپسىرىمىز فەخرۇر رازىنىڭ قارىشىغا ئاساسلىنىدۇ. ئايەتنىڭ تەپسىرىگىمۇ بۇ ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدۇ. «يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار» ئايىتى بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلىدۇر. قالغىنىغا ئاللاھ تائالا ئەڭ ئالىمدۇر.

بولمايدىغان ھەمدە ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان نېمەتلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشارەتتۇر. 113. «پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس» - پەيغەمبەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، مۆمىنلەرگىمۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئايەت ئەبۇ تالىب ھەققىدە نازىل بولغان. 114. «ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا - جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى.» بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئازەر ئۈچۈن نېمىشقا مەغپىرەت تەلەپ قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. يەنى ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى، ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان «سېنىڭ ئۈچۈن رەببىڭدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن» تەرىقىسىدىكى ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. بۇ ۋەدە، دادىسىنىڭ شېرىك ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى ئېنىق بولۇشتىن ئىلگىرى بېرىلگەنىدى. ئىبراھىمغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا - جۇدا بولدى. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ، ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان مېھر

- شەپقىتى ۋە سەۋر - تاقىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى، ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە كۆڭلى يۇمشاق، ناھايىتى ۋاپادار، يەتكەن ئەزىيەتلەرگە چىداملىق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن دادىسى ئۇنىڭغا: «دىنىڭدىن يانمىساڭ، سېنى چالما - كېسەك قىلىمەن» دەپ تەھدىت سالغان بولۇشىغا قارىماي، دادىسىغا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلدى. بۇ ھەقتە باشقىلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: باشقىلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىنى ئۈلگە قىلىشىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا ئىبراھىمنىڭ دادىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىبراھىمنىڭ ئىلگىرى دادىسىغا بەرگەن ۋەدىسى ئىدى. دەرۋەقە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ۋەھيى ئارقىلىق دادىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ھەمدە كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئادا - جۇدا بولدى، ھەمدە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا خاتىمە بەردى. 115. «ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» بۇ ئايەت، مۇشرىكلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغان ۋە بۇ سەۋەبتىن بېشىغا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ كېلىشىدىن قورققان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. دەرۋەقە بۇ ئايەت قورقۇپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ

كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن نازىل بولغان. يەنى ئاللاھ بىر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھلىقتا قالدۇرۇپ ھالاك قىلمايدۇ. مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن يەنە ھەقىقەتكە قايتمىسا ئاندىن جازاغا لايىق بولىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. كىمنىڭ ھىدايەتكە، كىمنىڭ ئازغۇنلۇققا لايىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر. 116. «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ دوست ۋە مەدەتكار يوق» شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى، مۈلكى ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر ئاللاھنىڭ قۇللىرى ۋە مۈلكلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغان تەقدىردىمۇ مۇشرىكلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى مەنئى قىلدى، بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغانلاردىن ئادا - جۇدا بولۇشقا بۇيرۇدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل كائىناتنىڭ ساھىبى، ئاسمان - زېمىنىنىڭ پادىشاھى، بارلىق ئىشلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ھەممىگە غالىب قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن ئادا - جۇدا بولۇشى ۋە پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزىدىن باشقا ھېچبىرىدىن دوستلۇق ۋە ياردەم كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 117. «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق

پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ مۇناپىقلارنىڭ غازاتقا چىقماي قېلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. تەبۇك غازىتىدا مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن سادىر بولغان بىر قىسىم خاتالىقلار تۈپەيلى، ئۇلارنىڭمۇ قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر غازاتقا چىقىشقا ئالدىرىمىغان، يەنە بەزىلىرى پەقەتلا چىقمىغانىدى. بۇ ئايەتتىن مەقسەت، تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان، كېيىنچە تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغان مۆمىنلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبىلىرىدە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سۈنغان كۆڭۈللىرىنى تەسكىن تاپقۇزۇش، ئۇلارنىڭ شەنىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەۋبىگە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەۋبە ۋە مەغپىرەتكە موھتاج بولمايدىغان ھېچقانداق بىر مۆمىنىنىڭ يوقلۇقىنى، ھەتتا پەيغەمبەر، مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭمۇ تەۋبىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئاشۇ مۆمىنلەر تەبۇك غازىتىدا قىيىنچىلىق پەيتىدە پەيغەمبەرگە ئەگەشتى. تەبەرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن بىر كۈنى تەبۇك غازىتىغا چىقتۇق. بىر يەردە قوندۇق. ئۇ يەردە تولىمۇ ئۇسساپ كەتتۇق. شۇنداق قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىدۇقكى، «ئۇسسۇزلۇقتىن بويۇنلىرىمىز ئاجراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قالدۇق. بەزىلەر تۆگىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچەتتى. دەل شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى سىددىق مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سېنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈردى. بىزگە دۇئا قىلغىن.» رەسۇلۇللا: «ئى ئەبۇ بەكرى! شۇنداق قىلىشىمنى خالامسەن؟» دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى: «خالايمەن» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ساھابىلەر قاچىلىرىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇشتى. بىز ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ تۇراتتۇق. يامغۇرنىڭ ساھابىلەردىن نېرىغا كەتمىگەنلىكىنى كۆردۇق. ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق تارتقانلىقلىرىدىن ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئەگەشتى. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ مۆمىنلەرگە تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر. 118. «جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل

قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇلار كەئب، ھىلال ۋە مىرارەدۇر. شۇنچە كەڭ بولۇشىغا قارىماي يەر يۈزى ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، غەم - قايغۇدىن ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغانىدى. ئۇلارنىڭ جانلىرى شۇنچىلىك سىقىلغان ئىدىكى، ئۇلار نە بىرەر خۇشاللىق، نە بىرەر مەمنۇنلۇق ھېس قىلمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن ئۇلار بىلەن بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈشكە بۇيرۇغانىدى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىگە سالام قىلغان تەقدىردىمۇ سالىمىنى ئىلىك ئالمايتتى. ئاياللار ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئۇلاردىن يىراقلىشىپ، تاكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. گۇناھلار قانچىلىك چوڭ ۋە كۆپ بولسا بولسۇن، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. 119. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار» ئى مۆمىنلەر! بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلاردا ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، دىندا نىيىتى دۇرۇس، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە راستچىللار ۋە ئىخلاسمەنلەر بىلەن بىللە بولۇڭلار. 120. «مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىيلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە

بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىقتا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (ساۋاب) يېزىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.» بۇ ئايەت تەبۇك غازىتىدىن قېلىپ قالغۇچىلارغا كايىشنى، ئازارلاشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىيلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر جاپا - مۇشەققەتلەردە پەيغەمبەر بىلەن بىرلىكتە بولۇش، پەيغەمبەر تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەرنى ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك كىشى قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ بىر چەكلىمە ۋە پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە تەشۋىق قىلىشتۇر. بۇ ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قېلىشنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: جىھاد قىلىش يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئاچلىق ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ

تۇياقلىرى بىلەن كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، بۇ كاپىرلارنى غەزەپلەندۈرىدۇ. مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش ۋە مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەنلەرگە زىيان يەتكۈزۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابقا ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. 121. «ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ» ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان ھەر بىر نەرسىسى[1] ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئەمىلىنىڭ بەدىلىگە ساۋاب بېرىلىشى ئۈچۈن جىھادنى ئەمر قىلدى. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق: ئۇلار ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشكىنىدەك، تېخىمۇ چوڭ مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغاننى تاللىدى. 122. «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى شەرت ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىققان ئىكەن)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ

[1] ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ بىرەر خورما ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟» مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شەھەرلەرنى قۇرۇق قالدۇرغان ھالەتتە جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئاللاھ تەئالا تەبۇك غازىتىغا چىقماي قېلىپ قالغۇچىلار ھەققىدە ئايەتلەرنى نازىل قىلغان چاغدا، مۇسۇلمانلار «ئەمدى بىزدىن ھېچكىم ھەرقانداق بىر جىھاد ياكى غازاتتىن قېلىپ قالمايدىغان بولدى.» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن كاپىرلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتكەن چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى غازاتقا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مەدىنىدە يالغۇز قالدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەت نازىل بولدى. ھەممە كىشىنىڭ غازاتقا چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋە بۇنىڭ پايدىسىمۇ يوق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقمىدى؟ ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ زاھىرىغا كۆرە، «ئاگاھلاندۇرۇش»نىڭ ئورنىغا «ئۆگىتىش»، «ساقلىنىش»نىڭ ئورنىغا «ئۆگىنىش» ئىبارىسى ئىشلىتىلىشى لازىم ئىدى. بىراق بۇنداق ئىشلىتىلىشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ غايىسىنىڭ توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش، ئوقۇغۇچىنىڭ غايىسىنىڭ بولسا كۆرەڭلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ئەمەس، ئەكسىچە، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 123. «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى

بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (ئاللاھ تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)» ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە خەتەر بولماسلىقى ئۈچۈن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار ۋە ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار، ئاندىن باشقىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. بۇنىڭدىن مەقسەت، مۆمىنلەرگە توغرا ۋە پايدىلىق يولنى كۆرسىتىشتۇر. بۇنىڭدىن ئالدى بىلەن يېقىندىكىلەردىن باشلاپ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا يىراقتىكىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇش نىشان قىلىنىدۇ. ئۇ كاپىرلار سىلەرنى قاتتىق ھېس قىلىشى ئۈچۈن، ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللە بولۇپ، ھەمىشە ئۇلارنىڭ مەدەتكارىدۇر. 124. «(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (مۇناپىقلار)نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل - ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ» ـ قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن: ‹بۇ ئايەت قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى؟› دەيدىغانلار بار. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: ‹مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل - ئىسپاتلار

بولغانلىقى ئۈچۈن ئايەتلەر ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇلار سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن خۇشال بولىدۇ. چۈنكى ھەرقاچان قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەت نازىل بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. 125. «دىللىرىدا كېسەل بارلار (مۇناپىقلار)غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى» ـ ئاللاھنىڭ دىنى بارىسىدا دىللىرىدا كېسەل ۋە نىفاق بار مۇناپىقلارغا كېلىدىغان بولساق، نازىل بولغان بۇ سۈرە ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ، تېخىمۇ گۇمراھلىشىدۇ، ئاخىرىدا ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلىدۇ. 126. «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى (ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (نىفاقتىن قايتمايدۇ)، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ» سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە ئىنكار ۋە ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاشۇ مۇناپىقلار ھەر يىلى بىر ياكى ئىككى قېتىم ئۆزلىرى توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ ئاندىن ئۇلار نە نىفاقتىن قايتمايدۇ، نە ئىبرەت ئالمايدۇ. 127. «(ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ: ‹سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ› دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەس قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى» ، مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا،

ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ سىرلىرىمىزنى پاش قىلىۋاتسا، بىز ئۇنى ئاڭلاشقا قانداقمۇ تاقەت قىلالايمىز؟» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ. بۇ دۇئا جۈملىسىدۇر، يەنى ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرەلمەس ۋە چۈشەنمەس قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھىدايەت ۋە ئىمان ئاتا قىلمىدى. چۈنكى ئۇلار غاپىل ھاماقەتلەردۇر. 128. «(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر» ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز نەسلىڭلاردىن ئەرەب، قۇرەيشلىك، قىممىتى يۈكسەك پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى سىلەرگە يەتكۈزىدۇ. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ۋە مۇشەققەت تارتىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلارغا ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىدى. 129. «(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، سەن: ‹ئاللاھ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم (ئاللاھقا يۆلەندىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر› دېگىن.» ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇلار ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈسە، سەن ئۇلارغا: «ئاللاھ ماڭا

كۈپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىمەن، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ بىرىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ بىرىدىنمۇ قورقمايمەن، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەرشىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېگىن.

**ئىلاۋە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەنسارلاردىن ئەبۇ خەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر بوستانلىقتا سايىداپ ئولتۇراتتى، يېنىدا چىرايلىق خوتۇنى ئۇنى توختىماي يەلپۈيتتى. ئاستىدا پالاس سېلىنغان بولۇپ، خوتۇنى كەلتۈرگەن سوغۇق سۇ ۋە تاتلىق خورمىلاردىن ھۇزۇرلىناتتى. خەيسەمە بىردىنلا ئويلاپ قالدى. «رەسۇلۇللاھ پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۇرسا، مەن بۇ يەردە چىرايلىق خوتۇنۇمنىڭ يېنىدا بەخىرامان ئولتۇرسام قانداق بولغىنى؟» شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ، تۆگىسىگە مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. شامالدەك يۈرۈپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسلىكى كېلىپ: «ئادەم دېگەن ئەبۇ خەيسەمەدەك بولسا...» دېدى ۋە تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «تەۋبە سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

# يۇنۇس سۈرىسى

**مەككىدە نازىل بولغان، 109 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ مۇبارەك سۈرە، ئاللاھ تائالاغا، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە ئاخىرەتتە ھەر ئادەمگە بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ئوخشىغان ئاساسلىق ئىسلام ئېتىقادلىرى يورۇتۇپ بېرىلىدىغان مەككە سۈرىلىرىدىندۇر. بۇ سۈرە ساماۋى كىتابلارغا، بولۇپمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ۋە ئەسىر ھالقىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان قۇرئان كەرىمگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ باش قىسمىدا، رەسۇلۇللاھ ۋە پەيغەمبەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ئىلگىرىكىلەر ھەققىدىمۇ، كېيىنكىلەر ھەققىدىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلاھىي قانۇنى ئىكەنلىكى، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەن ھېچقانداق بىر ئۇممەتنىڭ يوقلۇقى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئەۋەتىلىشىدە مۇشرىكلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ھېچقانداق بىر سەۋەبنىڭ يوقلۇقى بايان قىلىنىدۇ. «ئىنسانلار (كاپىرلار)نى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا

(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟» كېيىنكى ئايەتلەردە، ئىلاھلىق ۋە قۇللۇق ھەقىقىتى، ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ ئايەتلەر، ئىنسانلارغا ئىبادەت قىلىش ۋە تەسلىم بولۇشقا تېگىشلىك پەرۋەردىگارنى تونۇشتۇرىدۇ. دەرۋەقە ئۇ يەككە - يېگانە بولۇپ، ھەممىگە رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى، تىرىكلەرنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر. كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى باتىل، پانىيدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان زات ئاللاھ تائالادۇر.

بۇ سۈرىدە، مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەرلىك ھەققىدىكى پوزىتسىيەلىرى زىكىر قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇممى بىر پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئەبەدىي ۋە مىسلىسىز بىر مۆجىزە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. «ئۇلار: ‹قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان› دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار›.»

بۇ مۇبارەك سۈرە، ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئىلاھنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ. ھەقىقىي ئىلاھنىڭ

سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە رەھمىتىنىڭ ھېكمەت بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دەرۋەقە، بۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيادىكى مىسلىسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئۇلۇغلۇقى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچىگە دالالەت قىلىدىغان ئەڭ روشەن دەلىللەردۇر: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟› » مانا بۇ، بۇ سۈرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ناھايىتى چوڭ مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تەئالانىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلە سۈرىدە تۈرلۈك ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ سۈرىدە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنىدۇ. جۈملىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدىكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئوتتۇرىسىدىكى قىسسە بايان قىلىنىدۇ. پۈتكۈل قىسسىلەردىن، زالىملارنى ھالاك قىلىش ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىلاھىي سۈننىتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش نىشان قىلىنىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرە، رەسۇلۇللاھنى ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى

(ئىلاھىي قانۇنى)گە مەھكەم ئېسىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا تارتقان ئەزىيەتلەرگە سەۋر - تاقەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن (ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن). ئاللاھ (سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارغۇچە (دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە) چىدىغىن، ئاللاھ ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.»

**سۈرىنىڭ ئىسمى:** بۇ سۈرە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا بۇ قىسسىدىن ئورۇن ئالغان ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، «يۇنۇس سۈرىسى» دەپ ئاتالغان. بالايىئاپەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەت يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغان چاغدا ئىمان كەلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئازاب كۆتۈرۈۋېتىلگەنىدى. مانا بۇ، تەۋبە ۋە ئىمانلىرىدا سەممىي بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە خاس قىلغان ئالاھىدىلىكلەردىندۇر.

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ١ أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا
أَنۡ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ رَجُلٖ مِّنۡهُمۡ أَنۡ أَنذِرِ ٱلنَّاسَ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوٓاْ أَنَّ لَهُمۡ قَدَمَ صِدۡقٍ عِندَ رَبِّهِمۡۗ قَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ إِنَّ
هَٰذَا لَسَٰحِرٞ مُّبِينٌ ٢ إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَۖ
مَا مِن شَفِيعٍ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ إِذۡنِهِۦۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ

فَٱعْبُدُوهُ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا ۖ وَعْدَ
ٱللَّهِ حَقًّا ۚ إِنَّهُۥ يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ لِيَجْزِىَ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ بِٱلْقِسْطِ ۚ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَهُمْ
شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌۢ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٤﴾
هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلشَّمْسَ ضِيَآءً وَٱلْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُۥ
مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ ۚ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ
ذَٰلِكَ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ يُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٥﴾ إِنَّ
فِى ٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ ﴿٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ
لِقَآءَنَا وَرَضُوا۟ بِٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَٱطْمَأَنُّوا۟ بِهَا وَٱلَّذِينَ
هُمْ عَنْ ءَايَٰتِنَا غَٰفِلُونَ ﴿٧﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ بِمَا
كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
يَهْدِيهِمْ رَبُّهُم بِإِيمَٰنِهِمْ ۖ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَٰرُ
فِى جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٩﴾ دَعْوَىٰهُمْ فِيهَا سُبْحَٰنَكَ ٱللَّهُمَّ
وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَٰمٌ ۚ وَءَاخِرُ دَعْوَىٰهُمْ أَنِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠﴾ ۞ وَلَوْ يُعَجِّلُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ ٱلشَّرَّ ٱسْتِعْجَالَهُم
بِٱلْخَيْرِ لَقُضِىَ إِلَيْهِمْ أَجَلُهُمْ ۖ فَنَذَرُ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ
لِقَآءَنَا فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١﴾ وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ٱلضُّرُّ
دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُۥ
مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَآ إِلَىٰ ضُرٍّ مَّسَّهُۥ ۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ
مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢﴾ وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا ٱلْقُرُونَ مِن قَبْلِكُمْ

لَمَّا ظَلَمُواْ وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْۚ
كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿١٣﴾ ثُمَّ جَعَلۡنَٰكُمۡ
خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ لِنَنظُرَ كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ﴿١٤﴾
وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَاتُنَا بَيِّنَٰتٖ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ
لِقَآءَنَا ٱئۡتِ بِقُرۡءَانٍ غَيۡرِ هَٰذَآ أَوۡ بَدِّلۡهُۚ قُلۡ مَا يَكُونُ
لِيٓ أَنۡ أُبَدِّلَهُۥ مِن تِلۡقَآيِٕ نَفۡسِيٓۖ إِنۡ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ
إِلَيَّۖ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿١٥﴾ قُل
لَّوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَا تَلَوۡتُهُۥ عَلَيۡكُمۡ وَلَآ أَدۡرَىٰكُم بِهِۦۖ فَقَدۡ
لَبِثۡتُ فِيكُمۡ عُمُرٗا مِّن قَبۡلِهِۦٓۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٦﴾ فَمَنۡ
أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوۡ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ
لَا يُفۡلِحُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿١٧﴾ وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا
يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡ وَيَقُولُونَ هَٰٓؤُلَآءِ شُفَعَٰٓؤُنَا عِندَ ٱللَّهِۚ
قُلۡ أَتُنَبِّـُٔونَ ٱللَّهَ بِمَا لَا يَعۡلَمُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ
سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿١٨﴾ وَمَا كَانَ ٱلنَّاسُ إِلَّآ
أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ فَٱخۡتَلَفُواْۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ
لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡ فِيمَا فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٩﴾ وَيَقُولُونَ لَوۡلَآ أُنزِلَ
عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۖ فَقُلۡ إِنَّمَا ٱلۡغَيۡبُ لِلَّهِ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي
مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿٢٠﴾

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن چاغدا، كاپىرلار ئۇنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

«ئاللاھ تائالا ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىشتىن ئۇلۇغدۇر. ئاللاھ تائالا ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىم بالىسىدىن باشقا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدىغان بىرەرسىنى تاپالمىدىمۇ؟» بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا): ئىنسانلار (كاپىرلار)نى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟»

**تەپسىرى:** 1. « ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەتلىك كىتاب (قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر» ئەلىف، لام، را. بۇ ھەرپلەر، بۇ پاساھەتلىك ۋە مۆجىزىلىك سۆزنىڭ، سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلاردىن ھاسىل بولىدىغان ھەرپلەرگە ئوخشاش ھەرپلەردىن مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. بۇ شانلىق قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئەنە شۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرپلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئايەتلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئايلىنىپ يۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكىگە ئوخشاش بىرەر ئايەتنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى روشەن ۋە ھېكمەتلىك قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. بۇ ئايەتلەرگە بىرەر شەك ـ شۈبھە، يالغان ۋە ھەرقانداق بىر زىتلىقنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. 2. «ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا): ئىنسانلار (كاپىرلار)نى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر

بەرگەن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر» دېدى.» ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىنسىدىن بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن پەرىشتىلەر ھەيران قالدىمۇ؟ بۇ يەردىكى «أ» ئىنكار ئۈچۈندۇر. يەنى بۇ يەردە ھەيران قالغۇدەك ھېچقانداق بىر ئىش يوق. چۈنكى بۇ، ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگىمۇ ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان بىر قانۇندۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە رىسالەتنى يەتكۈزۈشى ئۈچۈن ۋەھيى نازىل قىلىدۇ. كاپىرلارنى ئاللاھنىڭ جەھەننەم ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىنىڭ ئاشكارا ۋە قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ شانلىق مۆجىزە بولۇشىغا قارىماي، مۇشرىكلار: «مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر، دەۋا قىلىۋاتقان ئىشىدا يالغانچىدۇر» دېدى. بەيزاۋىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ، مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارا قىلىپ قويىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى دەلىللەرنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىنساننىڭ تاقەت كۈچىدىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماستىن قىلىنغان ئېتىراپتۇر. 3. «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھتۇر، ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى. ئاللاھ خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق ھالدا) ئىدارە قىلىپ

تۇرىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ھەر قانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ۋەز - نەسىھەت ئالماسىلەر؟» شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارغا تېگىشلىك، پۈتكۈل ئىشلىرىڭلارنىڭ ساھىبى، كائىناتنى دۇنيا كۈنلىرىدىن ئالتە كۈن كېلىدىغان ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياراتقان ئاللاھتۇر. ئەگەر ئۇ ئىرادە قىلغان بولسا، كائىناتنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ياراتقان بولاتتى. بىراق ئۇ بەندىلىرىگە ئالدىراقسان بولماسلىق ۋە ئىزچىللىقنى ساقلاشنى ئۆگىتىشنى ئىرادە قىلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا قانداقلىقىنى بىز بىلەلمەيدىغان، ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئوخشىتىشقا بولمايدىغان ۋە سۈپەتلىرىدە رەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە ۋە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ماقام توغرۇلۇق پىشقەدەم ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە ئەمەل قىلىمىز. ئۇلارنىڭ يولىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئوخشىتىش ۋە رەت قىلىشتىن خالىي ھالدا ئەينەن داۋاملاشتۇرۇشتۇر. ئاللاھ تائالانى بىر نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولغانلارنىڭ ئەقلىگە كېلىدىغان نەرسىلەردىن ئاللاھ مۇنەززەھتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى روشەن ئايەتلەردە ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى بويىچە، شەنىگە لايىق رەۋىشتە قوبۇل قىلىدىكەن، توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ.» ئەبۇسەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئەرش باشقا جىسىملارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدىغان بىر جىسىم بولۇپ، يۈكسەكلىكىدىن ياكى پادىشاھنىڭ تەختىگە ئوخشىتىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئەرش ئۈستىدە قارار ئېلىش ئاللاھ تەئالانىڭ شەكىلسىز سۈپىتىدۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ.» ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان چاغدا ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ. قىيامەت كۈنى ھەر قانداق بىر شاپائەت قىلغۇچى ئاللاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ شاپائەت قىلالمايدۇ.» بۇ ئايەت، مۇشرىكلارنىڭ «بۇتلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن دەۋالىرىنى رەت قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ياراتقۇچىڭلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر پەرۋەردىگار يوقتۇر. شۇڭا پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، يەنىلا ۋەز - نەسىھەت ئالمايۋاتامسىلەر؟ ھالبۇكى سىلەر ئۇنىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىسىلەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقىلارغا ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر. 4. «(قىيامەت كۈنى) ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ئاللاھ ياراتقان، (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. كاپىرلارنىڭ بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، (دوزاختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قايىنىغان سۇ بولىدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنى ھەممىڭلار پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھنىڭ

دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەق بولۇپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ ئايەت ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىدۇ. «ئۇلار (قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): ‹ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلمىز (تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز› (دەيدۇ).» شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا، ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق قايتا تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان مۆمىنلەرنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغان كاززاپلار كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، دوزاختىكى ئىچىملىكى قاتتىق قايناق سۇ بولىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئالدىنقى ئايەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ قويۇش خاراكتېرىگە ئىگە. چۈنكى يارىتىش ۋە قايتا تىرىلدۈرۈشتىن مەقسەت، ھەممىگە ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بولغانلىقتىن، نائىلاج ھەممىڭلار پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر.» 5. «ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى. يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (بۇرجلارنى) تەيىن قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور مەنپەئەت ئۈچۈن ياراتتى)، ئاللاھ ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) بىلىدىغان (ۋە ئۇنىڭ

ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان) قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ» بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە يېگانىلىقىنىڭ دەلىللىرى تەكىتلەنمەكتە. يەنى، ئاللاھ قۇدرىتى بىلەن قۇياشنى خۇددى ھەممە ياقنى يورۇتىدىغان بىر چىراغقا ئوخشاش نۇر چاچقۇچى، ئاينىمۇ كېچىسى ئايدىڭ ۋە نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى. بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز مەرھەمىتىدىندۇر. قۇياش تېخىمۇ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە «نۇر چاچقۇچى» دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇنىڭ نۇر چېچىش ۋە يورۇتۇش ئالاھىدىلىكى باردۇر. تەبەرىيگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا قۇياشنى نۇر چاچقۇچى، ئاينى يورۇقلۇق تاراتقۇچى قىلىپ ياراتتى.» ئى ئىنسانلار! يىللارنىڭ سانىنى ۋە ۋاقىتلارنىڭ ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايغا مەنزىللەرنى (بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇياش ئارقىلىق كۈنلەر، ئاينىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق بولسا ئايلار ۋە يىللارنى ھېسابلىغىلى بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق، ئەكسىچە بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدا ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ كائىناتتىكى ئالامەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ كائىناتنى يوقتىن بار قىلىشتىكى ھېكمىتىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىگە دەلىل ئېلىپ كېلىدىغان قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.» 6. «كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (ئاللاھنىڭ

بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار» شۈبھىسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە، ئاللاھقا قارشى چىقىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ئىلمىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەر ۋە سان ـ ساناقسىز دەلىللەر بار. 7. «شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار.» ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغان ۋە كۆزلىمەيدىغانلارنى شەھۋەتپەرەسلىكلىرى كور قىلىپ قويۇپتۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدىغان ئىشلارغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئورنىغا دۇنيا ھاياتى بىلەن بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئەرزىمەس نەرسىگە تېگىشكەن بولدى. جۈملىدىن ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولدى. ئۇلار دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، بۇ ئارقىلىق كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشتى. ئۇلار كائىنات كىتابىنىڭ سەھىپىلىرىگە پۈتۈلگەن ئىلاھىي دەلىللەردىن غاپىل بولۇپ، نە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ، نە بۇ ھەقتە پىكىر ـ تەپەككۇر قىلمايدۇ. 8. «ئەنە شۇلارنىڭ جايى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، دوزاخ بولىدۇ» ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا

بەتبەختلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بەخت - سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 9. «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ - نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ» شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، تەختلەر ياكى سارايلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ. 10. «ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: ‹ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز› دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر - بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: ‹(ئەھلى دوزاخ چېكىدىغان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)› دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: ‹جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!› دېيىشتىن ئىبارەتتۇر» — ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز، بىز سېنى بارلىق نۇقساندىن سۈپەتلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «نەپەس ئېلىش قانداق ئىلھام بېغىشلىسا، ھەمدۇسانا ئېيتىشمۇ ئۇلارغا شۇنداق ئىلھام بېغىشلايدۇ.» يەنى جەننەتتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەتتە بىر ـ بىرىگە بېرىدىغان سالامى: «ئەھلى دوزاخ چېكىدىغان ئازابتىن ئامان بولغايسەن (ئەسسالامۇئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. دەرۋەقە پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارغا ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن سالام بېرىدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ھەر بىر ئىشىكتىن

ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، ‹سىلەرگە ئامانلىق بولغاي (ئەسسالامۇئەلەيكۇم)› دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. 11. «ئەگەر ئاللاھ كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارغا ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (ھالاك بولاتتى). بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز.» ئەگەر ئاللاھ كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ھالاك بولاتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ تەلەپ قىلىدىغان يامانلىق، ئاچچىقلانغان چاغدا ئۆزىگە ياكى بالىسىغا بەددۇئا قىلىپ، ‹ئى ئاللاھ! ئۇنى يوق قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلما› دېيىشتىن ئىبارەت.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن ياخشىلىقنى تەلەپ قىلغان دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىشقا ئالدىرىغاندەك، ئۇلار تەلەپ قىلغان يامانلىق ۋە زىيان كەلتۈرىدىغان دۇئالىرىنىمۇ ئىجابەت قىلىشقا ئالدىرىسا ئىدى، چوقۇم ئۇلارنى دەرھال يوقىتاتتى ۋە ھالاك قىلاتتى.»[1]

[1] بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت مەككە كاپىرلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. دەرۋەقە ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر بۇ قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» (ئەنفال سۈرىسى -32 ئايەت). ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ياخشىلىقنى قانداق تېز ئېھسان قىلغان بولساق ئۇلار ئارزۇ قىلىۋاتقان يامانلىقنىمۇ شۇنداق تېز بەرگەن بولساق، ئۇلار چوقۇم ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ھالاك بولغان بولاتتى.

ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغان ۋە بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز. يەنى ئۇلارنىڭ سەركەشلىكلىرىگە قارىماي دەلىللىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشى ئۈچۈن، بىز گۇناھكارلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمىز، ھەتتا مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلىمىز. 12. «ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە، ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، تۇرسىمۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى» ـ ئىنسانغا كېسەللىك ياكى يوقسۇللۇق ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، دەپئى قىلىنىشى ئۈچۈن، ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، تۇرسىمۇ، ئۆزلىكىدىن داۋاملىق بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ ئىلگىرى بىزگە ھېچ دۇئا قىلمىغاندەك ۋە بالانى ئۇنتۇپ قالغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ، بېشىغا بىرەر كۈلپەت كەلگەن چاغدا ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ، زىيان - زەخمەت كۆتۈرۈۋېتىلگەن ھامان ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالىدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانغا دىشۋارچىلىق مەزگىلىدە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش، خۇشال - خۇراملىق پەيتىدە ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈش قانداق چىرايلىق كۆرسىتىلگەن بولسا، گۇناھ قىلىشتا

ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈش ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىش قاتارلىق قىلمىشلىرى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى. 13. «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر زۇلۇم قىلغاندا (كاپىر بولغاندا، گۇمراھلىقتا ھەددىدىن ئاشقاندا)، ھەقىقەتەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرگە) ئىمان كەلتۈرمىدى. گۇناھكار قەۋمنى شۇنىڭغا ئوخشاش جازالايمىز» ئى مۇشرىكلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كاپىر بولغانلىقلىرى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرى، گۇمراھلىقتا ۋە ئازغۇنلۇقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكلىرىنىڭ توغرۇلۇقىنى كۆرسىتىدىغان روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرگە ئىمان كەلتۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىشىنىڭ ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار: ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىشى ۋە ئىمان ئېيتماسلىقى. مەيلى مەككە مۇشرىكلىرى بولسۇن، مەيلى باشقا ھەرقانداق بىر گۇناھكار قەۋم بولسۇن، بارلىق ئاسىيلارنى شۇنىڭغا ئوخشاش جازالايمىز. بۇ، رەسۇلۇللاھنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى تۈپەيلى مەككىلىكلەر ئۈچۈن بىر تەھدىتتۇر. 14. «سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان)دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلدۇق» ـ ئى مەككە ئاھالىسى!

سىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئىشلاردا قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ۋە شۇنىڭغا يارىشا سىلەرنى مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۈچۈن، ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق. قۇرتۇبىغا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئادالەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا سىلەرگە سىنىلىشۋاتقان كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىدۇ.» ئىبنى جۇزەيگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ تائالا نامە - ئەمەللىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە بۇ ئارقىلىق سىلەرگە قارشى دەلىل بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.» بۇنىڭدىن مەقسەت مۇنداق: ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ نامە - ئەمەلىنى ئالدىن بىلگۈچىدۇر. ئەمما ئەزەلى ئىلمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئۇلارنى سىنايدۇ. 15. «ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز روشەن تىلاۋەت قىلىنسا، بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار): ‹بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن (ئازابقا دائىر ئايەتنى رەھمەت ئايىتىگە ئۆزگەرت، ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەننىڭ ئورنىغا مەدھىيەلە، ھارامنى ھالال قىل)› دەيدۇ. ‹مەن ئۇنى ئۆزلۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن؛ ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك كۈننىڭ (قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن قورقىمەن› دېگىن» - مۇشرىكلارغا قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن ئايەتلىرى ھېچقانداق بىر ھەق تەلەپ قىلىنماستىنلا تىلاۋەت قىلىنسا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، قىيامەتكە، مۇكاپاتلىنىش ۋە جازالىنىشقا ئىشەنمەيدىغانلار: «ئى مۇھەممەد! بۇنىڭدىن باشقا بىر

قۇرئاننى كەلتۈرگىنىكى، ئۇنىڭدا بىزنىڭ تەڭرىلىرىمىزنى ئەيىبلەش ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنى كەمسىتىشكە ئوخشىغان بىزنىڭ دىنىمىزغا ياقمايدىغان نەرسىلەر بولمىسۇن. ياكى ئازابقا دائىر ئايەتنى رەھمەت ئايىتىگە ئۆزگەرت، ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەننىڭ ئورنىغا مەدھىيەلەش ۋە هارامنى هالال قىلىش ئارقىلىق بۇ قۇرئاننى ئۆزگەرت» دەيدۇ. مۇشرىكلار بۇنى پەقەت مەسخىرە قىلىش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا شۇنداق دېگەنىدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، مەككە ئاهالىسى ئىچىدىكى قۇرئان كەرىمنى مەسخىرە قىلغانلار هەققىدە نازىل بولغان.» ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى: «ئى مۇهەممەد! بىزگە بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى قاندۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن.» ئى مۇهەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەن ئۇنى ئۆزۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن ياكى بىرەر ئايەت كەلتۈرەلمەيمەن. مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا نازىل قىلىنغان ۋەهيىگىلا ئەمەل قىلىمەن؛ مەن پەقەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر بەندە، تەبلىغ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئاللاهنىڭ ۋەهيىسىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن. ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلمىسام ۋە ۋەهيى قىلغان ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئازابىدىن قورقىمەن.» بۇ بۆلۈم، ئالدىنقى بۆلۈمنىڭ داۋامى تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان. 16. «ئەگەر ئاللاه ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، ئاللاهمۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم،

(مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»، دېگىن. ــ ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقانكى، «ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلسا، بۇ قۇرئاننى سىلەرگە تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، ئۇنى مەن پەقەت ئاللاھ شۇنداق ئىرادە قىلغان بولغاچقىلا سىلەرگە ئوقۇپ بەردىم. ئاللاھمۇ ئۇنى مەن ئارقىلىق سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم مېنىڭ ئىجادىيىتىم بولماستىن ئەكسىچە ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئاراڭلاردا 40 يىلدەك ئۆزۈن زامان تۇرغان ئىدىم، بۇ جەرياندا مەن نە قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيتتىم، نە سىلەرگە ئوقۇپ بەرمىگەن ئىدىم. مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟» فەخرىددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى شۇ ۋاقىتقا قەدەر بولغان سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. جۈملىدىن ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر كىتابنى ئوقۇمىغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر ئۇستازدىن دەرس ئالمىغانلىقىنى ۋە ھېچكىمدىن بىر نەرسە ئۆگەنمىگەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ كەلدى. بۇ كىتاب ئۇسۇل ئىلمىنىڭ ئەڭ ئاممىباب قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى، ئەھكام ئىلمىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى، ئەخلاق ئىلمىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىدىكى سىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بۇ كىتابنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە

قۇربى يەتمىگەن. ئەقىل - ھوشى جايىدا ھەممە بىلىدۇكى، بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر كىتابنىڭ ۋەھيىدىن باشقا يوللار ئارقىلىق مەيدانغا كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.» 17. «ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ گۇناھكارلار ھەرگىز بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ» بۇ ئىنكار سوئالى بولۇپ، سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بۇنىڭدىن مەقسەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىغان ئېسىل بىر زاتنىڭ ھەرگىزمۇ يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. چۈنكى مۇشرىكلار، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىلىڭلاركى، گۇناھكارلار ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغۇچىلار ھەرگىزمۇ بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ. 18. «ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، ‹بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار› دېيىشىدۇ. ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرىۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر» بۇ جۈملە مۇشرىكلارنىڭ قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىدۇ. يەنى ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە قىلچە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان جانسىز

بۇتلارغا چوقۇنىدۇ، بۇتلارنىڭ كۆرەلمەيدىغان ۋە ئاڭلىيالمايدىغان بولۇشىغا قارىماي، «بۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئى مۇھەممەد! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ھالبۇكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى پۈتكۈل كائىناتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ غەيبنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر. بۇ سوئال مۇشرىكلارنى مەسخىرە قىلىش مەقسىتىدە سورالغان. ئاللاھ زالىملارنىڭ يالغان - ياۋىداقلىرىدىن ۋە مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاك ۋە يۈكسەكتۇر. 19. «ئىنسانلار (ئەسلىدە) بىر دىن (ھەق دىن) دا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى (دىنلار كۆپەيدى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى (جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى (دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى)». ئىنسانلار ئەسلىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەدەر بىر دىن (ئىسلام دىنى) دا ئىدى. كېيىن ئۇلار دىنلار توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا 10 نەسىل بار بولۇپ، ھەممىسى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ ئىدى. كېيىن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە

چوقۇنۇشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تەئالا (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.» پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى (دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى). 20. «ئۇلار (ئەھلى مەككە): ‹نېمىشقا ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاس (مۆجىزىلەرنى ئاللاھ كەلتۈرىدۇ، مەن پەقەت تەبلىغ قىلغۇچىمەن)، سىلەر (ئاللاھنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن (شۇنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن›.» ـ ئەنە شۇ سەركەش كاپىرلار: «نېمىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن تۆگە، ھاسا ۋە ئاپئاق قول مۆجىزىلىرىگە ئوخشىغان مۆجىزىلەردىن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى» دەيدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقىلا خاس ھۆكۈم بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم مۆجىزىلەرنى كەلتۈرەلمەيدۇ، مەن پەقەت تەبلىغ قىلغۇچىمەن، خالاس. سىلەر ئاللاھنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈڭلار، شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن شۇنى كۈتكۈچىلەردىنمەن».

**ئىلاۋە:** سۈيۈتى: «ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى

نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت زامان، ھېساب، تارىخ ۋە مەنزىللەرنىڭ ئەسلىدۇر.»

قىسسە: ھافىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى راستچىل بولسۇن، مەيلى يالغانچى بولسۇن، كىمكى بىرى توغرىسىدا بىر نەرسە ئېيتسا، ئۇ كىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى يالغانچىلىقىغا دالالەت قىلىدىغان قۇياشتىنمۇ روشەن بىر دەلىل كەلتۈرۈشى لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسەيلەمەتۇل كەززاپنى كۆرگەنلەر ئۇچۇن، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، چاشگاھ ۋاقتىدىكى يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىنمۇ روشەندۇر.» ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، خەلق، يەنى يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلاشقانلاردىن بىرى ئىدىم. ئۇنى كۆرگەن چاغدا، يۈزىنىڭ يالغانچىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئۇنىڭدىن تۇنجى ئاڭلىغىنىم مۇنۇ سۆزلەر بولدى: ‹ئى ئىنسانلار! سالامنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇڭلار، ئاچلارنىڭ قارنىنى تويغۇزۇپ قويۇڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىڭلار، ئىنسانلار كېچىسى ئۇخلاۋاتقان چاغدا سىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن سالام بىلەن (پەرىشتىلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىق سالامى بىلەن) جەننەتكە كىرىسىلەر.› ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھتا بۇ دەلىللەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشەندى.» شائىر ھەسەن مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ پەيغەمبەردە روشەن مۆجىزىلەر بولمىغان تەقدىردىمۇ، سىرتقى كۆرۈنۈشى چوقۇم ساڭا ئۇنىڭ راستچىللىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

وَإِذَآ أَذَقۡنَا ٱلنَّاسَ رَحۡمَةٗ مِّنۢ بَعۡدِ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُمۡ إِذَا
لَهُم مَّكۡرٞ فِيٓ ءَايَاتِنَاۚ قُلِ ٱللَّهُ أَسۡرَعُ مَكۡرًاۚ إِنَّ رُسُلَنَا
يَكۡتُبُونَ مَا تَمۡكُرُونَ ﴿٢١﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُسَيِّرُكُمۡ فِي ٱلۡبَرِّ
وَٱلۡبَحۡرِۖ حَتَّىٰٓ إِذَا كُنتُمۡ فِي ٱلۡفُلۡكِ وَجَرَيۡنَ بِهِم بِرِيحٖ
طَيِّبَةٖ وَفَرِحُواْ بِهَا جَآءَتۡهَا رِيحٌ عَاصِفٞ وَجَآءَهُمُ
ٱلۡمَوۡجُ مِن كُلِّ مَكَانٖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ أُحِيطَ بِهِمۡ دَعَوُاْ ٱللَّهَ
مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ لَئِنۡ أَنجَيۡتَنَا مِنۡ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ
ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٢٢﴾ فَلَمَّآ أَنجَىٰهُمۡ إِذَا هُمۡ يَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ
ٱلۡحَقِّۗ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَا بَغۡيُكُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۖ مَّتَٰعَ
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُكُمۡ فَنُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ﴿٢٣﴾ إِنَّمَا مَثَلُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا كَمَآءٍ أَنزَلۡنَٰهُ مِنَ
ٱلسَّمَآءِ فَٱخۡتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلۡأَرۡضِ مِمَّا يَأۡكُلُ ٱلنَّاسُ
وَٱلۡأَنۡعَٰمُ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذَتِ ٱلۡأَرۡضُ زُخۡرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتۡ وَظَنَّ
أَهۡلُهَآ أَنَّهُمۡ قَٰدِرُونَ عَلَيۡهَآ أَتَىٰهَآ أَمۡرُنَا لَيۡلًا أَوۡ نَهَارٗا
فَجَعَلۡنَٰهَا حَصِيدٗا كَأَن لَّمۡ تَغۡنَ بِٱلۡأَمۡسِۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ
ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾ وَٱللَّهُ يَدۡعُوٓاْ إِلَىٰ دَارِ ٱلسَّلَٰمِ
وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٢٥﴾ لِّلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ
ٱلۡحُسۡنَىٰ وَزِيَادَةٞۖ وَلَا يَرۡهَقُ وُجُوهَهُمۡ قَتَرٞ وَلَا ذِلَّةٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ

أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٦ وَٱلَّذِينَ كَسَبُواْ
ٱلسَّيِّـَٔاتِ جَزَآءُ سَيِّئَةِۭ بِمِثۡلِهَا وَتَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۖ مَّا لَهُم مِّنَ
ٱللَّهِ مِنۡ عَاصِمٖۖ كَأَنَّمَآ أُغۡشِيَتۡ وُجُوهُهُمۡ قِطَعٗا مِّنَ ٱلَّيۡلِ
مُظۡلِمًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٧
وَيَوۡمَ نَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ مَكَانَكُمۡ
أَنتُمۡ وَشُرَكَآؤُكُمۡۚ فَزَيَّلۡنَا بَيۡنَهُمۡۖ وَقَالَ شُرَكَآؤُهُم مَّا كُنتُمۡ
إِيَّانَا تَعۡبُدُونَ ٢٨ فَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدَۢا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمۡ إِن
كُنَّا عَنۡ عِبَادَتِكُمۡ لَغَٰفِلِينَ ٢٩ هُنَالِكَ تَبۡلُواْ كُلُّ نَفۡسٖ
مَّآ أَسۡلَفَتۡۚ وَرُدُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ مَوۡلَىٰهُمُ ٱلۡحَقِّۖ وَضَلَّ عَنۡهُم
مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٣٠ قُلۡ مَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ
وَٱلۡأَرۡضِ أَمَّن يَمۡلِكُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَمَن يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ
مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَيُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَۚ
فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُۚ فَقُلۡ أَفَلَا تَتَّقُونَ ٣١ فَذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمُ
ٱلۡحَقُّۖ فَمَاذَا بَعۡدَ ٱلۡحَقِّ إِلَّا ٱلضَّلَٰلُۖ فَأَنَّىٰ تُصۡرَفُونَ ٣٢
كَذَٰلِكَ حَقَّتۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ فَسَقُوٓاْ أَنَّهُمۡ لَا
يُؤۡمِنُونَ ٣٣ قُلۡ هَلۡ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ
ثُمَّ يُعِيدُهُۥۚ قُلِ ٱللَّهُ يَبۡدَؤُاْ ٱلۡخَلۡقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥۖ فَأَنَّىٰ
تُؤۡفَكُونَ ٣٤ قُلۡ هَلۡ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَهۡدِيٓ إِلَى
ٱلۡحَقِّۚ قُلِ ٱللَّهُ يَهۡدِي لِلۡحَقِّۗ أَفَمَن يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلۡحَقِّ
أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا يَهِدِّيٓ إِلَّآ أَن يُهۡدَىٰۖ فَمَا لَكُمۡ
كَيۡفَ تَحۡكُمُونَ ٣٥ وَمَا يَتَّبِعُ أَكۡثَرُهُمۡ إِلَّا ظَنًّاۚ إِنَّ ٱلظَّنَّ

لَا يُغْنِي مِنَ ٱلْحَقِّ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾
وَمَا كَانَ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ أَن يُفْتَرَىٰ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِن
تَصْدِيقَ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا رَيْبَ فِيهِ
مِن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٧﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ
مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟ مَنِ ٱسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾ بَلْ كَذَّبُوا۟ بِمَا لَمْ يُحِيطُوا۟ بِعِلْمِهِۦ وَلَمَّا
يَأْتِهِمْ تَأْوِيلُهُۥ ۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۖ فَٱنظُرْ
كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى، مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە قۇرئان كەرىمگە قارىتا شەك - شۈبھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. نۆۋەتتە، ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ بەتبەخت ئىنسانلارنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ تۇزاق قۇرۇش، كۇفرىلىق ۋە سەركەشلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن، دۇنيا ھاياتى بىلەن بولۇپ كېتىشنىڭ زاۋاللىقى ۋە ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق مىسال كەلتۈرىدۇ. ئاخىرىدا، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى قايتا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**تەپسىرى:** 21. «كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مىكىر ئىشلىتىشكە (ئىنكار قىلىشقا) ئالدىرايدۇ. ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ

ئۇلارنى قىلغان مىكرى ئۈچۈن ئەڭ تېز جازالايدۇ». شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز مىكرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ.» ـ كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مىكىر ئىشلىتىشكە (ئىنكار قىلىشقا) ئالدىرايدۇ. بۇ ئايەتتە كىشىلەردىن، مەككە كاپىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تەئالا مەككىلىكلەرنى ئۇدا يەتتە يىل قەھەتچىلىك بالاسىغا مۇپتىلا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تاس قالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىگە مولچىلىق ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن. ئاللاھ ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن چاغدا، قايتىدىن كۇفرىلىق ۋە سەركەشلىك قىلىشقا باشلىغان. يەنى بىز ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن، قەھەتچىلىك، زىيان - زەخمەت ۋە دىشۋارچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا مولچىلىق، مەمۇرچىلىق، پاراۋانلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ تەمىنى تېتىتقان ئىدۇق، ئەمما ئۇلار كۆتۈلمىگەندە ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مىكىر ئىشلىتىپ، ئىنكارچىلىققا تەييارلاندى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە مەسخىرە قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن.» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئۇلارنى قىلغان مىكرى ئۈچۈن ئەڭ تېز جازالايدۇ».[1] شۈبھىسىزكى، مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر مىكرىڭلار،

[1] تېزلىك سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەن بۇ تۇزاق ئاللاھنىڭ ئۇلارنى جازالىشىدۇر. بۇ يەردە گۇناھقا ئىسىم بېرىش ئۈچۈن جانابىي ئاللاھ جازانى «مىكىر» دەپ ئاتىغان.

تۇزاقلىرىڭلار ۋە گۇناھلىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە، ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ۋە ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ تائالاغا مەخپى قالمىغىنىدەك، پەرىشتىلەرگىمۇ سىر ئەمەسلىكى تەكىتلەنگەن.

22. «ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) ‹ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ.» ـ ئاللاھ سىلەرنى قۇدرىتى ئارقىلىق قۇرۇقلۇقتا ئۇلاغلار ئۈستىدە، دېڭىزدا سۇدىكى كېمىلەر ئۈستىدە سەپەر قىلدۇرىدۇ، نىھايەت سىلەر ئولتۇرغان كېمە كىشىلەرنى ئېلىپ مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە بۇ شامالدىن يولۇچىلارمۇ چەكسىز خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا،[1] بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ كېمە ئۆرۈلىدۇ، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر ھالاك بولىدىغانلىقىغا جەزم قىلىپ، چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى چۆرۈۋېتىدۇ. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغدا، ئاللاھ تائالاغا

[1] بۇ يەردە ئىككىنچى شەخستىن ئۈچىنچى شەخسكە بۇرۇلۇپ كېتىلگەن.

قايتىدىغان شەكىلدە يارىتىلغان. كاپىر بولسىمۇ دىشۋارچىلىققا دۇچ كەلگەن كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. چۈنكى سەۋەبلىرى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەندۇر.» ئىنسانلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىرىدە، «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇ بالا ۋە دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم سەن ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن ۋە ساڭا ئىتائەت قىلىپ، سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاسمەنلىكتىن مەقسەت، بۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەستىن پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىشتۇر.» ھەسەۇلبەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاسمەنلىكتىن مەقسەت، ئىماندا سەمىمىي بولۇش ئەمەستۇر. لېكىن، بۇ بالادىن ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكى مەجبۇرىي ھالدا ئىمان ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدۇ.» 23. «ئاللاھ ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، (سىلەر) بۇ دۇنيا (نىڭ ئۆتكۈنچى نېمەتلىرى)دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ)، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز.» ـ ئاللاھ ئۇلارنى ئۇ بالادىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ ۋە ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دۇئا

مەسىلىسىدە ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھتىن باشقىلارغا دۇئا قىلىدۇ ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىدۇ.» ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلارنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى پەقەت ئۆزۈڭلار يىغىسىلەر. سىلەر بۇ دۇنيانىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھەسرەت - نادامەت چېكىسىلەر. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىمىز، ۋە نامە - ئەمەلىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىمىز. بۇ يەردە تەھدىت ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. ئايەتتە ئىنكارچىلىق تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنداق كىشى پەقەت بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئاندىن ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىدۇ، مۈشكۈلچىلىك ۋە چىقىش يولى تاپالمىغان پەيتلەردىلا ئاللاھقا يۈزلىنىپ، دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن چاغدا، ئاللاھقا زىيان - زەخمەتنى كۆتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، تەكرار ئىنكارچىلىق قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرىدۇ ھەمدە يامانلىق ۋە ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئايەتلەردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پانىي دۇنيا ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋاقتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 24. «ھاياتىي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشىدە، نېمەتلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى بولۇشىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۇيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ

ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى - دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.» ـ ھاياتىي دۇنيانىڭ مىسالى، تېز ئۆزگىرىشىدە، نېمەتلىرىنىڭ باقاسىزلىقىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا، بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇر سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى ئۈنۈپ چىقىپ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن،[1] ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، زىرائەتلەرنى ئىلگىرى يوقتەك، پۈتۈنلەي ئورۇپ تاشلانغاندەك نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق. پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز ۋە مىساللارنى كەلتۈرىمىز. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتلەردىن پىكىر يۈرگۈزىدىغانلار پايدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئالاھىدە

---

[1] ئىبنى ئاباسقا كۆرە، يامغۇر سۈيى يەرگە سىڭىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ.

زىكىر قىلىنغان.» 25. «ئاللاھ (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (جەننەتكە) چاقىرىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ» ئاللاھ كىشىلەرنى سۆيگۈ ۋە ئامانلىق يۇرتى بولغان جەننەتكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا، يەنى ئىسلام دىنىغا باشلايدۇ. 26. «ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (ئۇلارغا غەم - قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» ـ چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئەھلى دوزاخنىڭ يۈزلىرىدەك قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ، ئۇلارغا غەم - قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە، جەننەتنىڭ نازۇنېمەتلىرى مەڭگۈ تۈگەپ كەتمەيدۇ ۋە يوق بولمايدۇ. 27. «(دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» ـ دۇنيادا يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلار بىر يامانلىقنى قىلسا، شۇنىڭغا لايىق جازاغا ئۇچرايدۇ، قىلمىشىدىن ئارتۇق جازاغا تارتىلمايدۇ. ياخشى ئەمەللەرگە كەلسەك، ئاللاھ

ھەسسىلەپ ساۋاپ بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئادالىتى سۈپىتىدە بىر يامانلىققا پەقەت بىر جازا بېرىلىدۇ. ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زاتى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. 28. «شۇ كۈن (قىيامەت كۈنى) دە (مۆمىنلەرنى، كاپىرلارنى) ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلەرغا: ‹سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار› دەيمىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيمىز، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرى ئېيتىدۇ: ‹سىلەر بىزگە ئىبادەت قىلمىغان ئىدىڭلار (بەلكى نەپسى خاھىشىڭلارغا ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار)› .» ـ شۇ كۈن (قىيامەت كۈنى)دە مۆمىنلەرنىمۇ، كاپىرلارنىمۇ يىغىمىز، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارغا: ‹سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئاللاھ سىلەر توغرۇلۇق قارار چىقارغانغا قەدەر ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار› دەيمىز. ئۇلار بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىيمىز. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار.»[1] ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ئۇلاردىن يىراقلىشىدۇ. مۇجاھىدقا كۆرە، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: «بىز سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنغىنىڭلاردىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىلەرگە بىزگە ئىبادەت

[1] ياسىن سۈرىسى -59 ئايەت.

قىلىشقىلار دېمىگەن ئىدۇق. ئەسلىدە سىلەر بىزگە ئىبادەت قىلمىغان ئىدىڭلار، بەلكى نەپسى - خاھىشىڭلارغا ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار.» دەرۋەقە مۇنۇ ئايەتكە كۆرە، «ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ.»[1] 29. «سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىكى، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن بىز غاپىل ئىدۇق.» ـ قىيامەت كۈنى بۇتلار مۇشرىكلارغا: «سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىكى، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى، چۈنكى بىز كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان ۋە ھېس قىلمايدىغان جانسىز ئىدۇق. يەنە كېلىپ بىزدە روھ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى» دەيدۇ. 30. «بۇ چاغدا ھەر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۈستىدە سىنىلىدۇ (ياخشىمۇ - يامانمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ)، ئۇلار ھەقىقىي ئىگىسى ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ دەۋا قىلغانلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ.» ـ بۇ چاغدا ھەر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرى ئۈستىدە سىنىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ھەققانىي رەۋىشتە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغان ھەقىقىي ئىگىسى ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ «شاپائەت قىلىدۇ» دەپ دەۋا قىلغان بۇتلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ. بۇ ئايەتتە، كۆرمەيدىغان،

[1] بەقەرە سۈرىسى -166 ئايەت.

ئاگلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان ۋە ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنغان مۇشرىكلار ئۈچۈن كايىش باردۇر. 31. «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلەرگا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟› ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر› ؟» ـ بۇ ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالانىڭ يېگانىلىقى ۋە ئىلاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر باردۇر. يەنى «ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىندىن زىرائەت، ئۆسۈملۈك، مېۋە ۋە گىياھ قاتارلىقلارنى ئۈندۈرۈپ، كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى سىلەردىن قايتۇرۇۋېلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى سىلەرگە كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟ دەرۋەقە مۇنۇ ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟›»[1] ئىنسانى

[1] ئەنئام سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

ئاجىز مەنىدىن، قۇشنى تۇخۇمدىن، ئۆسۈملۈكنى يەردىن، داننى باشاقتىن ياراتقان ۋە مۆمىننى كاپىردىن ئايرىغان كىم؟ جۇملىدىن تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى كىم بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالادۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەممە ئىش ئوچۇق - ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق ۋە سەركەشلىك قىلىشلىرىغا ئىمكان يوقتۇر. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە جازاسىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟ 32. «(يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ ئاللاھتۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟» - يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ئىلاھلىقى ۋە يېگانىلىقى، ھەمىشە كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق مانا مەن دەپ كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ. بۇ سوئال بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بولغان ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتسە، گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولىدۇ. نېمىشقا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، ھېچنېمىنى يارىتالمايدىغان، رىزىق بېرەلمەيدىغان، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدىغان، تىرىكلەرنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان

نەرسىلەرگە چوقۇنۇش بىلەن ھەقىقەتتىن گۇمراھلىققا بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ 33. «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) ئىمان ئېيتمايدۇ» ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئىنكارچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلار ۋە ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغانلار توغرىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكمى ھەقلىق بولدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى تېگىشلىك بولدى. چۈنكى ئۇلار گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈيدىغان بەتبەختلەردۇر. 34. «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟› ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. نېمىشقا (ھەقتىن باتىل تەرەپكە) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر› ؟» ـ ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى ئەيىبلەپ ۋە كايىپ شۇنداق دېگىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ، ئاندىن يوق قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىلاھلىرى توغرىسىدىكى دەۋالىرىدا ئۇلارنىڭ يالغانچى ۋە تۆھمەتخور ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ سوئالنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سوئاللارغا جاۋاب

بىرىش ئەمر قىلىندى.» ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ، ئاندىن يوق قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان زات پەقەتلا ئاللاھتۇر. ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ قولىدىن بۇنداق قىلىش كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا نېمىشقا ھەقتىن باتىل تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟» 35. «ئېيتقىنكى، ‹شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟› ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ، ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ ياكى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان (نەرسىلەرگە) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟›» ــ بۇ، سوئال تەرىقىسىدىكى باشقا بىر خىل ئەيىبلەشتۇر. يەنى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا گۇمراھلىققا پېتىپ قالغان بىر كىشىگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئىلاھلىرىڭلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، شۇنى بىلىڭلاركى، گۇمراھلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كىشىگە توغرا يول كۆرسىتەلەيدىغان، ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان ۋە ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان زات پەقەتلا ئاللاھتۇر. ئۇنداقتا گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زات ئاللاھ بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان بۇتلار بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا

بۇتلار بىلەن پەرۋەردىگارىڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىسىلەر؟ نېمىشقا ئۇچۇقتىن - ئوچۇق مۇنداق باتىل ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟» بۇ ئەجەبلىنىش ۋە ئىنكار قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر سوئالدۇر. ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ۋە تەقلىد قىلىشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغاندىن كېيىن، ئېتىقادلىرىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 36. «ئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» ـ ئۇلارنىڭ تولىسى بۇتلارنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دائىر ئېتىقادلىرىدا، ھېچقانداق بىر دەلىلگە ئاساسلانمايدىغان، پەقەت باتىل ۋەھىملەر ۋە پەرەزگىلا تايىنىدىغان بىر ئېتىقادنى بويلاپ ماڭىدۇ. ۋەھىملەر ۋە پەرەزلەرگە تايىنىدىغان بۇنداق ئېتىقاد ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە يالغانچىلىقلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بۇ، پەرەزگە تايىنىدىغانلىقلىرى ۋە دەلىللەرنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقلىرى تۈپەيلى ئۇلار ئۈچۈن بىر تەھدىتتۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھىينىڭ راستلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: 37. «بۇ قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن باشقىسى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى ئەقىلغە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ). قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ

بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» ـ ئەقىل - ھوشى جايىدا بىر كىشىنىڭ بۇ قۇرئاننى ئۆيدۇرۇپ چىقىپ، ئاللاھقا ئىپتىرا قىلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ، چۈنكى قۇرئانغا ئوخشىغان بىر كىتابنى كەلتۈرۈش ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى، شەرئىي قانۇنلارنى ۋە ئېتىقاد سىستېمىلىرىنى بايان قىلغۇچىدۇر. قۇرئاننىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچقانداق شەك يوقتۇر. 38. «ئۇلار: ‹قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان› دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار› .» ـ لېكىن ئۇلار: «بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشتى. بۇ كايىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر سوئالدۇر. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى تۇقۇپ چىققانلىقىغا قارىتا سۆزۈڭلاردا ھەقلىق بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن ياردەمگە چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار». تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن مەقسەت مۇنداق: ‹سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشقا ھەرگىزمۇ كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سىلەر يالغانچىسىلەر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ سىلەرگە

ئوخشاشلا بىر ئىنسان.›  ئاللاھتىن باشقا ئىنسانلار ۋە جىنلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرەلمىگەن يەردە، ئۇلاردىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈتكۈل قۇرئان كەرىمنى كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.» 39. «ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن» ـ ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. بۇ مۇشرىكلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. دەرۋەقە، ئىنسانلار ھەمىشە ئۆزلىرى بىلمىگەنلىرىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلارغا بېرىلگەن تەھدىت تېخىچە ئىشقا ئاشقىنى يوق. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. ئى مۇھەممەد! زالىملىقلىرى ۋە ئازغۇنلۇقلىرى تۈپەيلى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىغا نەزەر تاشلىغىن. ئاللاھ بۇ زالىملارنىمۇ ئەنە شۇ گۇمراھلارغا ئوخشاش قاتتىق جازالايدۇ.

**ئىلاۋە:** ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىيەت دۇنياسى، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى يەشكەنسېرى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا يېڭى - يېڭى رىزىقلارنى كەشپ قىلماقتا. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقى ۋە ياكى بۇزۇقلۇقىغا قاراپ، ئۇلارنى

بەزىدە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلسا، يەنە بەزىدە يامانلىققا سەرپ قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن رىزىقلاردۇر. جۈملىدىن يەر يۈزىدە ۋە يەرنىڭ تېگىدە نۇرغۇنلىغان رىزىقلار باردۇر، سۇ يۈزىدە ۋە سۇنىڭ تېگىدىمۇ تۈرلۈك رىزىقلار باردۇر. قۇياش نۇرىدا ۋە ئاينىڭ شولىسىدىمۇ تۈرلۈك - تۈرلۈك رىزىقلار باردۇر. ھەتتا يەر يۈزىدىكى يەر مەدىنكىدىمۇ رىزىق باردۇر. ئىلىم - پەننىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەر مەدىنكىنىڭ دورىلىق رولى ۋە زەھەر قايتۇرۇش ماددىسىغا ئىگە ئىكەنلىكى كەشىپ قىلىنغان.» (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟»

وَمِنۡهُم مَّن يُؤۡمِنُ بِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن لَّا يُؤۡمِنُ بِهِۦۚ
وَرَبُّكَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٤٠﴾ وَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل لِّي
عَمَلِي وَلَكُمۡ عَمَلُكُمۡۖ أَنتُم بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعۡمَلُ وَأَنَا۠
بَرِيٓءٞ مِّمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٤١﴾ وَمِنۡهُم مَّن يَسۡتَمِعُونَ إِلَيۡكَۚ
أَفَأَنتَ تُسۡمِعُ ٱلصُّمَّ وَلَوۡ كَانُواْ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿٤٢﴾ وَمِنۡهُم
مَّن يَنظُرُ إِلَيۡكَۚ أَفَأَنتَ تَهۡدِي ٱلۡعُمۡيَ وَلَوۡ كَانُواْ لَا
يُبۡصِرُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظۡلِمُ ٱلنَّاسَ شَيۡـٔٗا وَلَٰكِنَّ ٱلنَّاسَ
أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٤٤﴾ وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ كَأَن لَّمۡ يَلۡبَثُوٓاْ إِلَّا
سَاعَةٗ مِّنَ ٱلنَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيۡنَهُمۡۚ قَدۡ خَسِرَ ٱلَّذِينَ
كَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ ﴿٤٥﴾ وَإِمَّا نُرِيَنَّكَ
بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ ثُمَّ ٱللَّهُ

شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا يَفۡعَلُونَ ﴿٤٦﴾ وَلِكُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولٞۖ فَإِذَا جَآءَ
رَسُولُهُمۡ قُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٤٧﴾
وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾ قُل
لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي ضَرّٗا وَلَا نَفۡعًا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۗ لِكُلِّ
أُمَّةٍ أَجَلٌۚ إِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ فَلَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا
يَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٤٩﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُهُۥ بَيَٰتًا أَوۡ
نَهَارٗا مَّاذَا يَسۡتَعۡجِلُ مِنۡهُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٥٠﴾ أَثُمَّ إِذَا مَا
وَقَعَ ءَامَنتُم بِهِۦٓۚ ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ كُنتُم بِهِۦ تَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿٥١﴾
ثُمَّ قِيلَ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلۡخُلۡدِ هَلۡ تُجۡزَوۡنَ
إِلَّا بِمَا كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ﴿٥٢﴾ ۞ وَيَسۡتَنۢبِـُٔونَكَ أَحَقٌّ هُوَۖ
قُلۡ إِي وَرَبِّيٓ إِنَّهُۥ لَحَقّٞۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٥٣﴾ وَلَوۡ أَنَّ
لِكُلِّ نَفۡسٖ ظَلَمَتۡ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لَٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ وَأَسَرُّواْ
ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۖ وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ
لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٥٤﴾ أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ
إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٥٥﴾ هُوَ
يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٥٦﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ
جَآءَتۡكُم مَّوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَشِفَآءٞ لِّمَا فِي ٱلصُّدُورِ
وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٥٧﴾ قُلۡ بِفَضۡلِ ٱللَّهِ وَبِرَحۡمَتِهِۦ
فَبِذَٰلِكَ فَلۡيَفۡرَحُواْ هُوَ خَيۡرٞ مِّمَّا يَجۡمَعُونَ ﴿٥٨﴾ قُلۡ أَرَءَيۡتُم
مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ لَكُم مِّن رِّزۡقٖ فَجَعَلۡتُم مِّنۡهُ حَرَامٗا وَحَلَٰلٗا
قُلۡ ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمۡۖ أَمۡ عَلَى ٱللَّهِ تَفۡتَرُونَ ﴿٥٩﴾ وَمَا ظَنُّ

ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو
فَضْلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٦٠﴾ وَمَا
تَكُونُ فِى شَأْنٍ وَمَا تَتْلُوا۟ مِنْهُ مِن قُرْءَانٍ وَلَا تَعْمَلُونَ
مِنْ عَمَلٍ إِلَّا كُنَّا عَلَيْكُمْ شُهُودًا إِذْ تُفِيضُونَ فِيهِ ۚ وَمَا
يَعْزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن مِّثْقَالِ ذَرَّةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِى ٱلسَّمَآءِ
وَلَآ أَصْغَرَ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكْبَرَ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٦١﴾
أَلَآ إِنَّ أَوْلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٢﴾
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَكَانُوا۟ يَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ لَهُمُ ٱلْبُشْرَىٰ فِى ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ ۚ لَا تَبْدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ
ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٤﴾ وَلَا يَحْزُنكَ قَوْلُهُمْ ۘ إِنَّ ٱلْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ۚ هُوَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٦٥﴾ أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِى
ٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا يَتَّبِعُ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُرَكَآءَ ۚ إِن
يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿٦٦﴾ هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ
لَكُمُ ٱلَّيْلَ لِتَسْكُنُوا۟ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبْصِرًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ
لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ ﴿٦٧﴾ قَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَٰنَهُۥ ۖ
هُوَ ٱلْغَنِىُّ ۖ لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ إِنْ عِندَكُم
مِّن سُلْطَٰنٍۭ بِهَٰذَآ ۚ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٨﴾ قُلْ
إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ ﴿٦٩﴾ مَتَٰعٌ
فِى ٱلدُّنْيَا ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ ٱلْعَذَابَ ٱلشَّدِيدَ
بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٧٠﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھيىنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ يەردىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى، ئەمما تەكەببۇرلۇقى ۋە سەركەشلىكى تۈپەيلى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، يەنە بىر قىسمىنىڭ بولسا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، ئەقلى قىسقا ۋە ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بولغاچقا تەستىق قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن، قۇرئان كەرىمنىڭ دىللارغا شىپا ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ. ئاخىرىدا، مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋەتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**تەپسىرى:** 40. «ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، پەرۋەردىگارىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ» ـ ئى مۇھەممەد! سەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگىنىڭدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار، ساڭا ئەگىشىدىغانلار، ئىتائەت قىلىدىغانلار ۋە ساڭا ۋەھيى قىلىنغانلاردىن پايدىلىنىدىغانلار بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، ئۇلار كۇفرى ۋە گۇمراھلىق ئۈستىدە ئۆلىدۇ، شۇ پېتى تىرىلدۈرۈلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ ھىدايەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەيدۇ، گۇمراھلىققا پېتىپ قالغۇچىلار ۋە بۇزغۇنچىلارنىمۇ ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ ھەمدە ئازدۇرىدۇ. 41. «ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: ‹مېنىڭ قىلغان ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر،

سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا - جۇداسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا - جۇدامەن (بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن» ـ ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ھەق ئەمەلىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ باتىل ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇداسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن. بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن. 42. «ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، سەن گاسلارغا ئاڭلىتالامسەن؟ ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان تۇرسا» ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، لېكىن سېنىڭ ئوقۇغانلىرىڭدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۇلارنىڭ دىللىرى قوبۇل قىلمايدۇ. ئى مۇھەممەد! سەن گاسلارغا (ئاللاھ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئېلىپ تاشلىغانلارغا) ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسىمۇ ئاڭلىتالامسەن؟ ھالبۇكى ئۇلار ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقان گاس بولغانلىقى ئۈچۈن، پىكىر - تەپەككۇر قىلىپ، ھەقىقەتنى چۈشىنەلمەيدىغان تۇرسا. ئىبنى كەسىرگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭگە ۋە پايدىلىق قۇرئانغا قۇلاق سالىدىغانلار بار. بىراق ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش ساڭا ئائىت ئەمەس. سەن گاسلارغا سۆزلىرىڭنى ئاڭلىتالمىغىنىڭدەك، ئاللاھ تائالا خالىمىغۇچە ئۇلارنى ھىدايەتكىمۇ يېتەكلىيەلمەيسەن.» 43. «ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار (پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ ئېنىق ئالامەتلىرىنى بايقايدىغانلار بار، لېكىن ئۇلار

بايقىغانلىرىدىن پايدىلانمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كوردۇر). سەن كورلارنى ھىدايەت قىلالامسەن؟ ئۇلار (ھەقىقەتنى) كۆرمەيدىغان تۇرسا» ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساغلام قارايدىغانلار ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىپتىق ئالامەتلىرىنى بايقايدىغانلارمۇ بار، لېكىن ئۇلار بايقىغانلىرىدىن پايدىلانمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كوردۇر. ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلارنىڭ دىللىرى كۆرەلمىسە، سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلىيەلەمسەن؟ ھەقىقەتنى كۆرمەسكە سالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كورلارغا ئوخشاتتى. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدىن مەقسەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇشتۇر. «كور بولغانلىقى ئۈچۈن سەن ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرەلىشى ئۈچۈن بىر كۆز يارىتالمىغىنىڭدەك، ئۇلارنى ئىمان كەلتۈرۈشكىمۇ مۇۋەپپەق بولالمايسەن.» 44. «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ» ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، مەخلۇقاتلىرىغا ئۇۋال قىلمايدۇ. لېكىن ئىنسانلار كۇفرى، گۇناھ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار گۇناھ قىلماستىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىمانلىرىنى تارتىۋالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تارتىۋالغاندۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىشىگە تېگىشلىك بولغان.» 45. «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنە ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا

تونۇشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشىنى (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى.» ـ ئاللاھ ئەنە شۇ مۇشرىكلارنى ھېساب ئېلىش ئۈچۈن يىغىدىغان كۈننى خاتىرىلىگىن. شۇ كۈنى، كۆرىدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر تۈپەيلى، ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار خۇددى دۇنيادىكى ۋاقتىدىكىدەكلا ئۆزئارا تونۇشىدۇ. بۇ تونۇشۇش ئەيىبلەش ۋە بىر - بىرىنى رەسۋا قىلىش تونۇشۇشى ھېسابلىنىدۇ. بىرى يەنە بىرىگە: «سەن مېنى ئالدىدىڭ ۋە ئازدۇردۇڭ» دەيدۇ. دەرۋەقە بۇ، سۆيگۈ ۋە يېقىنچىلىق قىلىش تونۇشۇشى ئەمەس. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ زالىملار چوقۇم زىيان تارتىدۇ. چۈنكى ئۇلار توغرا يول تاپمىدى ۋە ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولمىدى. 46. «ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ساڭا كۆرسىتىمىز (بۇ دۇنيادىلا، سەن ھايات ۋاقتىڭدىلا كۆرسىتىمىز)، ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنى قەبزى روھ قىلىمىز، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ (مەيلى بالدۇر بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز)، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھ بولىدۇ» ـ ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى كۆڭلۈڭنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ساڭا بۇ دۇنيادىلا، سەن ھايات ۋاقتىڭدىلا كۆرسىتىمىز، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنى قەبزى روھ قىلساق، ئاخىرەتتە ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. مەيلى دۇنيادا بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتتە بولسۇن، ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ۋە گۇناھلىرىغا گۇۋاھتۇر. ئاللاھ ئۇلارغا چوقۇم

تېگىشلىك جازا بېرىدۇ. 47. «(ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ) ھەر بىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ» ـ ھىدايەتكە يېتەكلەشلىرى ئۈچۈن، ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. پەيغەمبەرلىرى كەلگەن ھامان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مۇجاھىدقا كۆرە، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، ھەر بىر ئۇممەت پەيغەمبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا جەم قىلىنىدۇ. ئۇلارغا ياخشى ـ يامان ئىشلىرى يېزىلغان نامە - ئەمەل دەپتەرلىرىمۇ، مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەرمۇ گۇۋاھ بولىدۇ. گۇناھسىز بولغان تەقدىردە ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. 48. «ئۇلار: ‹ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار (بىزگە ئېيتىپ بېرىڭلاركى) بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟› دەيدۇ.» ـ مەككە كاپىرلىرى: «ئەگەر سەن راستچىل بولساڭ، بىزگە ئېيتىپ بەرگىنكى، سەن بىزگە ۋەدە قىلغان بۇ ئازاب قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار بۇنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدى. 49. «ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ خالىمىسىلا، مەن ئۆزۈمدىن زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن، ھەر ئۇممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ› .» ـ ئېيتقىنكى: «ئاللاھ خالىمىسا، مەن ئۆزۈمدىن ھەرقانداق بىر

زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن، بۇ نە مېنىڭ، نە مەندىن باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بىراق ئاللاھ مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى ئىرادە قىلسا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنداقتا سىلەر دەرھال ئىشقا ئېششىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازابنى قانداقمۇ كەلتۈرەلەيمەن؟ ھەر ئۈممەتنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋە ئازابقا دۇچار بولىدىغان مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ» چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى دەل ۋاقتىدا ئىشقا ئاشىدۇ. 50. «ئېيتقىنكى: ‹ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (بۇنىڭدىن سىلەرگە نېمە پايدا؟) گۇناھكارلار (مۇشرىكلار) ئازابتىن قايسى نەرسىگە ئالدىرايدۇ؟›» ـ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئېيتقىنكى: «ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە بۇنىڭدىن سىلەرگە نېمە پايدا؟ بۇ، ۋەقەنىڭ چوڭلۇقىنى ۋە قورقۇنچلۇقىنى بىلدۈرىدىغان بىر سوئالدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنى ناھايىتى چوڭ ئىشتۇر. دەرۋەقە قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان كىشىگە، «ئازابتىن قايسى نەرسىگە ئالدىرايسىز؟» دېيىلىدۇ. 51. «(ئاللاھنىڭ) ئازابى يۈز بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئەمدى (ئېيتقان ئىمانىڭلار پايدىسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەسخىرە قىلىش بىلەن) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار» ـ بۇ ئايەتتە ئىخچام كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «ئۇنىڭغا ئىشەنگەنگە قەدەر سىلەرگە مۆھلەت بېرىلەمدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن ۋە سىلەر ئۇنى ئاشكارا كۆرگەن

چېغىدىكىلەردە ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشىنەمسىلەر؟ بۇنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى؟ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىڭلارنىڭ نېمە پايدىسى؟ تەبەرىگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئى مۇشرىكلار! ئاللاھنىڭ ئازابى يېتىپ كەلگەندە، يەنى ئىمان ئېيتىش سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن ئىمان ئېيتامسىلەر؟» ئى گۇناھكارلار! سىلەرگە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سىلەر تېخى ئەمدى ئىمان ئېيتامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەسخىرە قىلىش بىلەن ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار.» 52. «ئاندىن كېيىن (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: ‹مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ› دېيىلىدۇ» ـ ئاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارغا: «زاۋاللىققا يۈز تۇتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ. 53. «ئۇلار سەندىن: ‹ئۇ (ۋەدە قىلىنغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟› دەپ سورايدۇ، سەن: ‹ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر› دېگىن» ـ ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن: «سەن بىزنى قورقۇتقان ئازاب ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن: «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. دەرۋەقە سىلەر ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، قۇدرىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتىسىلەر» دېگىن. 54. «ئەگەر ھەر بىر زۇلۇم قىلغان ئادەم زېمىندىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدىغان بولسا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە (ئۇنىڭ ھەممىسىنى) فىدىيە

قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا نادامىتىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ (خالايىقنىڭ) ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن هۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ» ـ ئەگەر ھەر بىر زۇلۇم قىلغان ئادەم (كاپىر) يەر يۈزىدىكى بارلىق خەزىنىلەر، مال - مۈلۈكلەر ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە مالىك بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، بىراق تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئاللاھ بۇنى مەقبۇل قىلمايدۇ. دەرۋەقە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.»[1] ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرى بىلەن نادامەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇ زالىملار ئازابنى كۆرگەن چاغدا نادامىتىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ.» ئىمام جەلالىددىنغا كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى ئەيىبلىنىشتىن قورقۇپ نادامىتىنى يوشۇردى، ھەمدە ئۇنى ئۆزلىرى ئازدۇرغان ئاجىز كىشىلەردىن مەخپىي تۇتتى.» خالايىقنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئەمەللىرىدىن ھېچنەرسە كەم - زىيادە قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىغا لايىق جازا بېرىلىدۇ. 55. «راستتىنلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، راستتىنلا ئاللاھنىڭ

[1] ئال ئىمران سۈرىسى -91 ئايەت.

ۋەدىسى ھەقتۇر، لېكىن ئۇلار (ئىنسانلار) نىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ» ـ بۇ يەردىكى ئالدى قوشۇلغۇچى، ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن. يەنى راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاسمان - زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىر نەرسىسى يوقتۇر. مۈلۈكلەرنى ياراتقۇچىمۇ، مالىكىمۇ ئاللاھتۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ۋەدىسى ھەقتۇر، بۇ ۋەدە چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتىن كەمچىل بولغانلىقى ۋە غەپلەتكە پېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدۇ. 56. «ئاللاھ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر» ـ ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر. ئاللاھ قىلمىشىڭلارغا يارىشا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 57. «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە (شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى» ـ بۇ بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان بىر خىتابتۇر. يەنى «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە داۋا، شەك ۋە نادانلىققا شىپا بولغان، مۆمىنلەرنى ئازغۇنلۇقتىن قوغدايدىغان، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان شانلىق قۇرئان كەلدى.» زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت

بولغـان، دىللاردىكـى دەردكـە داۋا بولغـان، ھەقىقەتكـە چاقىرىدىغـان، ئاراڭلاردىــن ئۇنىڭغـا ئىمـان كەلتۈرگەنلەرگــە رەھمەتنـى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان شـانلىق كىتـاب كەلـدى.» 58. «ئىبىتقىنكـى، ‹ئـۇلار ئاللاھنىـڭ پەزلـى ۋە رەھمىتىدىـن خۇشـال بولسـۇن، بـۇ ئۇلارنىـڭ يىغقـان (دۇنيا - ماللىرىدىن) ياخشـىدۇر» - ئېيتقىنكـى، «ئـۇلار پەقـەت ئاللاھنىـڭ پەزلـى ۋە رەھمىتىدىنلا خۇشـال بولسـۇن.» ئىبنـى ئابباس مۇنـداق دەيـدۇ: «ئاللاھنىـڭ لۇتفـى قۇرئـان كەرىـم، رەھمىتـى بولسـا ئىسـلامدۇر.» يەنـى «ئـۇلار پەقـەت ئاللاھ تەرىپىدىـن ئۆزلىرىگـە بېرىلگـەن قۇرئـان بىلـەن ئىسـلامدىنلا خۇشـال بولسـۇن. چۈنكـى ئۇلارنىـڭ ئـەڭ خۇشـال بولۇشـقا تېگىشـلىك بولغىنـى قۇرئـان كەرىـم بولـۇپ، قۇرئـان ئۇلارنىـڭ يىغقـان بارلىـق مـال - دۇنيالىرىدىـن، دۇنيانىـڭ ۋاقىتلىـق زىبۇزىننەتلىرىدىـن ۋە پانىي نېمەتلىرىدىـن ياخشـىدۇر.» دەرۋەقـە ھەدىسـتە مۇنـداق دېيىلـدۇ: «ھەممىنـى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان بـۇ دۇنيـا بىـر تـال چىۋىنگىمـۇ تـەڭ كەلمەيـدۇ.» 59. «ئىبىتقىنكـى، ‹ئېيتـىپ بېقىڭلارچـۇ! سىلەرگە ئاللاھ چۈشـۈرگەن رىزىقتىـن بەزىسـىنى ھـارام، بەزىسـىنى ھـالال قىلدىـڭلار، ئاللاھ سـىلەرگە مۇنـداق قىلىشـقا ئىزنـى بەردىمـۇ؟ ياكـى ئاللاھقـا يالغاننـى چاپلامسـىلەر› ؟» - بـۇ، ئـەرەب كاپىرلىرىغـا قىلىنغـان بىـر خىتابتـۇر. يەنـى ئىيتقىنكـى، «ئـى مۇشـرىكلار! ئاللاھ سـىلەر ئۈچـۈن ياراتقـان ھـالال رىزىقلاردىـن مـاڭا ئېيتـىپ بېقىڭلارچـۇ! بەھىـرە (سـەككىزنى تۇغقـان، بەشىنچىسـىنى ئەركـەك تۇغقـان تۆگـە بولـۇپ، جاھىلىيـەت ئەرەبلىـرى بـۇ تۆگىنىـڭ قۇلىقىنـى يېرىـپ قويـۇپ ئـۆز مەيلىگـە قويـۇپ بېرەتتـى، مىنمەيتتـى، يـۈك ئارتمايتتـى)، سـائىبە (چىشـىدىن ئوننـى تۇغقـان تۆگـە بولـۇپ، مىنىلمەيتتـى،

قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى)، ۋاسىلە (بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە)، هام (ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) قاتارلىق ئاللاھ سىلەرگە چۈشۈرگەن رىزىقلارنىڭ بىر قىسمىنى ھالال، يەنە بىر قىسمىنى بولسا ھارام قىلدىڭلار.» ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىش مەقسىتىدە نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بەھىرەلەر، سائىبەلەر ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ بىر قىسمىنى ھالال، يەنە بىر قىسمىنى ھارام ھېسابلايتتى.» ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ھالال - ھارام مەسىلىلىرىدە ئاللاھ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىجازەت بەردىمۇ؟ سىلەر بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىۋاتامسىلەر؟ ياكى تەڭداشسىز ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھقا يالغان ۋە بوھتان چاپلاۋاتامسىلەر؟» 60. «ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار قىيامەت كۈنى قانداق ئويلايدۇ؟ (جازاغا تارتىلمايمىز، دەپ ئويلامدۇ؟) شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىكتۇر (چۈنكى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كېچىكتۈردى)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ» ـ ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ۋە ئۆزلىرىچە ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىدىغانلار قىيامەت كۈنى قانداق ئويلايدۇ؟ ئۇلار «قىيامەت كۈنى ئاللاھ بىزنى جازاغا تارتمايدۇ ۋە كەچۈرۈم قىلىنىمىز» دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ ئۇلارنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ. بۇ، تۆھمەتخورلار ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر.

دەرۋەقە ئالدىراپ جازا بەرمەسلىك (ئازابنى كېچىكتۈرۈش)، پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ. ھەتتا ئىنكار قىلىدۇ ۋە تۈزكورلۇق قىلىدۇ. 61. «سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز. ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر» ـ بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھقا قىلىنغان خىتابتۇر. يەنى ئى مۇھەممەد! سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، نېمە ئىش قىلساڭ قىل، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، ئى ئىنسانلار! سىلەر ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز. سىلەرنىڭ نامە - ئەمەللىرىڭلار ھەرگىزمۇ ئاللاھقا مەخپىي قالمايدۇ. ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھەتتا چۈمۈلە، توزان ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر. تەبەرىگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئېغىرلىقى قانچىلىك يېنىك، ھەجمى قانچىلىك كىچىك بولسا بولسۇن، بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ. ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى

قىلىڭلار. چۈنكى ئەمەللىرىڭلارنى خاتىرىلەپ تۇرىمىز. قىيامەت كۈنى نامە - ئەمىلىڭلەرگە يارىشا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىمىز.» 62. «راستتىنلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش يوقتۇر، ئۇلار غەم - ئەندىشە قىلمايدۇ» ـ ئى ئىنسانلار! ئاگاھ بولۇڭلار ۋە شۇنى بىلىڭلاركى، راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ۋە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا قايغۇرۇش يوقتۇر. ئاندىن ئاللاھ تەئالا بۇ دوستلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 63. «ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر» ـ ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلاردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلغان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش بىلەن تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى تەقۋادار مۆمىنلەردۇر. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھنىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، ئۇلار نە پەيغەمبەر ئەمەس، نە شەھىد ئەمەس. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۈكسەك مەرتىۋىسى تۈپەيلى، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىلەن شەھىدلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ساھابىلەر: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار كىملەر؟ ئۇلار قانداق ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر؟ بىزگە خەۋەر قىلساڭ، بىزمۇ ئۇلار بىلەن دوست بولساق› دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: ‹ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بىر - بىرىگە بېرىدىغان مال - دۇنياسى بولماسلىقىغا قارىماي، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەردۇر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇردۇر. ئۇلار

نۇردىن ياسالغان تەختلەرنىڭ ئۈستىدىدۇر. باشقىلار قورققان چاغدا ئۇلار قورقمايدۇ، باشقىلار قايغۇرغان چاغدا ئۇلار قايغۇرمايدۇ.» ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ‹راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر› .» 64. «ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ). ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر» ـ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەر دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىدۇ.[1] دەرۋەقە ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، <پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر> دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ‹قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان ۋە تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى

[1] بەزى مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، دۇنيادىكى خۇش خەۋەر مۆمىن كىشى كۆرىدىغان ياكى كۆرسىتىلىدىغان «ياخشى چۈش» تۇر. بۇ مەسىلە ھاكىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەبەرىگە كۆرە، خۇش خەۋەر ياخشى چۈش ۋە جان ئۈزۈش ۋاقتىدا پەرىشتىلەرنىڭ خۇش خەۋەر بېرىشىدۇر.

مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بىرىلگەن زىياپەتتۇر› دەيدۇ.»[1] ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەنە شۇ كاتتا بەخت بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت يوقتۇر. بۇ مىسلىسىز ۋە ناھايىتى زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 65. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئاللاھقا مەنسۇپ (ئاللاھ ساڭا مەدەتكاردۇر). ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» ـ ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ ساڭا «سەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دېگەن سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇپ، ئاللاھ ساڭا مەدەتكاردۇر، قوغدىغۇچىدۇر ۋە يار - يۆلەكتۇر. بارلىق ئىززەت - ھۆرمەت ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ دوستلىرىغا مەرھەمەت قىلىدۇ، دۈشمەنلىرىنى مەرھەمەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. 66. «بىلىڭلاركى، راستتىنلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر (ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھنى قويۇپ، ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ» ـ دىققەت قىلىڭلار. راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسى ۋە مەخلۇقاتىدۇر. ئاللاھنى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلار ئۇلارغا ھەقىقي ئىلاھ

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 30 — -32 ئايەتلەر.

سۈپىتىدە ئەگەشمەيدۇ، ئەكسىچە «ئۇلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ ۋە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ» دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى بۇتلار ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت يوقىلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى ھەقىقەت دەپ قارايدۇ. 67. «ئى ئىنسانلار! ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى ياراتتى، نەرسىلەرنى كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى ياراتتى، (ئىبرەت قۇلىقى بىلەن) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن ئالامەتلەر بار» ـ بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى خاتىرلىتىدۇ. يەنى ئى ئىنسانلار! ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى دەم ئالىدىغان قىلىپ ياراتتى، سىلەر تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا چارچاپ كەتكىنىڭلاردا، كېچىسى ئارام ئالىسىلەر. نەرسىلەرنى كۆرۈپ، تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى ياراتتى، سىلەر كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىدا ئېھتىياجلىرىڭلارنى قامدىيالايسىلەر ۋە تىرىكچىلىكنىڭ يوللىرىنى تاپالايسىلەر. ئىبرەت قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر ۋە ئالامەتلەر بار. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: 68. «ئۇلار (كاپىرلار): ‹ئاللاھنىڭ بالىسى بار› دېيىشتى، ئاللاھ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، بىھاجەتتۇر (بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۈچۈن بولىدۇ، ئاللاھ بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، سىلەر

بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟» ـ يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ‹ئاللاھنىڭ بالىسى بار› دېيىشتى.[1] يەھۇدىيلار ‹ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلى› دېسە، ناسارالار ‹ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلى› دەپ ئېتىقاد قىلدى. دەرۋەقە، مەككە كاپىرلىرىمۇ ‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرى› دېيىشتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن پاكتۇر، مۇنەززەھ ۋە بىھاجەتتۇر. شۈبھىسىزكى، بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۈچۈن بولىدۇ، ئاللاھ بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر، شۇڭا ئاللاھنىڭ بالىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكى ۋە مەخلۇقاتىدۇر. (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە بالىسى بارلىقىنى دەۋا قىلىش بىلەن، سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟ بۇ، ئۇلارنى نادانلىقى تۈپەيلى ئەيىبلەش ۋە كايىشتۇر. 69. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ› .» ـ ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ ھەمدە نىجادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. 70. «ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا

[1] بۇ نېمە دېگەن ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، جاھالەت ۋە ھاماقەتلىك ـ ھە! ئۇلار راھىپلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئۇلارنى بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ قاراۋاتقان بىر پەيتتە، تەڭداشسىز ئاللاھقا كەلگەندە «بالىسى بار» دەپ چالۋاقاشتى.

قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز» ـ ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئازغىنا ۋاقىتلا بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار ھېساب بېرىش، ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى ۋە ئاللاھقا يالغان چاپلىغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

**ئىلاۋە:** ئاللاھ تەئالا، قۇرئان كەرىمدە ئۈچ يەردە رەسۇلۇللاھقا قەسەم بېرىشنى بۇيرۇدى: يەنى بۇ سۈرىدە، « ‹پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر› دېگىن.» سەبەئ سۈرىسىدە، «ئېيتقىنكى، ‹ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ› .»[1] تەغابۇن سۈرىسىدە، «ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ‹ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز› دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: ‹ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر› .»[2] بۇنى ئىبنى كەسىر بايان قىلغان.

**ئەسكەرتىش:** «كۆرمەيۋاتامسەن» ئىبارىسى، كۆز بىلەن كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى ياكى بىلىپ - بىلمىگەنلىكىنى سوراش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەسلى مەنىسىدىمۇ شۇنداق ئىشلىتىلىدۇ. ئەرەبلەر بۇنى «ئۇنى ماڭا خەۋەر قىلغىن» مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ. كۆرۈش يا كۆز بىلەن ۋەياكى ئۈچۈر

[1] سەبەئ سۈرىسى -3 ئايەت.

[2] تەغابۇن سۈرىسى -7 ئايەت.

بىلەن بولىدۇ. ئەسلى مەنىسى مۇنداق: «ئۇنىڭ ھەيران قالارلىق ھالىنى كۆردۈڭمۇ؟» ياكى «ھەيران قالارلىق ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۇنى ماڭا خەۋەر بەرگىن.» بۇ ئىبارە، ھەيران قالارلىق ئەھۋاللارنىڭ سىرتىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئايەتلەردە مۇنداق كەلتۈرۈلگەن: «دىنىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟»[1]، «نامازنى ئوقۇۋاتقان بەندىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟»[2]. بۇنداق ئايەتلەر قۇرئاندا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ نُوحٍ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِن كَانَ
كَبُرَ عَلَيۡكُم مَّقَامِي وَتَذۡكِيرِي بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَعَلَى ٱللَّهِ
تَوَكَّلۡتُ فَأَجۡمِعُوٓاْ أَمۡرَكُمۡ وَشُرَكَآءَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُنۡ أَمۡرُكُمۡ
عَلَيۡكُمۡ غُمَّةٗ ثُمَّ ٱقۡضُوٓاْ إِلَيَّ وَلَا تُنظِرُونِ ﴿٧١﴾ فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ
فَمَا سَأَلۡتُكُم مِّنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ
أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٧٢﴾ فَكَذَّبُوهُ فَنَجَّيۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ
فِي ٱلۡفُلۡكِ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ خَلَٰٓئِفَ وَأَغۡرَقۡنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ
بِـَٔايَٰتِنَاۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾ ثُمَّ بَعَثۡنَا
مِنۢ بَعۡدِهِۦ رُسُلًا إِلَىٰ قَوۡمِهِمۡ فَجَآءُوهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا
كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ بِهِۦ مِن قَبۡلُۚ كَذَٰلِكَ نَطۡبَعُ
عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٧٤﴾ ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِم مُّوسَىٰ

[1] مائۇن سۈرىسى -1 ئايەت.

[2] ئەلەق سۈرىسى 9 — -10 ئايەتلەر.

وَهَٰرُونَ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ بِـَٔايَٰتِنَا فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ
قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ مِنۡ عِندِنَا قَالُوٓاْ
إِنَّ هَٰذَا لَسِحۡرٞ مُّبِينٞ ﴿٧٦﴾ قَالَ مُوسَىٰٓ أَتَقُولُونَ لِلۡحَقِّ
لَمَّا جَآءَكُمۡۖ أَسِحۡرٌ هَٰذَا وَلَا يُفۡلِحُ ٱلسَّٰحِرُونَ ﴿٧٧﴾ قَالُوٓاْ
أَجِئۡتَنَا لِتَلۡفِتَنَا عَمَّا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَا وَتَكُونَ
لَكُمَا ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا نَحۡنُ لَكُمَا بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٧٨﴾
وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ٱئۡتُونِي بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ ﴿٧٩﴾ فَلَمَّا جَآءَ
ٱلسَّحَرَةُ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ ﴿٨٠﴾
فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ قَالَ مُوسَىٰ مَا جِئۡتُم بِهِ ٱلسِّحۡرُۖ إِنَّ ٱللَّهَ
سَيُبۡطِلُهُۥٓ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُصۡلِحُ عَمَلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٨١﴾ وَيُحِقُّ
ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٨٢﴾ فَمَآ ءَامَنَ
لِمُوسَىٰٓ إِلَّا ذُرِّيَّةٞ مِّن قَوۡمِهِۦ عَلَىٰ خَوۡفٖ مِّن فِرۡعَوۡنَ
وَمَلَإِيْهِمۡ أَن يَفۡتِنَهُمۡۚ وَإِنَّ فِرۡعَوۡنَ لَعَالٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَإِنَّهُۥ
لَمِنَ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ﴿٨٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰقَوۡمِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم
بِٱللَّهِ فَعَلَيۡهِ تَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّسۡلِمِينَ ﴿٨٤﴾ فَقَالُواْ عَلَى
ٱللَّهِ تَوَكَّلۡنَا رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾
وَنَجِّنَا بِرَحۡمَتِكَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ
مُوسَىٰ وَأَخِيهِ أَن تَبَوَّءَا لِقَوۡمِكُمَا بِمِصۡرَ بُيُوتٗا وَٱجۡعَلُواْ
بُيُوتَكُمۡ قِبۡلَةٗ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨٧﴾ وَقَالَ
مُوسَىٰ رَبَّنَآ إِنَّكَ ءَاتَيۡتَ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَأَهُۥ زِينَةٗ وَأَمۡوَٰلٗا
فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِكَۖ رَبَّنَا ٱطۡمِسۡ

عَلَىٰٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ وَٱشۡدُدۡ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُواْ حَتَّىٰ يَرَوُاْ
ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٨٨﴾ قَالَ قَدۡ أُجِيبَت دَّعۡوَتُكُمَا فَٱسۡتَقِيمَا
وَلَا تَتَّبِعَآنِّ سَبِيلَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٨٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى، رەسۇلۇللاھ بىلەن مەككە كاپىرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ يەردە، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشى، بىرەر مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەن چاغدا يېنىك تۇيۇلۇشى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن بىر قىسمىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە ئۈچ قىسسىنى زىكىر قىلىدۇ. يەنى ئاۋۋال نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىلىرىنى، ئاخىرىدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ۋە پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار.

**تەپسىرى:** 71. «ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: ‹ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلىتىشىم ئېغىر كەلگەن بولسا، مەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم (ئاللاھقا يۆلەندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشىڭلارنى

قارار قىلىنۋېرىدىكەنلەر، ئىشلار سىلەرگە غۇۋا بولۇپ قالمىسۇن (مېنى قەستلەيدىغان ئىشلار ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي، مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار› .» ـ ئى مۇھەممەد! مەككىلىك مۇشرىكلارغا قېرىندىشىڭ نۇھنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ سەركەش ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچى قەۋمىگە مۇنداق دېگەنىدى: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشۇم ۋە سىلەرنى پەرۋەردىگارىمنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ قورقۇتۇشۇم ئېغىر كەلگەن ۋە مۇشەققەتلىك تۇيۇلغان بولسا، مېنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلغان بولساڭلار، بىلىڭلاركى، مەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىشەندىم، سىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايمەن. سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە خالىغىنىڭلارچە مېنى قەستلەيدىغان ئىشلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار، ئىشلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن، مېنى قەستلەيدىغان ئىشلار ئاشكارا بولسۇن، ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي، مېنىڭ ھەققىمدە خالىغىنىڭلارنى ئىجرا قىلىۋېرىڭلار. ماڭا بىر سائەتمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار.» ئەبۇسسۇئۇد مۇنداق دەيدۇ: «نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىرلارغا قىلچە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھەمدە ئاللاھنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقى ۋە مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىغا دائىر ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەنە شۇنداق خىتاب قىلغان.» 72. « ‹ئەگەر سىلەر (مېنىڭ نەسىھەتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەردىن ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن سورايمەن، مەن

(ئاللاھقا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى.» ـ ئەگەر سىلەر مېنىڭ نەسىھىتىمدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى قوبۇل قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەردىن يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەبچى بولىدىغان ھەق سورىغىنىم ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە بەتبەخت ۋە گۇمراھ بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن قوبۇل قىلمايۋاتىسىلەر. مەن پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچبىرىدىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مەن دۇنيالىق ھەرقانداق بىر مەقسەتتە ئەمەس، ئەكسىچە، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يۈزىسىدىنلا سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم. مەن ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. 73. «لېكىن ئۇلار نۇھنى يالغانچى قىلدى. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغۇچى (مۆمىن)لەرنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى (بىز قۇتقۇزغان كىشىلەرنى) (غەرق بولغانلارنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدۇق، بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىز-نى ئىنكار قىلغانلارنى (توپان بالاسى بىلەن) غەرق قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلار (پەيغەمبەرلىرنى يالغانچى قىلغانلار)نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن» ـ لېكىن ئۇلار نۇھنى يالغانغا چىقىرىشتا چىڭ تۇردى. بىزمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغۇچى مۆمىنلەرنى قۇتقۇزدۇق، ئاندىن بىز قۇتقۇزغان كىشىلەرنى يەر يۈزىنىڭ ئاھالىسى ۋە غەرق بولغانلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدۇق. بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى توپان بالاسى بىلەن غەرق قىلدۇق. ئى مۇھەممەد! پەيغەمبەرلىرنى يالغانچى قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن. بۇنىڭدىن مەقسەت، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ۋە بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ مەككە كاپىرلىرىنىڭ بېشىغا كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. 74. «نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، (قەۋمىگە) ئۇلار روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، ئۇلار (پەيغەمبەرلەر كېلىشتىن) ئىلگىرى ئىنكار قىلىشقان نەرسىگە ئىمان ئېيتىشمىدى. (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيمىز.» ـ نۇھتىن كېيىن ھۇد، سالىھ، لۇت، ئىبراھىم ۋە شۇئەيب قاتارلىق نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇلار قەۋمىگە روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئىنكار قىلىشقان نەرسىگە ئىمان ئېيتىشمىدى. كۇفرىدا، ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىشتا ۋە سەركەشلىكتە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئاشۇنداق پېچەتلەيمىز. 75. «ئۇلاردىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) بويۇنتاۋلىق قىلدى. ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى.» ـ پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلىرىدىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا نۇرغۇنلىغان روشەن مۆجىزىلەر ۋە دەلىللەر بىلەن ئەۋەتتۇق. بۇلار ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلىنغان توققۇز تۈرلۈك مۆجىزىدۇر. ئۇلار مۆجىزىلەرگە ئىمان ئېيتىشتىن بويۇنتاۋلىق قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇلار بۇزۇقچىلىق قىلغۇچى قەۋم بولۇپ، جىنايەت سادىر قىلىش ۋە گۇناھ - مەسىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇلارنىڭ كۆندىلىك ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. 76. «ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت كەلگەن

چاغدا ئۇلار: ‹بۇ ھەقىقەتەن روشەن سېھىردۇر› دېدى.» ـ بىز تەرەپتىن ھەقىقەت، يەنى ئاپئاق قول ۋە ھاسا مۆجىزىسى ئۇلارغا بايان قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى تەكەببۇرلۇقلىرى ۋە سەركەشلىكلىرى تۈپەيلى: «بۇ ھەقىقەتەن روشەن سېھىر بولۇپ، مۇسا بۇنىڭ بىلەن بىزنى سېھىرلىمەكچى بولدى» دېدى. 77. «مۇسا: ‹سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە ئۇنى سېھىر دەمسىلەر؟ ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى.» ـ بۇ سوئال ئىنكار ۋە ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە ئۇنى سېھىر دەمسىلەر؟» ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا باشقا بىر سوئال ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ: «ئەجەبا مېنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كەلگىنىم سېھىرمۇ؟ ھالبۇكى ھەقىقىي سېھىرگەرلەر نە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، نە مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ» دېدى. 78. «ئۇلار: ‹سەن بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (مىسىر زېمىنى)نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز› دېدى.» ـ ئۇلار: «سەن بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ سەن ۋە قېرىندىشىڭ ھارۇن مىسىردا ھاكىمىيەت ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سەلتەنەت تىكلىمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ بىز سىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭلارغا ئىشەنمەيمىز» دېدى. 79. «پىرئەۋن: ‹مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار› دېدى.» ـ پىرئەۋن: «سېھىرگەرلىكتە ۋايىغا يەتكەن بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. 80. «سېھىرگەرلەر

يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: ‹(ئارغامچا ۋە هاسىلىرىڭلاردىن) تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار› دېدى.» ـ سېهىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى. بۇ ئايەتتە قىسقارتما ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئەسلىسى مۇنداق: «سېهىرگەرلەر يېتىپ كەلگەن چاغدا، مۇسا ئۇلارغا، ئارغامچا ۋە هاسىلىرىڭلاردىن تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى. 81. «ئۇلار تاشلىغاندا، مۇسا: ‹سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېهىردۇر، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە تۈزىمەيدۇ› دېدى.» ـ ئۇلار تاشلىغاندا، مۇسا: «سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېهىردۇر، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا كۆرسىتىدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە تۈزىمەيدۇ» دېدى. 82. «گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.» ـ كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ پاكىتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ. 83. «مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن (بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادىدىن) ئازغىنىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان ھالدا ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن زېمىندا (مىسىر زېمىنىدا) شەك - شۈبھىسىز مۇتەكەببىردۇر، ئۇ ئەلۋەتتە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىندۇر.» ـ بۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن بولۇشىغا قارىماي، بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئازغىنا بىر گۇرۇپپىدىن باشقىلىرى مۇساغا ئىشەنمىدى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا كىرمىدى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن

قورققانلىقى ۋە تەپ تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىمان ئېيتمىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى، ھاكاۋۇر ۋە مۇتەكەببىردۇر، ئۇ ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىش بىلەن ئەلۋەتتە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولۇپ كەتتى. 84. «مۇسا: ‹ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھقا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار (ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا يۆلىنىڭلار)› دېدى.» ـ مۇسا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ پىرئەۋندىن قورققانلىقلىرىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنسەڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىشىنىڭلار، ھەرقانداق يامانلىق ۋە زىيان - زەخمەتكە قارشى ئۇ سىلەرگە يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ شەرئىي قانۇنىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار. ھەممە ئىشىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا يۆلىنىڭلار.» 85. «ئۇلار ئېيتتى: ‹ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن› .» ـ ئۇلار: «پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدۇق، يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىشەندۇق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنى بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن ۋە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن ھەمدە بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن پىتنە تېرىپ، «بۇلارنىڭ دىنى توغرا بولغان بولسا بېشىغا بۇنداق مۇسىبەتلەر كەلمىگەن بولاتتى» دېيىشىگە پۇرسەت بەرمىگىن. 86. «بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن.» ـ ئۇلار: «لۇتپىڭ ۋە

رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى زالىم قەۋمىدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى. 87. «بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: ‹قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، مۆمىنلەرگە (دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىڭلار› دەپ ۋەھيى قىلدۇق.» ـ بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇنغا: «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۇلار ناماز ئۆتەيدىغان ۋە ئىبادەت قىلىدىغان ئۆيلەرنى ياساڭلار. ئۆيلىرىڭلارنى خەۋپلىك پەيتلەردە ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار.» دەپ ۋەھيى قىلدۇق. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر قورققانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدى.» پەرز قىلىنغان نامازنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە شەرتلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەڭلار. ئى مۇسا! ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە زەپەر قۇچىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. 88. «مۇسا ئېيتتى: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلار بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇردى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ› .» ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ.» بۇ يەردىكى

«لام» نەتىجە بىلدۈرىدۇ.[1] يەنى ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى دىنىڭدىن ئازدۇرۇشى، ساڭا ئىتائەت قىلىش ۋە بىر دەپ بىلىشتىن مەنئى قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنچە كۆپ مال - دۇنيا بەردىڭمۇ؟ بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەددۇئادۇر. يەنى ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى كۆكۈم - تالقان قىلىپ يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن ۋە پېچەتلىۋەتكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتمىغاي. ئىبنى ئابباسقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى مەنئى قىلغىن!» مۇنۇ ئايەتمۇ، ئۇلار ئۈچۈن بولۇشسىز جۈملە بىلەن قىلىنغان بىر بەددۇئادۇر: يەنى ئى ئاللاھ! ئۇلار قاتتىق ئازابنىڭ تەمىنى تېتىغان ۋە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغان ۋاقىتقا قەدەر ئىمان ئېيتمىغاي. ئۇلار توغرا يولدىن ئېزىپ ۋە ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە گۇمراھ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئارقىلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلا ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلاتتى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بولسا ‹ئامىن› دەيتتى.» بۇ ئايەتتە بەددۇئا ھەر ئىككىسىگە نىسبەت بېرىلگەن. 89. «ئاللاھ ئېيتتى:

[1] بۇ يەردىكى «لام» مۇنۇ ئايەتتىكىگە ئوخشايدۇ: «پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى. (قەسەس سۈرىسى 8 - ئايەت)» يەنى ئاخىرىدا ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيسىلەر، شۇڭا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىڭلار. بىنا سېلىڭلار، ئەمما ئاخىرىدا ۋەيران بولىدۇ.

‹ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار› .» ـ ئاللاھ ئېيتتى: «پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا قىلغان ئىككىڭلارنىڭ بەددۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. ھەرگىزمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ياكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەي نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بەددۇئادىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 40 يىل تۇرغان، ئاندىن ئاللاھ تەئالا پىرئەۋننى غەرق قىلغان.

**ئىلاۋە:** ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئا قىلىشى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە دىنى ئۈچۈن ئىدى. دەرۋەقە نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ قەۋمىگە بەددۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: ‹پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ.›[1] شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھارۇن ئەلەيھىسسالاممۇ جور بولغان بەددۇئاسىنى قوبۇل قىلغان. دەرۋەقە بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى مەقبۇل بولغانىدى.»

وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتۡبَعَهُمۡ فِرۡعَوۡنُ وَجُنُودُهُۥ
بَغۡيٗا وَعَدۡوًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَدۡرَكَهُ ٱلۡغَرَقُ قَالَ ءَامَنتُ
أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱلَّذِيٓ ءَامَنَتۡ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَنَا۠

[1] نۇھ سۈرىسى 26 — 27 - ئايەتلەر.

مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٩٠﴾ ءَآلْـَٔـٰنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنتَ
مِنَ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٩١﴾ فَٱلْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ
لِمَنْ خَلْفَكَ ءَايَةً ۚ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ عَنْ ءَايَـٰتِنَا
لَغَـٰفِلُونَ ﴿٩٢﴾ وَلَقَدْ بَوَّأْنَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مُبَوَّأَ صِدْقٍ
وَرَزَقْنَـٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَـٰتِ فَمَا ٱخْتَلَفُوا۟ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ
ٱلْعِلْمُ ۚ إِنَّ رَبَّكَ يَقْضِى بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟
فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿٩٣﴾ فَإِن كُنتَ فِى شَكٍّ مِّمَّآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ
فَسْـَٔلِ ٱلَّذِينَ يَقْرَءُونَ ٱلْكِتَـٰبَ مِن قَبْلِكَ ۚ لَقَدْ جَآءَكَ
ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَا
تَكُونَنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ فَتَكُونَ مِنَ
ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٩٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ حَقَّتْ عَلَيْهِمْ كَلِمَتُ رَبِّكَ لَا
يُؤْمِنُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَوْ جَآءَتْهُمْ كُلُّ ءَايَةٍ حَتَّىٰ يَرَوُا۟ ٱلْعَذَابَ
ٱلْأَلِيمَ ﴿٩٧﴾ فَلَوْلَا كَانَتْ قَرْيَةٌ ءَامَنَتْ فَنَفَعَهَآ إِيمَـٰنُهَآ إِلَّا
قَوْمَ يُونُسَ لَمَّآ ءَامَنُوا۟ كَشَفْنَا عَنْهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْىِ
فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَمَتَّعْنَـٰهُمْ إِلَىٰ حِينٍ ﴿٩٨﴾ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ
لَـَٔامَنَ مَن فِى ٱلْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا ۚ أَفَأَنتَ تُكْرِهُ ٱلنَّاسَ
حَتَّىٰ يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تُؤْمِنَ إِلَّا
بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَجْعَلُ ٱلرِّجْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٠٠﴾ قُلِ
ٱنظُرُوا۟ مَاذَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَمَا تُغْنِى ٱلْـَٔايَـٰتُ
وَٱلنُّذُرُ عَن قَوْمٍ لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠١﴾ فَهَلْ يَنتَظِرُونَ إِلَّا مِثْلَ
أَيَّامِ ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلِهِمْ ۚ قُلْ فَٱنتَظِرُوٓا۟ إِنِّى مَعَكُم

مِّنَ ٱلْمُنتَظِرِينَ ﴿١٠٢﴾ ثُمَّ نُنَجِّى رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۚ
كَذَٰلِكَ حَقًّا عَلَيْنَا نُنجِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ
إِن كُنتُمْ فِى شَكٍّ مِّن دِينِى فَلَآ أَعْبُدُ ٱلَّذِينَ تَعْبُدُونَ
مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَـٰكِنْ أَعْبُدُ ٱللَّهَ ٱلَّذِى يَتَوَفَّىٰكُمْ ۖ وَأُمِرْتُ
أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٠٤﴾ وَأَنْ أَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ
حَنِيفًا وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٥﴾ وَلَا تَدْعُ مِن دُونِ
ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَ ۖ فَإِن فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذًا مِّنَ
ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٠٦﴾ وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا
هُوَ ۖ وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَآدَّ لِفَضْلِهِۦ ۚ يُصِيبُ بِهِۦ مَن
يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٧﴾ قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا
ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ
فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ
وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٨﴾ وَٱتَّبِعْ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيْكَ
وَٱصْبِرْ حَتَّىٰ يَحْكُمَ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَـٰكِمِينَ ﴿١٠٩﴾

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**
ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، پىرئەۋننىڭ گۇمراھلىقى تۈپەيلى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن دېڭىزدا غەرق قىلىنىشى ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئىمانىنىڭ ئۇنىڭغا پايدا ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ. ئاندىن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ

قەۋمىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئىزاھات بېرىدۇ. بۇ مۇبارەك سۈرە، تەۋھىد ھەقىقىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىنسانىنى ئىماندىن باشقا بىر نەرسىنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنىڭ زىكىر قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**تەپسىرى:** 90. «بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا ‹ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيريي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن› دېدى» ـ بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. نىھايەت پىرئەۋن دېڭىزنىڭ ئۇنى قورشاپ، غەرق ۋە ھالاك قىلىۋېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن چاغدا: «مەن ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ۋە ئىقرار قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىنى ئىقرار قىلدىم ۋە تەستىقلىدىم» دېدى. بۇ جۈملە، پىرئەۋننىڭ ئىمان دەۋاسىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى، «مەن ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغانلاردىن ۋە سەممىيلىك بىلەن ئىمان ئېيتقانلاردىنمەن.» ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە رەھمەت يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى لاي بىلەن تولدۇردى.» 91. «(ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) ‹(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە

بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ› .» ـ (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟ ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئازابى ساڭا كېلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان، ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتكەن، باشقىلارنى ئازدۇرغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسۇش بارىسىدا بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ.» 92. «سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)، نۇرغۇن كىشىلەر، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر.» ـ سەندىن كېيىنكىلەرگە، زالىملارغا ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى پىرئەۋنلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ۋە ساڭا ئوخشاش گۇمراھلاردىن بولماسلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جانسىز بەدىنىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىر قىسمى پىرئەۋنىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە گۇمان بىلەن قارىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تەئالا پىرئەۋنىنىڭ ئۆلگەن ۋە ھالاك بولغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدىنىنى جانسىز ھالەتتە سىرتقا چىقىرىش ھەققىدە دېڭىزغا ئەمر قىلدى. شەك - شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولۇپ، بۇ ھەقتە قىلچە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ ۋە ئىبرەت ئالمايدۇ. 93. «شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى (ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن) ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى پاك نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارغا ئىلىم (ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىچىگە ئالغان تەۋرات) كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار (دىن ئىشىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى. پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى،

ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.» ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقىدىغان ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى پايدىلىق، لەززەتلىك ۋە شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار دىن ئىشىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار دىن توغرۇلۇق ئىختىلاپ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى. ھالبۇكى، دىن پارچىلىغۇچى ئەمەس، بىر گەۋدىلەشتۈرگۈچى؛ تارقىتىۋەتكۈچى ئەمەس، بىرلەشتۈرگۈچىدۇر. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ سۈپەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكى مەسىلىسىدە بىردەكلىك ھاسىل قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار شۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانىدى. ئەمما بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا بىر قىسمى ئىشەندى، يەنە بىر قىسمى بولسا ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى مانا بۇ.» ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر توغرۇلۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. 94. «مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ھەق (قۇرئان) كەلدى. سەن ھەرگىز شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن.» ـ مۇبادا سەن بىز

ساڭا نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سورىغىن. بۇ پەرەز ئۇسلۇبىدىكى ئىپادىلەردۇر. يەنى مۇنداق پەرەز قىلايلى، سەن گۇمانلىنىپ قالغىنىڭدا بىلىدىغانلاردىن سورىغىن. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان كىتابتىن نە شەكلەنگەن، نە يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سورىغان ئەمەس.» زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ، «ئالايلۇق ۋە پەرەز قىلىپ باقايلۇق» ئۇسلۇبىدىكى ئىپادە بولۇپ، ئەسلىدە دېيىلمەكچى بولغىنى مۇنداق: «مەسىلەن، بىر گۇمان تۇغۇلسا ۋە شەيتان سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ھەرقانداق بىر پەرەزنى سالسا، بۇ ھەقتە ئەھلى كىتابتىن سورىغىن.» «مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ...» ئايىتى بىلەن «ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) زور گۇماندىدۇر» ئايىتى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان، بىراق مەقسەت باشقىلاردۇر. «مۇبادا سەن بىز ساڭا نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سورىغىن.» بۇ ۋەقە، ساڭا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇلار تەرىپىدىنمۇ ناھايىتى روشەن ھالدا بىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىسسىلەرگە قارىتا گۇمانىي قاراشنى يوقىتىشتۇر. ئى مۇھەممەد! شۈبھىسىزكى، ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن روشەن ھەقىقەت ۋە راستچىل خەۋەر كەلدى. بۇ ھەقتە قەتئىي شەكلىنىشكە بولمايدۇ. سەن

ھەرگىز شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن. 95. «سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن، (ئۇنداق بولساڭ) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.» ـ سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن، ئۇنداق بولساڭ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن ۋە ھەسرەت ـ نادامەت چەككۈچىلەردىن بولۇپ قالىسەن. بەيزاۋىغا كۆرە، بۇ تەشۋىق ئۇسلۇبىدىن بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى شەكلەندۈرۈش ئۈمىدىنى يوققا چىقىرىش نىشان قىلىنغان. قۇرتۇبىغا كۆرە، بۇ ئىككى ئايەتتىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەقسەت باشقىلاردۇر. 96. «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ.» ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ئىرادىسىگە ئاساسەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. 97. «ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە (ئىمان ئېيتمايدۇ).» ـ ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر بىلەن بارلىق دەلىللەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئەسلا ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلار خۇددى پىرئەۋنگە ئوخشاش، قاتتىق ئازابنى كۆرگەندىلا ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ. بىراق، جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان چاغدا بۇنداق ئېيتقان ئىماننىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. 98. «(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن

كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق.» ـ كاشكى، بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە ئازابنى كۆرگەن ھامان ئىنكارلىرىدىن تەۋبە قىلىپ، چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان بولسا، بەلكى ئېيتقان ئىمانلىرىنىڭ پايدىسى بولار ئىدى. يۇنۇسنىڭ قەۋمى ئىنكارلىرىدىن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ۋە خورلايدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «رىۋايەتكە كۆرە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئازاب كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلغان. قەۋمى پەيغەمبىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەۋبە قىلىش ھېس - تۇيغۇسىنى ئىلھام قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى راھىبلارغا ئوخشاش كىيىنگەن. ئۇلارنىڭ راستچىللىقى ۋە قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغانلىقى ئايان بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكەن.»

99. «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» ـ ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، لېكىن ئىلاھىي ھېكمەتكە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئاللاھ تەئالا بەندىلىرىنىڭ ئۆز

ئېھتىياجلىرى بىلەن ئىمان ئېيتىشنى خالايدۇ، مەجبۇرىي يوسۇندا ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدۇ. سەن كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە سېنىڭ دىنىڭغا كىرىشكە مەجبۇرلامسەن؟ ھالبۇكى ساڭا بۇنداق بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلمىدى. بۇ ئايەت، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلغانلىقتىن قايغۇرۇپ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەممە كىشىنىڭ ئىمان ئېيتىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلاتتى. ئاللاھ تەئالا لەۋھۇلمەھپۇزدا بەختلىك بولىدىغانلىقى يېزىلغانلاردىن باشقىلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا لەۋھۇلمەھپۇزدا بەتبەخت بولىدىغانلىقى يېزىۋېتىلگەنلەردىن باشقىلارنىڭ گۇمراھ بولمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.» 100. «ھەر قانداق كىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ» ـ ئاللاھ ئىرادە ۋە مۇۋەپپەق قىلمىغۇچە ھېچكىم ئىمان ئېيتالمايدۇ. ھەر قانداق كىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ۋە ئەقىللىرىنى پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ. 101. «ئېيتقىنكى، ‹ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ.» ـ ئى مۇھەممەد! «ئاشۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ‹ئىبرەت ئېلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش مەقسىتىدە ئاسمانلاردىكى

ۋە زېمىندىكى ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەر ۋە دەلىللەردىن نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويدان كۆزىتىڭلار>.» بىراق ئاللاھ تەرىپىدىن بەتبەخت بولىدىغانلىقلىرى يېزىۋېتىلگەن ھەرقانداق بىر قەۋمگە مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ 102. «ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن كۈنلەرنىڭ (ئازابىنىڭ) (ئۆزلىرىگە كېلىشىنى) كۈتىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەر (زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتەن (سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى) كۈتكۈچىمەن›.» ـ مەككە مۇشرىكلىرى پەقەت ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن كۈنلەر، ئازاب ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ ئوخشىشىنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ كېلىشىنى كۈتۈۋاتامدۇ؟ ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «قېنى، سىلەر ئازغۇنلۇقۇڭلار ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش سەۋەبىدىن بېشىڭلارغا كېلىدىغان پالاكەتلەرنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھالاك ۋە يوق بولۇشۇڭلارنى كۈتكۈچىمەن». 103. «ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى، مۆمىنلەرنى (ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز.» ـ ئاندىن كېيىن بىز ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئازاب چۈشكەن چاغدا، پەيغەمبەرلىرىمىز بىلەن مۆمىنلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزدۇق، شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز. رەبىئ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلدى.» 104. «(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىغا)

ئېيتقىنكى، ‹ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا مەن چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم› .» ـ ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر مەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راست ۋە ھەقىقىي بىر دىن ئىكەنلىكىگە قارىتا گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان ۋە ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلىرىڭلارغا مەن چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان، ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان ۋە ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يېتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن.» تەبەرىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە ھەجۋىي ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئەسلىدە مۇنداق دېيىلمەكچىدەك قىلىدۇ: «سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلانماسلىقىڭلار كېرەك. بەلكى ئەسلىدە سىلەر، ئەقىل - پاراسەتتىن خالىي، ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇش مەسىلىسىدە گۇمانلىنىشىڭلار لازىم. مەن ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھقا كەلسەك، پۈتكۈل كائىنات ۋە مەخلۇقات ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، پايدا - زىيان يەتكۈزەلەيدۇ.» مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا ۋە ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن.

105. «يەنە (ماڭا): ‹باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن› .» ـ يەنە ماڭا، دىنىدا توغرا يولنى بويلاپ مېڭىشىم، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان توغرا دىن ئۈستىدە بولۇشۇم ئەمر قىلىندى.

ماگا: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىشتا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن» دېيىلدى. 106. «ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزۈڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن.» بۇ ئايەتتە، يۇقىرىدا مەنئى قىلىنغان خۇسۇس تەكىتلەنگەن. يەنى ئاللاھنى قويۇپ، ئىلاھلار ۋە بۇتلارغا ئوخشىغان ساڭا ھېچقانداق پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر سەن «ئىلاھلار» دەپ ئاتالغان بۇنداق نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم ئۆزۈڭگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. دەرۋەقە ئۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تاپشۇرغان بولىسەن. ئالدىنقى ئايەتلەردىكىگە ئوخشاشلا بۇ يەردىمۇ رەسۇلۇللاھقا خىتاب قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىن باشقىلار مەقسەت قىلىنغان. 107. «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر (دېيىلدى).» ـ ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى ھېچ دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى، بىرەر مولچىلىقنى ياكى بىرەر نېمەتنى ئېھسان قىلىشنى ئىرادە قىلسا، سېنىڭ بۇنىڭغا ئېرىشىشىڭگە

ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، ئاللاھ بۇنداق پەزلى ۋە ئېھسانىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، توغرا يولدا ماڭغۇچىلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر. 108. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن.» ـ ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن گۈزەل ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شانلىق قۇرئان كەلدى، كىمكى ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق ھىدايەت (توغرا يول) تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئىماندىن يۈز ئۆرۈش بىلەن ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىدىغان ھامىي ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. 109. «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە ئەگەشكىن (ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن). ئاللاھ (سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارغۇچە (دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە) چىدىغىن، ئاللاھ ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر» ـ ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىشلىرىڭدا ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە ئەگەشكىن. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىلغىن ۋە باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن. ئاللاھ سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچە،

دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە چىدىغىن ۋە بېشىڭغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغىن، ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى بىر - بىردىن ئايرىغان ھالدا ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ، مۇشرىكلارغا بولسا تەھدىت سالىدۇ.

**ئىلاۋە:** ئىمام فەخرىددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «پىرئەۋن ئۈچ قېتىم ئىمان ئېيتقان: بىرىنچىسى ‹ئىمان ئېيتتىم› دېيىشى. ئىككىنچىسى، ‹ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر› دېيىشى. ئۈچىنچىسى، ‹مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىنمەن› دېيىشى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟ جاۋابى مۇنداق: ئۇ دەل ئازابنى كۆرگەن چاغدا ئىمان ئېيتقان. بۇنداق ۋاقىتتا ئىمان ئېيتىش قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ چىن دىلىدىن ئەمەس، ئەكسىچە جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان چاغدا، نائىلاج ئىمان ئېيتقانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا تەۋبە قىلىش ۋە ئىمان ئېيتىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. دەرۋەقە مۇنۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى.› »

**ئەسكەرتىش:** مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، پىرئەۋن غەرق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇتۇلدۇرۇشىنىڭ ھېكمىتى مۇنداق: بىر قەۋم ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھەمدە بۇنداق بىر كىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆلمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلغانىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشلىرى، تونۇگۇن ناھايىتى كاتتا ۋە

ھەيۋەتلىك بولغان بىر كىشىنىڭ بۇگۈن خار - زەبۇن ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن، ھەممە كىشىنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق ھالەتتە كۆرۈشلىرىنى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىگە ئىبرەت بولۇپ، زالىملارنىڭ زوراۋانلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشىنى ئىرادە قىلغان.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «يۇنۇس سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

# ھۇد سۈرىسى

**مەككىدە نازىل بولغان، 123 ئايەت.**

---

**سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** ھۇد سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، بۇ سۈرىدە، ئىسلامنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ «تەۋھىد، پەيغەمبەرلىك، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە ھېساب بېرىش» مەسىلىلىرىگە ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

بۇ مۇبارەك سۈرىدە، مۇشرىكلار تەرىپىدىن تارتقان ئەزىيەتلىرى تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىگە ناھايىتى كەڭ ئورۇن بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بولۇپمۇ تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن رەپىقىسى خەدىچە ئانىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەن بىر پەيتتە، مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. سەۋر - تاقەتلىك ۋە چىداملىق بولۇشتا ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى بويلاپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغىمۇ تۈرلۈك مۇسىبەتلەر ۋە بالالارنىڭ كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئايەتلەر نازىل بولۇۋاتاتتى.

بۇ مۇبارەك سۈرە ئايەتلىرى بىھۇدىلىكتىن خالىي ھەرقانداق

بىر زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ھەمدە تولۇق - توما ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شانلىق قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاش بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، بەندىلىرىگە پايدىلىق بولغان ھېچقانداق بىر نەرسە مەخپىي قالمايدىغان كىتابتۇر. سۈرىدە ئەقلىي دەلىللەر كەلتۈرۈلۈپ، ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئۇنسۇرلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇنى «ھىدايەت پىرقىسى» ۋە «گۇمراھلىق پىرقىسى»دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بايان قىلىدۇ ھەمدە بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۈچۈن تولۇق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى قورقۇنچلۇق پەرقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قۇياشنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشاش، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «(كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالمامسىلەر؟»

بۇ مۇبارەك سۈرىدە، پەيغەمبەرلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى توپان بالاسى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىگە چىققان مۆمىنلەردىن باشقىلار قۇتۇلالمىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى دەپ ئاتالغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىشى بىلەن تېما يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

دەرۋەقە، توپان بالاسىدا ئۇلاردىن باشقا يەر يۈزىدىكى ھەممە كىشى غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، ئەڭ كۆپ بالا - مۇسىبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئەڭ سەۋر - تاقەتچان پەيغەمبەر ئىدى.

بۇ سۈرىدە، ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى قىممەتلىك غەيرەتلىرى تۈپەيلى نامىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن بۇ مۇبارەك سۈرىگە نامى بېرىلگەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى زوراۋان، تەكەببۇر ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئاد قەۋمى ۋۇجۇدلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئالدىنىپ، «كۈچ - قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق سوغۇق شامال بىلەن ھالاك قىلدى. تەكەببۇرلار بىلەن يوغانچىلىق قىلدىغانلارنىڭ ئىبرەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ قىسسىسىگە كەڭ ئورۇن ئاجرىتىلدۇ: «ئەنە شۇ ئاد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (ھەققە قارشىلىق قىلىپ جېدەللەشكۈچى)نىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىندى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەققەتەن پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھۇد قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن.»

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا سالىھ، شۇئەيب، مۇسا ۋە ھارۇن قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن

بايان قىلىدۇ. ئاندىن، بۇ قىسسىلەردىكى ۋەز - نەسىھەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاللاھنىڭ زالىملارنى ھالاك قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: «مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ئۇنى ساڭا (ۋەھيى ئارقىلىق) بايان قىلىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن ئىزى قالغانلىرىمۇ بار (ئاھالىسى ھالاك قىلىنىپ، يۇرتلىرىنىڭ ئورنى قالدۇرۇلغانلىرىمۇ بار)، ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار (ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنغانلىرىمۇ بار). بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى. پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر.»

بۇ مۇبارەك سۈرە، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىشتىكى ھېكمەت ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىدىن ئىبرەت ئېلىنىشى ۋە بۇ بالالار بىلەن مۇسىبەتلەرنىڭ ئالدىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى كۈچىنى يەنىمۇ يۈكسەك سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر: «كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىمان

ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلايلى. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز». ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن (ھەممە ئىشىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن). پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.»

مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسى بىر - بىرىگە ماس ھالدا تاماملىنىشى ئۈچۈن، بۇ مۇبارەك سۈرە تەۋھىد مەسىلىسى بىلەن باشلىنىپ، يەنە تەۋھىد مەسىلىسى بىلەن ئاخىرلاشقان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓرۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ
حَكِيمٍ خَبِيرٍ ﴿١﴾ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۚ إِنَّنِي لَكُم مِّنۡهُ
نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ ﴿٢﴾ وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ
يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى وَيُؤۡتِ كُلَّ ذِي
فَضۡلٖ فَضۡلَهُۥۖ وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ
كَبِيرٍ ﴿٣﴾ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤﴾
أَلَآ إِنَّهُمۡ يَثۡنُونَ صُدُورَهُمۡ لِيَسۡتَخۡفُواْ مِنۡهُۚ أَلَا حِينَ
يَسۡتَغۡشُونَ ثِيَابَهُمۡ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ إِنَّهُۥ
عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٥﴾ ۞ وَمَا مِن دَآبَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا

عَلَى ٱللَّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا ۚ كُلٌّ فِى كِتَـٰبٍ
مُّبِينٍ ﴿٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ
وَكَانَ عَرْشُهُۥ عَلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۗ
وَلَئِن قُلْتَ إِنَّكُم مَّبْعُوثُونَ مِنۢ بَعْدِ ٱلْمَوْتِ لَيَقُولَنَّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ هَـٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾ وَلَئِنْ أَخَّرْنَا
عَنْهُمُ ٱلْعَذَابَ إِلَىٰٓ أُمَّةٍ مَّعْدُودَةٍ لَّيَقُولُنَّ مَا يَحْبِسُهُۥٓ ۗ أَلَا
يَوْمَ يَأْتِيهِمْ لَيْسَ مَصْرُوفًا عَنْهُمْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟
بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٨﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ مِنَّا رَحْمَةً ثُمَّ
نَزَعْنَـٰهَا مِنْهُ إِنَّهُۥ لَيَـُٔوسٌ كَفُورٌ ﴿٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَـٰهُ نَعْمَآءَ
بَعْدَ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ ذَهَبَ ٱلسَّيِّـَٔاتُ عَنِّىٓ ۚ إِنَّهُۥ
لَفَرِحٌ فَخُورٌ ﴿١٠﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ
أُو۟لَـٰٓئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ﴿١١﴾ فَلَعَلَّكَ تَارِكٌۢ بَعْضَ
مَا يُوحَىٰٓ إِلَيْكَ وَضَآئِقٌۢ بِهِۦ صَدْرُكَ أَن يَقُولُوا۟ لَوْلَآ أُنزِلَ
عَلَيْهِ كَنزٌ أَوْ جَآءَ مَعَهُۥ مَلَكٌ ۚ إِنَّمَآ أَنتَ نَذِيرٌ ۚ وَٱللَّهُ
عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿١٢﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ فَأْتُوا۟ بِعَشْرِ
سُوَرٍ مِّثْلِهِۦ مُفْتَرَيَـٰتٍ وَٱدْعُوا۟ مَنِ ٱسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿١٣﴾ فَإِلَّمْ يَسْتَجِيبُوا۟ لَكُمْ فَٱعْلَمُوٓا۟
أَنَّمَآ أُنزِلَ بِعِلْمِ ٱللَّهِ وَأَن لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ فَهَلْ أَنتُم
مُّسْلِمُونَ ﴿١٤﴾ مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ
إِلَيْهِمْ أَعْمَـٰلَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ ﴿١٥﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ إِلَّا ٱلنَّارُ ۖ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا۟

فِيهَا وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٦ أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ
مِّن رَّبِّهِۦ وَيَتۡلُوهُ شَاهِدٞ مِّنۡهُ وَمِن قَبۡلِهِۦ كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ
إِمَامٗا وَرَحۡمَةًۚ أُوْلَٰٓئِكَ يُؤۡمِنُونَ بِهِۦۚ وَمَن يَكۡفُرۡ بِهِۦ
مِنَ ٱلۡأَحۡزَابِ فَٱلنَّارُ مَوۡعِدُهُۥۚ فَلَا تَكُ فِي مِرۡيَةٖ مِّنۡهُۚ إِنَّهُ
ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٧
وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ يُعۡرَضُونَ
عَلَىٰ رَبِّهِمۡ وَيَقُولُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَىٰ رَبِّهِمۡۚ
أَلَا لَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ١٨ ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ
ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجٗا وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ١٩
أُوْلَٰٓئِكَ لَمۡ يَكُونُواْ مُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا كَانَ لَهُم
مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنۡ أَوۡلِيَآءَۘ يُضَٰعَفُ لَهُمُ ٱلۡعَذَابُۚ مَا كَانُواْ
يَسۡتَطِيعُونَ ٱلسَّمۡعَ وَمَا كَانُواْ يُبۡصِرُونَ ٢٠ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٢١
لَا جَرَمَ أَنَّهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡأَخۡسَرُونَ ٢٢ إِنَّ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَخۡبَتُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ أُوْلَٰٓئِكَ
أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٢٣ ۞ مَثَلُ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ
كَٱلۡأَعۡمَىٰ وَٱلۡأَصَمِّ وَٱلۡبَصِيرِ وَٱلسَّمِيعِۚ هَلۡ يَسۡتَوِيَانِ مَثَلًاۚ
أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ٢٤

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.[1]

[1] ئالدىنقى سۈرىلەردە ھەربىر ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ

ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسەلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر[1]. (يەنە سىلەرنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن (نازىل بولغان). (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى،) شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن[2]. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن[3]. (ئۆلگەندىن كېيىن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[4]. راستتىنلا ئۇلار (كاپىرلار) (رەسۇلۇللاھ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىرىدە) ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن يۈز ئۆرۈيدۇ، راستتىنلا ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر[5]. يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ

تەپسىرى بېرىلگەن ئىدى. بۇ سۈرىدىن باشلاپ ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى ئايرىم ۋە تەپسىرى ئايرىم بېرىلدى. ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئايەت نومۇرى ئايەتلەرنىڭ ئارقىسىغا، تەپسىرىنىڭ نومۇرى بېشىغا بېرىلدى.

تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر[6]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. (ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاللاھ (ئۇلارنى ياراتتى). (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن (مەككە كۇففارلىرىغا): «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ، كاپىرلار چوقۇم ئېيتىدۇ: «بۇ، پەقەت روشەن سېھىردۇر»[7]. ئەگەر بىز ئۇلارغا نازىل بولىدىغان ئازابنى چەكلىك ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار چوقۇم (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟» دەيدۇ. راستتىنلا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇلار قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ. ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ[8]. ئەگەر بىز ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق (نېمىتىمىزنى بەرسەك)، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ[9]. ئەگەر بىز (پېقىرلىق، كېسەللىك، قاتتىقچىلىق قاتارلىق) بالالارغا مۇپتىلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى (ئەمدى كەلمەيدۇ)» دەپ شەك -شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ[10]. پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋرى قىلغان، (نېمەتكە ئېرىشكەندە) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشىلاردۇر). ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ[11]. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلارنىڭ)

«نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە چۈشمىدى ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇنى تەستىقلايدىغان) بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ، سەن پەقەت (ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر[12]. ئۇلار قۇرئاننى(مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار»[13]. ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا، بىلىڭلاركى، قۇرئان ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر ئەمدى (ئاللاھقا) بويسۇنارسىلەر![14]. (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ - زىننىتىنى (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ[15]. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ[16]. پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىل (قۇرئان)غا ئاساسلانغان ئادەم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟). ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام)

قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ، قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇساغا نازىل قىلىنغان كىتاب (تەۋرات) (ئىسرائىل ئەۋلادىغا) يېتەكچى ۋە رەھمەت قىلىپ (نازىل قىلىندى)، ئەنە شۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا (ھەقىقىي) ئىشىنىدۇ، (ھەرقانداق) جامائەدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر. قۇرئانغا شەك كەلتۈرمىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىشەنمەيدۇ[17]. ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئەنە شۇلار (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىغا توغرىلىنىدۇ. گۇۋاھچىلار: «بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر» دەيدۇ. راستتىنلا ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (ئاللاھ زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)[18]. ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر[19]. ئەنە شۇلار زېمىندا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا (ئىگە بولىدىغان) ياردەمچىلەرمۇ بولمايدۇ، ئۇلار قاتمۇ-قات ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار (ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ[20]. ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان مەبۇدلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى[21]. شەك يوقكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر[22]. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرگەنلەر ـ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر[23]. (كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن

ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرۈدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالامسىلەر؟[24].

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** قۇرتۇبى ئىبنى ئابباستىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق تىلى تاتلىق، پاساھەتلىك گەپ قىلىدىغان بىر كىشى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دىتىغا ياقىدىغان گەپلەرنى قىلاتتى، كۆڭلىدە بولسا رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىدىغان گەپلەرنى يوشۇراتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ‹بىلىڭلاركى، ئۇلار ئاللاھتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۈشمەنلىكلىرىنى دىللىرىدا يوشۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر› .»

**تەپسىرى:** 1. ئەلىف، لام، را. قۇرئان كەرىمنىڭ يۈقىرىدىكىدەك ھەرپلەردىن مەيدانغا كېلىشى ئۇنىڭ روشەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن نامايەندىسىدۇر. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ «مەن ئاللاھ تائالانى كۆردۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، قىممىتى يۈكسەك، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا نە بىرەر نۇقسانىنىڭ بولۇشى، نە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە موھتاج بولىدىغان ھالال - ھارام قاتارلىق ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ

تەرىپىدىن نازىل بولغان كىتابتۇر. دەرۋەقە، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئالاھىدە پۇختا بولغان بۇ كىتابتا بارلىق ئىشلار تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. 2. ئېيتقىنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، كاپىر بولساڭلار، سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار توغرۇلۇق سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن. 3. قۇرئان كەرىم، گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلى پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىڭلار، ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن تەۋبە قىلىشىڭلار، ئاللاھقا يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن تەۋبىلىرىڭلارنى توغرا ھالدا داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن نازىل قىلىندى. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تەئالا سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، رىزقىڭلارنى كەڭ قىلىدۇ ۋە باياشاتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئەگەر ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. قىيامەتنىڭ ئەھۋالى قاتتىق قورقۇنچلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، «چوڭ ئازاب» دەپ كەلتۈرۈلگەن. 4. ئۆلگەندىن كېيىن پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغىلا قايتىسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى قەبرىزى روھ قىلىشقا، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشكە، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى جازالاشقا تامامەن قادىردۇر. جۈملىدىن ئاللاھ

ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ. بۇ ئايەتتە ناھايىتى چوڭ تەھدىت بار. 5. بىلىڭلاركى، ئۇلار ئاللاھتىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆمىنلەرگە بولغان دۈشمەنلىكلىرىنى دىللىرىدا يوشۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق، رەزىل بولماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ قالماقچى بولىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، بۇ ئايەت ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆھبەتلىشەتتى ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا قەسەم قىلاتتى، كۆڭلىدە بولسا، ئېيتقانلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە دۈشمەنلىكىنى يوشۇراتتى. قۇرتۇبىغا كۆرە، ئاللاھ تەئالا مۇشرىكلارنىڭ «قىلمىشلىرىمىزدىن ئاللاھ خەۋەر تاپالمايدۇ» دەپ ئويلاپ، پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بىلىڭلاركى، ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئايەتتە گويا مۇنداق دېيىلمەكچىدەك قىلىدۇ: «كىيىملىرىمىز بىلەن چۈمكىنىۋېلىشىمىز، بىزنى ئاللاھ تائالادىن ساقلاپ قالىدۇ» دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەنمۇ سىرلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارا قىلمىشلىرىڭلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭلار ئاللاھ تائالاغا ھەرگىزمۇ سىر ئەمەس. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر. 6. يەر يۈزىدىكى مەيلى ھايۋانلار بولسۇن، مەيلى ئىنسانلار بولسۇن، ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ مەرھەمەت ۋە ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ ھەم ياراتقۇچى ھەمدە رىزىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ تۇرار

جايىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ. ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى يەر يۈزىدىكى ئۇلار ئورۇنلاشقان جايدۇر؛ ئورۇنلىشىدىغان جاي بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن كۆمۈلىدىغان جايدۇر. رىزىق، تەقدىر ۋە ئۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر. 7. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى دۇنيا كۈنلىرىدىن ئالتە كۈندەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياراتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى بارلىق ئىشلىرىدا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىشلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. دەرۋەقە، پۈتكۈل كائىناتنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يارىتىشقا قادىر ئاللاھ ئاسمان - زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. بۇ، ئەرشنىڭ ۋە سۇنىڭ ئاسمان - زېمىندىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ناھايىتى ئۇلۇغۋار بىر ھېكمەتكە ئاساسەن، سىلەرنى سىناش، شۇنىڭ بىلەن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا سىلەرنى مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش ئۈچۈن ياراتتى. ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن مەككە كۇففارلىرىدىن بولغان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا: «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر!» دېسەڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە ھەشر قىلىنىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار چوقۇم ئېيتىدۇ: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس.» 8. ئەگەر بىز ئۇلارغا نازىل بولىدىغان ئازابنى چەكلىك ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار چوقۇم مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن: «ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟ بۇ ئازابنىڭ

كىچىككىنە نەرسىگە نېمە سەۋەب بولىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار شۇنى بىلىشىدۇكى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇلار قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب چۈشۈپ، ئۇلارنى قورشىۋالدى. 9. ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا تۈرلۈك نېمەتلىرىمىزنى تېتىتساق، يەنى سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، رىزىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلساق، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ. 10. ئەگەر بىز مۇسىبەت، پېقىرلىق، كېسەللىك ۋە قاتتىقچىلىق قاتارلىق بالالارغا مۇپتىلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «مەندىن پېقىرلىق، يوقسۇللۇق، مۇسىبەت ۋە بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەمدى كەلمەيدۇ» دەپ شەك-شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتلەر بىلەن ئىنسانلارغا چوڭچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئايەت، مۇشەققەتلىك پەيتلەردە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىغان ۋە تۈرلۈك نېمەتلەر ئاتا قىلىنغان چاغدا كۆرەڭلەپ كېتىدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەيدۇ. دەرۋەقە ئىنسانلارنىڭ ئادىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. 11. پەقەت بالاغا ئۇچرىغاندا سەۋر قىلغان، نېمەتكە يولۇققان ۋە خاتىرجەم پەيتلەردە ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار مەيلى مۇسىبەتكە يولۇققانلىرىدا بولسۇن، مەيلى مولچىلىق پەيتلىرىدە بولسۇن، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇنداق گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە چوڭ مۇكاپاتقا، يەنى جەننەتكە ئېرىشىدۇ. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ساۋابنىڭ

‹چوڭ› دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئەبەدىي نېمەتلەرنى، ئازابتىن خالىي بولۇشنى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە جامالىنى كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

12. ئى مۇھەممەد! بەلكى مۇشرىكلارنىڭ «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە چۈشمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىللە بىللە ئۇنى تەستىقلايدىغان بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دەيدىغانلىقى ۋە قۇرئاننى مەسخىرە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، ئىنكار قىلىنىشىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىڭ ساڭا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، رەسۇلۇللاھنى پەيغەمبەرلىك ۋە دەۋەتنى تەبلىغ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغانلارغا پىسەنت قىلماسلىققا دالالەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ چەك - چېگرىسىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! سەن پەقەت گۇناھكارلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇپ ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى ۋە ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.»

13. ياكى ئۇلار «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى ئىجاد قىلغان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «سىلەر پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن ئەرەب قەۋمىسىلەر. ‹قۇرئان كەرىم ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان› دېگەن بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار.» 14.

ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىقىڭلارغا ئاۋاز قوشمىسا ۋە ئۇنىداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئى مۇشرىكلار! شۇنى بىلىڭلاركى، بۇ قۇرئان پەقەت ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەنلا نازىل قىلىنغان. بۇ مۆجىزىلىك قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق بىر پەرۋەردىگار ۋە ئىلاھ يوقلۇقىنىمۇ بىلىڭلار. بۇ جۈملە لەۋزى جەھەتتىن سوئال، مەنا جەھەتتىن ئەمرنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بۇنداق كەسكىن دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئەمدى مۇسۇلمان بولۇڭلار. چۈنكى سىلەر ئۈچۈن بۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق بىر باھانە قالمىدى. ئىبنى جۇزەي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سوئالنىڭ مەنىسى، ئىسلامغا چاقىرىش ۋە كاپىرلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇر قىلىشتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىرەر كىتابنى كەلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەسلىكى، ئىسلامنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.» 15. ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، يەنى ئۇلارغا تەن سالامەتلىك، خاتىرجەملىك ۋە رىزىق قاتارلىق نېمەتلىرىمىزنى تولۇق بېرىمىز. دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى نىيىتى ۋە غەيرىتى ئارقىلىق دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى كۆزلىسە، ئاللاھ ئۇنى بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ. ئەجرىنىمۇ تولۇق بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ ھېچقانداق بىر ئەجرى قالمىغان ھالەتتە ئاخىرەتكە كېتىدۇ. مۆمىن كىشىگە كەلسەك، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بەدىلىگە ھەم بۇ دۇنيادا تۈرلۈك نېمەتلەرگە

ئېرىشىدۇ ھەم ئاخىرەتتە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.» 16. نىشانى پەقەت بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگىلا ئېرىشىش بولغان بۇنداق كىشىلەرگە، ئاخىرەتتە جەھەننەم ۋە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەمەللىرىنىڭ بەدىلىگە بۇ دۇنيادا تولۇق ئەجرىگە ئېرىشتى. بۇ جۈملە ئالدىنقى جۈملىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. 17. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان. پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن نۇر (قۇرئان) غا ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن كەسكىن دەلىلگە ئىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەر، ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟ بۇ يەردە، ئاللاھ تەئالا بۇ ئىككى پىرقە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان. يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىدىغانلار بىلەن ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغانلار ھەرگىزمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولىدىغان بىر كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گۇۋاھچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر.» جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھقا قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ، قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇساغا نازىل قىلىنغان تەۋرات ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى ۋە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلىندى، پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن نۇر ئۈستىدىكى ئەنە شۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ، دىن مەنسۇپلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر. قۇرئانغا شەك كەلتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلىگىن،

ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى قۇرئاننىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. 18. ئاللاھنىڭ شېرىكى بار، بالىسى بار دەپ، ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم ۋە ئازغۇن كىشى بارمۇ؟ ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ياراتقان ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىغا توغرىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولغان مەخلۇقاتلار بىلەن پەرىشتىلەر: «بۇلار پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالا ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر» دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىرىنىڭ پاش قىلىنىشى، رەسۋا قىلىنىشى ۋە جازالىنىشى ئۈچۈندۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھقا قارشى ھەقسىزلىق ۋە بوھتانلىرى تۈپەيلى، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ. لەنەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. 19. ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ھىدايەت يولىغا مېڭىش ۋە ئىسلام دىنىدىن توسىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى ـ ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا كۆرە ئەگرى بولۇشىنى ـ تىلەيدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش، ھەشر قىلىنىش ۋە قىيامەتنى قوبۇل قىلمىغۇچىلاردۇر. 20. ئۇلارغا ئاللاھ مۆھلەت بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ئىگە بولىدىغان دوستلارمۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالايدىغان ياردەمچىلەرمۇ بولمايدۇ، گۇناھلىرى ۋە ئازغۇنلۇقلىرى تۈپەيلى ئۇلار قاتمۇقات ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بۇ جۈملە مۇستەسنا جۈملىسىدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ ئازابلىرىنىڭ

قاتتىق ۋە قاتمۇقات بولۇشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: «ئاللاھ ئۇلارغا كۆز ۋە قۇلاق ئاتا قىلدى، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتنى ئاڭلىيالمايدىغان گاسلار ۋە توغرا يولنى كۆرەلمەيدىغان كورلاردەك ھەرىكەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئېھسان قىلغان سەزگۈ ئەزالىرىدىن پايدىلانمىدى.» 21. ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى دوزاخقا تاشلاپ، خاتىرجەملىكلىرىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. 22. شەك يوقكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلاردىنمۇ بەكرەك زىيان تارتقۇچىلارنى كۆرەلمەيسەن. چۈنكى ئۇلار ئەبەدىي دۇنيا بولغان ئاخىرەتتىن پانىي دۇنيانى ئارتۇق كۆردى ھەمدە جەننەتلەرنى تەرك ئېتىپ، ئورنىغا دوزاخ ئوتىنى تاللىدى. ئاللاھ تەئالا بەتبەخت كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، بەختلىك مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 23. شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرۈپ، ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلىغان ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغانلار ـ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار تۈرلۈك - تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. 24. كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت ئىككى پىرقە بار، بىر پىرقە ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، يەنە بىر پىرقە بولسا كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا كاپىرلار پىرقىسىنى ئەمالار بىلەن گاسلارغا، مۆمىنلەر

پىرقىسىنى بولسا كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاتتى. بۇ يەردە «تىباق (ئانتىتېزىس ـ قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەر)» ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. يەنى ھەر ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى ھەيران قالارلىق سېلىشتۇرما ئارقىلىق بايان قىلىنغان؛ جۈملىدىن بىر پىرقە ئەما بىلەن گاسقا، يەنە بىر پىرقە بولسا كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشامدۇ؟ بۇ سوئال بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەر ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى كۆرەلىگەن ۋە ئۇنىڭ يورۇقلۇقىدا توغرا يولنى بويلاپ ماڭالىغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا تېمىسقىلاپ يۈرگەن ۋە بەخت - سائادەتلىك يولنى تاپالمىغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىلغان. سىلەر يەنىلا ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئالماسىلەر؟ بۇنىڭدىن مەقسەت، ئىمان ۋە ئىتائەت ئەھلى بىلەن كۇپرى ۋە ئىسيان ئەھلىنى بىر - بىرىدىن ئايرىشتۇر.»

**قىسسە:** ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھتىن قول ئۈزمەستىن ئىستىغپار ئېيتىش، كاززاپلارنىڭ تەۋبىسىدۇر.»

**ئىلاۋە:** ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىرەر كىتابنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئېل ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ يەردە قۇرئان كەرىمگە ئوخشىغان ئون سۈرە مەيدانغا كەلتۈرۈلۈش ئۈچۈن دۇئېل ئېلان قىلىنىدى. دەرۋەقە، مۇشرىكلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى كەلتۈرۈشكە كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم ئۇلارغا (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە

ئوخشايدىغان ئون سۈرە ئىجاد قىلىشى ئۈچۈن دۇئېل ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن، غەيبتىن خەۋەر بېرىش، قانۇن ھۆكۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە باشقا مەسىلىلەردە قۇرئان كەرىمگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە مەيدانغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن دۇئېل ئېلان قىلدى. قانۇن چىقىرىش ھۆكۈملىرى ۋە باشقا بەلگىلىمىلەر توققۇز تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى نەزمە ھالىتىدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىشقان: بىلىڭلاركى، قۇرئان پەقەت توققۇز ھەرپتىنلا تۈزۈلگەن. ئۇلارنى ساڭا مالال كۆرمەستىن بىر شېئىر بىلەن بىلدۈرىمەن.

ھالال، ھارام، ھۆكۈم، مۇتەشابىھ (بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئايەتلەر)، خۇش خەۋەر، ئاگاھلاندۇرۇش، قىسسە، ۋەز - نەسىھەت ۋە مىسال قاتارلىقلار.

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوۡمِهِۦٓ إِنِّي لَكُمۡ نَذِيرٞ مُّبِينٌ ﴿٢٥﴾
أَن لَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٍ
أَلِيمٖ ﴿٢٦﴾ فَقَالَ ٱلۡمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَوۡمِهِۦ مَا
نَرَىٰكَ إِلَّا بَشَرٗا مِّثۡلَنَا وَمَا نَرَىٰكَ ٱتَّبَعَكَ إِلَّا ٱلَّذِينَ هُمۡ
أَرَاذِلُنَا بَادِيَ ٱلرَّأۡيِ وَمَا نَرَىٰ لَكُمۡ عَلَيۡنَا مِن فَضۡلِۭ
بَلۡ نَظُنُّكُمۡ كَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ
عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِهِۦ فَعُمِّيَتۡ
عَلَيۡكُمۡ أَنُلۡزِمُكُمُوهَا وَأَنتُمۡ لَهَا كَٰرِهُونَ ﴿٢٨﴾ وَيَٰقَوۡمِ لَآ
أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مَالًاۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۚ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۚ إِنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمٗا

تَجْهَلُونَ ﴿٢٩﴾ وَيَٰقَوْمِ مَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِن طَرَدتُّهُمْۚ
أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣٠﴾ وَلَآ أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَآئِنُ ٱللَّهِ
وَلَآ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ وَلَآ أَقُولُ إِنِّي مَلَكٌ وَلَآ أَقُولُ لِلَّذِينَ
تَزْدَرِيٓ أَعْيُنُكُمْ لَن يُؤْتِيَهُمُ ٱللَّهُ خَيْرًاۖ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا
فِيٓ أَنفُسِهِمْ إِنِّيٓ إِذًا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣١﴾ قَالُواْ يَٰنُوحُ قَدْ
جَٰدَلْتَنَا فَأَكْثَرْتَ جِدَٰلَنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ
مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ إِنَّمَا يَأْتِيكُم بِهِ ٱللَّهُ إِن شَآءَ
وَمَآ أَنتُم بِمُعْجِزِينَ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَنفَعُكُمْ نُصْحِيٓ إِنْ أَرَدتُّ أَنْ
أَنصَحَ لَكُمْ إِن كَانَ ٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يُغْوِيَكُمْۚ هُوَ رَبُّكُمْ
وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٣٤﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُۖ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ
فَعَلَيَّ إِجْرَامِي وَأَنَا۠ بَرِيٓءٌ مِّمَّا تُجْرِمُونَ ﴿٣٥﴾ وَأُوحِيَ إِلَىٰ
نُوحٍ أَنَّهُۥ لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلَّا مَن قَدْ ءَامَنَ فَلَا
تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾ وَٱصْنَعِ ٱلْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا
وَوَحْيِنَا وَلَا تُخَٰطِبْنِي فِي ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ ﴿٣٧﴾
وَيَصْنَعُ ٱلْفُلْكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ مَلَأٌ مِّن قَوْمِهِۦ سَخِرُواْ
مِنْهُۚ قَالَ إِن تَسْخَرُواْ مِنَّا فَإِنَّا نَسْخَرُ مِنكُمْ كَمَا
تَسْخَرُونَ ﴿٣٨﴾ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ
وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٣٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَمْرُنَا وَفَارَ
ٱلتَّنُّورُ قُلْنَا ٱحْمِلْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ
إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيْهِ ٱلْقَوْلُ وَمَنْ ءَامَنَۚ وَمَآ ءَامَنَ مَعَهُۥٓ
إِلَّا قَلِيلٌ ﴿٤٠﴾ ۞ وَقَالَ ٱرْكَبُواْ فِيهَا بِسْمِ ٱللَّهِ مَجْر۪ىٰهَا

وَمُرۡسَىٰهَآۚ إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٤١﴾ وَهِيَ تَجۡرِي بِهِمۡ فِي مَوۡجٖ
كَٱلۡجِبَالِ وَنَادَىٰ نُوحٌ ٱبۡنَهُۥ وَكَانَ فِي مَعۡزِلٖ يَٰبُنَيَّ ٱرۡكَب
مَّعَنَا وَلَا تَكُن مَّعَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٢﴾ قَالَ سَـَٔاوِيٓ إِلَىٰ جَبَلٖ
يَعۡصِمُنِي مِنَ ٱلۡمَآءِۚ قَالَ لَا عَاصِمَ ٱلۡيَوۡمَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِ إِلَّا
مَن رَّحِمَۚ وَحَالَ بَيۡنَهُمَا ٱلۡمَوۡجُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡمُغۡرَقِينَ ﴿٤٣﴾
وَقِيلَ يَٰٓأَرۡضُ ٱبۡلَعِي مَآءَكِ وَيَٰسَمَآءُ أَقۡلِعِي وَغِيضَ ٱلۡمَآءُ
وَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ وَٱسۡتَوَتۡ عَلَى ٱلۡجُودِيِّۖ وَقِيلَ بُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ
ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ وَنَادَىٰ نُوحٞ رَّبَّهُۥ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ٱبۡنِي مِنۡ
أَهۡلِي وَإِنَّ وَعۡدَكَ ٱلۡحَقُّ وَأَنتَ أَحۡكَمُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿٤٥﴾ قَالَ
يَٰنُوحُ إِنَّهُۥ لَيۡسَ مِنۡ أَهۡلِكَۖ إِنَّهُۥ عَمَلٌ غَيۡرُ صَٰلِحٖۖ فَلَا
تَسۡـَٔلۡنِ مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٌۖ إِنِّيٓ أَعِظُكَ أَن تَكُونَ
مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٤٦﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِكَ أَنۡ أَسۡـَٔلَكَ مَا
لَيۡسَ لِي بِهِۦ عِلۡمٞۖ وَإِلَّا تَغۡفِرۡ لِي وَتَرۡحَمۡنِيٓ أَكُن مِّنَ
ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٤٧﴾ قِيلَ يَٰنُوحُ ٱهۡبِطۡ بِسَلَٰمٖ مِّنَّا وَبَرَكَٰتٍ
عَلَيۡكَ وَعَلَىٰٓ أُمَمٖ مِّمَّن مَّعَكَۚ وَأُمَمٞ سَنُمَتِّعُهُمۡ ثُمَّ يَمَسُّهُم
مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٤٨﴾ تِلۡكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ ٱلۡغَيۡبِ نُوحِيهَآ إِلَيۡكَۖ
مَا كُنتَ تَعۡلَمُهَآ أَنتَ وَلَا قَوۡمُكَ مِن قَبۡلِ هَٰذَاۖ فَٱصۡبِرۡۖ
إِنَّ ٱلۡعَٰقِبَةَ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿٤٩﴾

شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن[25]. بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت

قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى[26]. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى[27]. نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم، ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان (دەۋىتىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە (پەيغەمبەرلىككە) سازاۋەر بولغان بولسام، ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولسا، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلار، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا سىلەرنى مەجبۇرلامدۇق؟[28] ئى قەۋمىم! سىلەرگە (دىنىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل - مال تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن. (چۈنكى) ئۇلار، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرۈمەن[29]. ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ باقماسسىلەر؟[30]. مەن سىلەرگە، مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، غەيبنى بىلىمەن، دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە (ئۆزۈمنى) پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنى ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق بەرمەيدۇ دېمەيمەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، بولمىسا مەن چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ

قالىمەن»[31]. ئۇلار (نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى[32]. نۇھ ئېيتتى: «ئۇنى (ئازابنى) ئەگەر خالىسا پەقەت ئاللاھلا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر[33]. مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھەتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر»[34]. ياكى ئۇلار (قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى) قۇرئاننى ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ «ئەگەر ئۇنى مەن ئويدۇرۇپ چىققان بولسام، ئۆز گۇناھىمغا ئۆزۈم مەسئۇل، مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن» دېگىن[35]. نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيى قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن[36]. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ»[37]. نۇھ كېمە ياساۋاتاتتى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ھەر قېتىم ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى. نۇھ ئېيتتى: « سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز[38]. خار قىلغۇچى ئازاب (توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش)نىڭ كىمنىڭ

ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب (جەھەننەم ئازابى) نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر»[39].

(توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك، چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ـ ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن» دېدۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنە كىشىلەر ئىمان ئېيتتى[40]. نۇھ (ئىمان ئېيتقان تەۋەلىرىگە) ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[41]. كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى[42]. ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى[43]. «ئى زېمىن! سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت، تارقىغىن» دېيىلدى، سۇ سوغۇلدى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، «زالىم

قەۋم هالاك بولسۇن» دېيىلدى[44]. نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى[45]. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن»[46]. نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن»[47]. ئېيتىلدى (ئاللاھ ئېيتتى): «ئى نۇھ! ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتىي دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ»[48]. (ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر[49]

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مەككە كاپىرلىرىنىڭ سەركەشلىك قىلىپ، كۇپرى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى، رەسۇلۇللاھنى

ئىنكار قىلىشى ۋە «قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئويدۇرۇپ چىققان» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسىنى زىكىر قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى، پەيغەمبەرلەر بىلەن قەۋملىرى ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىدۇ.

**تەپسىرى:** 25. شۈبھىسىزكى، يەر يۈزى كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتەك قەبىھ قىلمىشلىرى ۋە گۇناھلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «سىلەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېدى. 26. بىز ئۇنى تەۋھىدكە، يەنى يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرسۇن دەپ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ قەۋمىگە: «بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق ۋە دەھشەتلىك كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى. 27. نۇھنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن، سېنىڭ بىزدىن ھېچقانداق بىر پەرقىڭ يوق» دېدى. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە، ئۇلار ئۆزلىرىنى ‹نۇھقا قارىغاندا پەيغەمبەرلىككە بىز تېخىمۇ لايىقمىز، ئەگەر ئاللاھ پەيغەمبەرلىكنى ئىنسانلاردىن بىرەرسىگە بېرىشنى خالىسا، چوقۇم ئارىمىزدىن بىرىگە بېرىدۇ› دەپ

قاراپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكىگە ئىشارەت باردۇر.» نۇھنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەرلا يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن.» ئىبنى جۇزەي مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار جاھىل بولغانلىقى، شان - شەرەپنىڭ مال - دۇنيا ۋە مەرتىۋە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، پېقىر بولغانلىقلىرى سەۋەبلىك مۆمىنلەرنى ئەنە شۇنداق ئاتىغان. ھالبۇكى، ئىشنىڭ ھەقىقىتى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس؛ ئەكسىچە پېقىر ۋە ئاجىز بولغانلىقلىرىغا قارىماي، مۆمىنلەر ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ شان - شەرەپلىكتۇر.» ئۇلار يەنە مۇنداق دېيىشتى: «بۇلار ئارىمىزدىكى قىلچە ئويلانماستىنلا ۋە پىكىر يۈرگۈزمەستىنلا، سېنى كۆرۈپلا قارىغۇلارچە ساڭا ئەگەشكەن پەس كىشىلەردۇر. بىزنىڭچە، سەن ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەردە پەيغەمبەرلىككە لايىق ھېچقانداق بىر تەرىپىڭلار ۋە ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز». ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىككى جەھەتتىن غالىب كەلمەكچى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر جەمئىيەتتىكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئىدى. يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ۋە ئۈلگە بولالايدىغان كىشىلەر ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار قىلچە ئويلانماستىنلا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن، نۇھنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەستىن، ئۇنى كۆرۈپلا قارىغۇلارچە ئەگەشكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭمۇ

بارلىقىغا دەلىل كەلتۈرۈلۈپ قالمىسۇن دەپ، شۇنداق دەيتتى. 28. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا چىرايلىق ئۇسلۇبتا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم، ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان دەۋىتىمنىڭ توغرۇلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى بولغان پەيغەمبەرلىككە سازاۋەر بولغان بولسام، ئىماننىڭ نۇرى بىلەن ئاراڭلارغا ماددىي نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولسا، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلار، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تېپىشىڭلارغا سىلەرنى مەجبۇرلامدۇق؟» بۇ سوئال بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بىز ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايمىز، چۈنكى دىندا مەجبۇرلاش يوقتۇر. 29. ئى قەۋمىم! سىلەرگە دىننى تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن ھېچقانداق پۇل - مال تەلەپ قىلمايمەن، مەن سىلەردىن نەسىھەتلىرىم ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمىغان تۇرسام، سىلەر قانداقمۇ ماڭا تۆھمەت چاپلايسىلەر؟ ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىنلا تەلەپ قىلىمەن. دەرۋەقە ماڭا ساۋاب، مۇكاپات ۋە ئەجىر بېرەلەيدىغان بىردىنبىر زات پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. مەن سىلەر تەلەپ قىلغاندەك، ئىمان ئېيتقان بۇ ئاجىز كىشىلەرنى يېنىمدىن قوغلىۋەتمەيمەن، چۈنكى ئۇلار چوقۇم پەرۋەردىگارىغا قايتىدۇ ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنداقتا مەن ئۇلارنى يېنىمدىن قانداقمۇ قوغلىۋېتەلەيمەن؟ لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدىغان نادان قەۋمسىلەر. دەرۋەقە، سىلەر ئۇلارنىڭ

يېنىمدىن قوغلىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر ھەمدە ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىڭلارنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىسىلەر. 30. ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلسام، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ باقمامسىلەر ۋە بۇ پىكرىڭلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، پەيلىڭلاردىن يانمامسىلەر؟ 31. مەن سىلەرگە، مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى (ناھايىتى كۆپ مال - دۇنيالىرىم) بار، بايلىقىمغا قاراپ ماڭا ئەگىشىڭلار دېمەيمەن، مېنى ئىلاھ ئىكەن دېسۇن دەپ، غەيبنى بىلىمەن دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى پەرىشتىلەردىن دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلمىگەنلىكىمنى ئېيتمىغان تۇرسام، سىلەر مېنى قانداقلارچە يالغانغا چىقىرىسىلەر؟ مەن ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە پېقىرلىقلىرى تۈپەيلى سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ ئاجىز كىشىلەرنى، ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلمايدۇ دېمەيمەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە دىللىرىدىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر مەن شۇنداق دېسەم، مەن چوقۇم ئازابقا دۇچار بولىدىغان زالىملاردىن بولۇپ قالىمەن.» 32. نۇھنىڭ قەۋمى: «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى. 33. نۇھ ئېيتتى: «ئازابنى دەرھال كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. قاچان خالىسا شۇ چاغدا كەلتۈرۈشكە كۈچى يېتىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ ئازابنى كەلتۈرگەن چاغدا سىلەر ھەرگىز قېچىپ

قۇتۇلالمايسىلەر، چۈنكى سىلەر ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەسەررۇپى ئاستىدىسىلەر. 34. ئەگەر ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، مېنىڭ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغىنىم ۋە قىلغان نەسىھەتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ. بۇ جۈملە ئالدىنقى جۈملىنىڭ شەرتىدۇر. يەنى ئاللاھ سىلەرنىڭ بەتبەخت ۋە گۇمراھ بولۇشۇڭلارنى خالىسا، مېنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىمنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى؟ سىلەرنى ياراتقان ۋە بارلىق ئىشلىرىڭلارنى تەسەررۇپ قىلىپ تۇرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاخىرىدا سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر. ئاللاھ ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.» 35. ياكى قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى «قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىجاد قىلدى» دېيىشەمدۇ؟ ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «ئەگەر بۇ قۇرئاننى مەن ئىجاد قىلغان بولسام، ئۆز گۇناھىمغا ئۆزۈم جاۋابكار، مېنىڭ گۇناھىمدىن سىلەر جاۋابكار ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىشتەك گۇناھىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن.» بۇ ئايەت، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ سەركەشلىك ۋە ئىنكارچىلىق مەسىلىسىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئارىسىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغانلىقىغا ئەسكەرتىش بېرىش ئۈچۈن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئىچىدە «قىستۇرما جۈملە» تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن. 36. نۇھقا مۇنداق ۋەھيى قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ساڭا ئەگەشكۈچىلەر ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىشتەك قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن. چۈنكى مەن

ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن.» 37. بىزنىڭ كۆز ئۇڭىمىزدا ۋە قوغدىشىمىز ئاستىدا ۋەھيىمىز ۋە ساڭا ئۆگەتكىنىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن. مۇجاھىدقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «بىز ساڭا ئەمر قىلغىنىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن.» ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارغا مەندىن شاپائەت تەلەپ قىلمىغىن، ئۇلارنى مەن چوقۇم ھالاك قىلىمەن، ئۇلار توپان بالاسىدا غەرق قىلىنىدۇ. 38. نۇھ كېمە ياسىدى. ۋەقەنى زېھنىلەردە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆتكەن زامان پېئىلى ھازىرقى زامان پېئىلى تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان. يەنى، نۇھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە كېمە ياسىدى. نۇھنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن بىر گۇرۇپپا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ، قاقاھلاپ كۈلۈشتى ھەمدە مۇنداق دېيىشتى: «ئى نۇھ! سەن تۈنۈگۈن پەيغەمبەر ئىدىڭ، بۈگۈن بىر ياغاچچىغا ئايلىنىپ قاپسەنغۇ!» نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەگەر سىلەر بۈگۈن بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، يېقىن كەلگۈسىدە سىلەر غەرق قىلىنغاندا، ھازىر سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك، بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز. بىزگە قارىغاندا مەسخىرە قىلىنىشقا سىلەر ئەڭ لايىقسىلەر.» 39. بۇ بىر تەھدىتتۇر. يەنى، مەسخىرە قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى پات يېقىندا كۆرىسىلەر. خار ۋە رەسۋا قىلغۇچى ئازاب (توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش)نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب بولغان جەھەننەم ئازابىنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئاتچە ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم بىلىسىلەر. 40. نىھايەت، بىز ۋەدە قىلغان توپان بالاسى كېلىپ، ئوت يالقۇنجاۋاتقان يەر يۈزىدىن

قايناۋاتقان سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە چىققىن» دېدۇق. ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالا بۇنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر ئالامەت، قەۋمى ئۈچۈن بولسا بىر ھالاكەت زامانى قىلدى.» ئىبنى ئابباسقا كۆرە، ئايەتتىكى «تەننۇر» ئىبارىسى «يەر يۈزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەبەرىيگە كۆرە، ئەرەبلەر يەر يۈزىنى «تەننۇر» دەپ ئاتايدۇ. ئىبنى كەسىرگە كۆرە، «تەننۇر» «يەر يۈزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، تونۇردىكى ئوت يالقۇنجاپ ئادەمنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان ھالغا كەلگەندە، يەر يۈزىدىن قايناۋاتقان سۇ ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. بىز نۇھقا مۇنداق ۋەھيى قىلدۇق: «ھايۋاناتلاردىن ئەركەك، چىشى بولۇپ بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەردىن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغان ئايالىڭ ۋائىلە بىلەن كاپىر ئوغلۇڭ كەنئاندىن باشقا، ئايالىڭ ۋە بالىلىرىڭ ھەمدە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن.» نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىلدەك ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياشىغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار ئاياللار بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 80 كىشى، كەئبنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە 72 كىشى، يەنە بىر قاراشقا كۆرە ئون كىشى ئىدى.» 41. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان تەۋەلىرىگە ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر.» تەبەرىيگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «كېمىنىڭ قوزغىلىشىمۇ، توختىشىمۇ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ.» نۇھ

ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «شۇبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.» دەرۋەقە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان. 42. كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دەھشەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئىجازىتى، لۇتپى ۋە ياردىمى بىلەن ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. ساۋىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر رىۋايەتكە كۆرە بايان قىلىشىچە، «ئاللاھ تائالا ئۇدا 40 كېچە - كۈندۈز يامغۇر ياغدۇرغان، ئاندىن يەر يۈزىدىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان. دەرۋەقە ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ‹ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر - بىرىگە) قوشۇلدى.› يەنى سۇ ئەڭ ئېگىز تاغدىنمۇ 40 گەز يۇقىرى ئۆرلەپ، ھەممىنى غەرق قىلىۋەتتى.» نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە مىڭىشتىن بۇرۇن مۆمىنلەر بىلەن بىللە كېمىگە چىقماي، ئۆزىدىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، غەرق بولۇپ كېتىسەن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن يەنى ئۇلارغا ئوخشاش سەنمۇ بىرلىكتە غەرق بولۇپ كەتمىگىن» دەپ توۋلىدى. 43. ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. ئۇ، «سۇ تاغلارنى بېسىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىمەس» دەپ ئويلايتتى. دادىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان

ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى. 44. «ئى زېمىن! يېرىلىپ سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت! تارقىغىن» دېيىلدى، شۇنىڭ بىلەن سۇ سوغۇلدى. مۇجاھىدقا كۆرە، «سۇ ئازايدى.» ئاللاھنىڭ غەرق قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى غەرق قىلىش، قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە مۇسۇل ئەتراپىدىكى جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. «ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان زالىم قەۋم، تالاپەتكە يۈزلىنىپ ھالاك بولسۇن» دېيىلدى. بۇ بىر بەددۇئا جۈملىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. ھەتتا كېمىدىكىلەردىن باشقا، يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مۇنۇ رىۋايەتتىمۇ بۇنىڭ شۇنداقلىقى تەكىتلەنگەن: ‹سۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، يېنىدا بالىسى بار بىر ئايالغا يەتتى، ئايال بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى، سۇ قۇچىقىغا يەتكەن چاغدا مۈرىسىگە ئېلىۋالدى، سۇ مۈرىسىگە يەتكەن چاغدا، ئۇ بالىسىنى قوللىرى بىلەن يۇقىرى كۆتۈردى. ئەگەر ئاللاھ يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ بىرەرسىگە رەھىم قىلغان بولسىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئايالغا رەھىم قىلغان بولاتتى› .» 45. نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم كەنئان مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى، سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەرگىزمۇ

ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى. 46. پەرۋەردىگارى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئى نۇھ! ئوغلۇڭ مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ كاپىردۇر، مۆمىن بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئەمەلى يامانىدۇر، سەن توغرا - خاتالىقىنى ئېنىق بىلمىگەن نەرسىنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن ۋە ئاگاھلاندۇرىمەن». ئىبنى جۇزەيگە كۆرە، بۇ ئايەت ھەرگىزمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جاھىللىق بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى مۇئامىلە ۋە ئېھسان قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 47. نۇھ ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدا ئېيتقانلىرى تۈپەيلى پەرۋەردىگارىدىن كەچۈرۈم سوراپ مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن ۋە ماڭا لايىق بولمىغان نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر خاتالىقىمنى كەچۈرۈم قىلمىساڭ، ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە شەپقەتلىك سۈپىتىڭ بىلەن ماڭا رەھىم قىلمىساڭ، ئاخىرەتنى ۋە بەخت - سائادەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن». 48. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ساڭا ۋە سەن بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن كېمىدىن چۈشكىن.» قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈم قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق مۆمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» «ئى نۇھ! سەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىنى ھاياتىي دۇنيادىن بەھرىمەن قىلىمىز،

دەرۋەقە ئۇلار گۇناھكار كاپىرلاردۇر، ئاندىن ئاخىرەتتە ئۇلارغا دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىتىمىز». 49. ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ قىسسە سەن كۆرمىگەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ غەيبكە ئائىت خەۋەرلىرىدىندۇر، ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى ۋەھيى ئارقىلىق ساڭا بىلدۈرۈۋاتىمىز، قۇرئان نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى نە سېنىڭ، نە قەۋمىڭنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق ئىدى. نۇھ سەۋر قىلغاندەك، سەنمۇ ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىش يولىدا تارتقان ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادارلارغا مەنسۇپ. بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە قارشى رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بېرىلمەكتە.

**ئىلاۋە:** ئىبنى ئابباس «ئۇ ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس» ئايىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ نەسلىدىن بولسىمۇ ئەمما مۆمىن ئەمەس ئىدى. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ رەپىقىسى ئەسلا ئاسيي بولغان ئەمەس. ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: ‹ئۇ، مەن سەن بىلەن بىرلىكتە نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس› .» مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: «بۇ ئايەت، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ياخشى، ئۇنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى، ياخشى بولمىغان كىشىلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، ئائىلە - تاۋابىئات بولۇش سەۋەبىنىڭ قانداشلىق تۇغقانچىلىقى ئەمەس، ئەكسىچە دىنىي تۇغقانچىلىق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.»

ئۇلار: «بىز قەيس ۋە تەمىم قەبىلىسىدىن» دەپ ماختىنىدۇ.

مەن: «دادام ئىسلام، ئۇنىڭدىن باشقا دادام يوق» دەپ ماختىنىمەن.

**قىسسە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر بەدەۋى «ئى زېمىن! يېرىلىپ سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت! تارقىغىن» دېگەن ئايەتنى ئاڭلىغان ھامان مۇنداق دەپتۇ: «بۇ چەكسىز بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭ سۆزىكەن، ھەرگىزمۇ يارىتىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدىكەن.» يەنە بىر رىۋايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە، تىلشۇناسلىق بابىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئالىمى ھېسابلىنىدىغان ئىبنى مۇقەففا قۇرئان ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە بىر نەزمە يېزىشقا باشلاپتۇ. ئۇنى بابلارغا ئايرىپ، «سۈرە» دەپ ئاتاپتۇ. بىر كۈنى بىر ساھابىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۆيىگە قايتىپ، يېزىشقا باشلىغان نەزمىسىنى يىرتىپ تاشلاپ مۇنداق دەپتۇ: «بۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋە بۇنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.»

**ئەسكەرتىش:** بۇ ئايەت مۆجىزىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سىرلىرىنى، گۈزەل ئىپادىلەرنى، ئەدەبىيات دۇنياسى قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيدىغان ئۆزگىچە ئىبارىلەر ۋە مەنىۋى گۈزەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ ھەييان (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ۋە ياتقان يېرىنى جەننەتتە بولغاي!) ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سىرلىرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت تۆۋەندىكىدەك 21 تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) كەلىمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت. (2) ئاسمان - زېمىن ئىبارىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق. (3) «ئى ئاسمان» ئىبارىسىدىكى مەجاز. چۈنكى بۇنىڭدىن مەقسەت ئاسماننىڭ يامغۇرىدۇر. (4) «يۇتقىن» ئىبارىسىدىكى ئىستىئارە. (5) «سۇ سوغۇلدى» ئىبارىسىدىكى كۆپ مەنىلىك ئىشارەت. (6) «ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى» ئىبارىسىدىكى مىسال. بۇنىڭدا، ھالاك قىلىنىدىغانلار بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلار «ھۆكۈم» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. (7) «جۇدىي تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى» جۈملىسىدە ئەرداف ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. كېمىنىڭ جۇدىي تېغىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن «ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى» ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن. (8) «سۇ سوغۇلدى» ئىبارىسىدە ئىزاھلاش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى سۇنىڭ سوغۇلۇشى، يەرلىشىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. (9) «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» ئىبارىسىدە ئەسكەرتىش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئۇلارنى ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. (10) ئايەتتە «بەدىئىي يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى» ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قىسسە ئاز ئىبارىلەر ئارقىلىق كۆپ مەنىنى بىلدۈرىدىغان شەكىلدە بايان قىلىنغان. باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر تۆۋەندىكىچە: «ئىزاھات»، «مۇساۋات»، «ھۆسنۇن نەسەق»، «سىھھەتۇت تەقسىم»، «ھۆسنۇل بايان»، «تەمكىن»، «تەجنىس»، «مۇقابەلە»، «تەھزىب» ۋە «ۋەسىف» قاتارلىقلار.

سەييىد قۇتۇبنىڭ «قۇرئان سايىسىدە» ناملىق تەپسىرىدىن ئارىيەلەر:

بۇ يەردە ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇبنىڭ تەپسىرىدىن

نەقىل كەلتۈرىمىز. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولغاي! ئۇ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئۇزۇلۇپ قالغان بىر پەيتتە، ۋەقەلىك بىردىنلا ۋە ھەيران قالارلىق ھالدا، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ بۇنداق بىر قىسسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ قىسسە ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان قىسسىلىرىگە ۋە ‹بۇ قىسسىلەرنى مۇھەممەد ئويدۇرۇپ چىقتى› تەرىقىسىدىكى دەۋالىرىغا ئوخشايدۇ.»

قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى «قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىجاد قىلدى» دېيىشەمدۇ؟ ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «ئەگەر ئۇ قۇرئاننى مەن ئىجاد قىلغان بولسام، ئۆز گۇناھىمغا ئۆزۈم جاۋابكار، مېنىڭ گۇناھىمدىن سىلەر جاۋابكار ئەمەس، مەنمۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىشتەك گۇناھىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن. ئويدۇرۇش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسى ماڭا ئائىتتۇر. مەن ئۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇڭا ئۇنداق قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.» نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى بۇ قىستۇرما جۈملە، قىسسىنىڭ قۇرئاندىكى بايان قىلىنىش تەرەققىياتىغا زىت ئەمەس. چۈنكى قىسسە مەلۇم بىر مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن بايان قىلىنىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى بايانلارنىڭ تەرەققىياتى ئىككىنچى بىر سەھنىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ سەھنىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى ۋە ۋەھيى كېلىدۇ. نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيى قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان

ئىپتىقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن. بىزنىڭ كۆز ئوڭىمىزدا ۋە قوغدىشىمىز ئاستىدا ۋەھيىمىز ۋە ساڭا ئۆگەتكىنىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارغا مەندىن شاپائەت تەلەپ قىلمىغىن. ئۇلارنى مەن چوقۇم ھالاك قىلىمەن، ئۇلار توپان بالاسىدا غەرق قىلىنىدۇ.» ئۇلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مۇنازىرە ئاخىرلاشتى. قىسسىنىڭ ئۈچىنچى سەھنىسى: بۇ سەھنىدە نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمە ياسىماقتا. قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، كېمە ياساۋاتقان نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلاتتى. ۋەقەلىكنىڭ كەلگۈسى زامان پېئىلى بىلەن بايان قىلىنىشى، سەھنىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ ۋە ئادەمنى خۇددى يېڭى بىر ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندەك ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. بىز بۇ ۋەقەلىكنى بايانلاردىنمۇ بەك، خۇددى كۆز ئالدىمىزدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمىز. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاكاۋۇر قەۋمى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلماقتا. ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ تونۇشتۇرۇپ، كېيىن ياغاچچى سۈپىتىدە كېمە ياسىغان ئادەمنى زاڭلىق قىلماقتا. تۆتىنچى سەھنە: كۈتۈلۈۋاتقان پەيت يېتىپ كەلگەن چاغدا، كېمىگە چىقىش سەھنىسى. «نىھايەت، (توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، نۇھقا: ‹كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك، چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن› دېدۇق.» بۇنىڭدىن كېيىنكى سەھنە، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولغان توپان بالاسى سەھنىسىدۇر. «كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار

ئىچىدە ئۆزۈپ باراتتى، دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى.» بۇ يەردە ئىككى تۈرلۈك قورقۇنچ سىلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان. بىرى، تۇرغۇن ھالەتتىكى قورقۇنچ، يەنە بىرى، ئىنسان روھىدىكى قورقۇنچ. ئارىدىن قانچە مىڭلىغان يىللار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، بىز ئايەتتىكى بايانلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېتىپ، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتىمىز. خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى سەھنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەكلا تېنىمىز شۈركۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۆزۈپ بارماقتا. پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى غەم - قايغۇ قاپلاپ كەتكەن دادا، يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام توختىماستىن تولۇنماقتا. ھاكاۋۇر ئوغلى بولسا دادىسىنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قۇلاق سالمايۋاتىدۇ. دەھشەتلىك دولقۇن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ كۆرۈنۈشنى كۆزدىن يوقاتماقتا. «دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى.» ھەممىسى تۈگىدى. ئىلگىرى نە دەۋەت، نە دەۋەتكە ئىجابەت ھېچ بولۇپ باقمىغاندەك، ھەممە ياق تىمتاسلىقتا چۆمۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋال، قۇرئان كەرىمنىڭ تەسۋىرىدە كۆرۈلگەن روشەن بىر ئالامەتتۇر. بوران - چاپقۇن توختاپ، ئەتراپ تىنچىدى، ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىندى. ئاندىن ئاسمان - زېمىنغا ئاقىلغا ئوخشاش خىتاب قىلىندى. ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندى. زېمىن سۈيىنى يۇتتى، ئاسمانمۇ سۈيىنى توختاتتى. نىھايەت، «ئى زېمىن سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى ئاسمان سەنمۇ سۈيۈڭنى تۇتقىن» دېيىلدى، شۇنىڭ بىلەن سۇ سوغۇلدى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن

ئىبارەت) هۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدىي تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، «زالىم قەۋم هالاك بولسۇن» دېيىلدى.

وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا
لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓۖ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا مُفْتَرُونَ ﴿٥٠﴾ يَٰقَوْمِ
لَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًاۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَى ٱلَّذِى فَطَرَنِىٓۚ
أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٥١﴾ وَيَٰقَوْمِ ٱسْتَغْفِرُوا۟ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوٓا۟
إِلَيْهِ يُرْسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَىٰ
قُوَّتِكُمْ وَلَا تَتَوَلَّوْا۟ مُجْرِمِينَ ﴿٥٢﴾ قَالُوا۟ يَٰهُودُ مَا جِئْتَنَا
بِبَيِّنَةٍ وَمَا نَحْنُ بِتَارِكِىٓ ءَالِهَتِنَا عَن قَوْلِكَ وَمَا نَحْنُ لَكَ
بِمُؤْمِنِينَ ﴿٥٣﴾ إِن نَّقُولُ إِلَّا ٱعْتَرَىٰكَ بَعْضُ ءَالِهَتِنَا بِسُوٓءٍۗ
قَالَ إِنِّىٓ أُشْهِدُ ٱللَّهَ وَٱشْهَدُوٓا۟ أَنِّى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴿٥٤﴾
مِن دُونِهِۦۖ فَكِيدُونِى جَمِيعًا ثُمَّ لَا تُنظِرُونِ ﴿٥٥﴾ إِنِّى
تَوَكَّلْتُ عَلَى ٱللَّهِ رَبِّى وَرَبِّكُمۚ مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلَّا هُوَ ءَاخِذٌۢ
بِنَاصِيَتِهَآۚ إِنَّ رَبِّى عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٥٦﴾ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقَدْ
أَبْلَغْتُكُم مَّآ أُرْسِلْتُ بِهِۦٓ إِلَيْكُمْۚ وَيَسْتَخْلِفُ رَبِّى قَوْمًا
غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّونَهُۥ شَيْـًٔاۚ إِنَّ رَبِّى عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ حَفِيظٌ ﴿٥٧﴾
وَلَمَّا جَآءَ أَمْرُنَا نَجَّيْنَا هُودًا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ بِرَحْمَةٍ
مِّنَّا وَنَجَّيْنَٰهُم مِّنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٥٨﴾ وَتِلْكَ عَادٌۖ جَحَدُوا۟
بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ وَعَصَوْا۟ رُسُلَهُۥ وَٱتَّبَعُوٓا۟ أَمْرَ كُلِّ جَبَّارٍ
عَنِيدٍ ﴿٥٩﴾ وَأُتْبِعُوا۟ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۗ أَلَآ
إِنَّ عَادًا كَفَرُوا۟ رَبَّهُمْۗ أَلَا بُعْدًا لِّعَادٍ قَوْمِ هُودٍ ﴿٦٠﴾ ۞ وَإِلَىٰ

ثَمُودَ أَخَاهُمۡ صَٰلِحٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم
مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱسۡتَعۡمَرَكُمۡ
فِيهَا فَٱسۡتَغۡفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِۚ إِنَّ رَبِّي قَرِيبٞ مُّجِيبٞ ٦١
قَالُواْ يَٰصَٰلِحُ قَدۡ كُنتَ فِينَا مَرۡجُوّٗا قَبۡلَ هَٰذَآۖ أَتَنۡهَىٰنَآ
أَن نَّعۡبُدَ مَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِي شَكّٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ
إِلَيۡهِ مُرِيبٖ ٦٢ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ
مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي مِنۡهُ رَحۡمَةٗ فَمَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِنۡ
عَصَيۡتُهُۥۖ فَمَا تَزِيدُونَنِي غَيۡرَ تَخۡسِيرٖ ٦٣ وَيَٰقَوۡمِ هَٰذِهِۦ
نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗۖ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا
تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابٞ قَرِيبٞ ٦٤ فَعَقَرُوهَا
فَقَالَ تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمۡ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٖۖ ذَٰلِكَ وَعۡدٌ غَيۡرُ
مَكۡذُوبٖ ٦٥ فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا صَٰلِحٗا وَٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَمِنۡ خِزۡيِ يَوۡمِئِذٍۚ إِنَّ رَبَّكَ
هُوَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ٦٦ وَأَخَذَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيۡحَةُ
فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ٦٧ كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ
أَلَآ إِنَّ ثَمُودَاْ كَفَرُواْ رَبَّهُمۡۗ أَلَا بُعۡدٗا لِّثَمُودَ ٦٨ وَلَقَدۡ
جَآءَتۡ رُسُلُنَآ إِبۡرَٰهِيمَ بِٱلۡبُشۡرَىٰ قَالُواْ سَلَٰمٗاۖ قَالَ سَلَٰمٞۖ
فَمَا لَبِثَ أَن جَآءَ بِعِجۡلٍ حَنِيذٖ ٦٩ فَلَمَّا رَءَآ أَيۡدِيَهُمۡ لَا
تَصِلُ إِلَيۡهِ نَكِرَهُمۡ وَأَوۡجَسَ مِنۡهُمۡ خِيفَةٗۚ قَالُواْ لَا تَخَفۡ
إِنَّآ أُرۡسِلۡنَآ إِلَىٰ قَوۡمِ لُوطٖ ٧٠ وَٱمۡرَأَتُهُۥ قَآئِمَةٞ فَضَحِكَتۡ
فَبَشَّرۡنَٰهَا بِإِسۡحَٰقَ وَمِن وَرَآءِ إِسۡحَٰقَ يَعۡقُوبَ ٧١ قَالَتۡ

يَٰوَيۡلَتَىٰٓ ءَأَلِدُ وَأَنَا۠ عَجُوزٞ وَهَٰذَا بَعۡلِي شَيۡخًاۖ إِنَّ هَٰذَا
لَشَيۡءٌ عَجِيبٞ ﴿٧٢﴾ قَالُوٓاْ أَتَعۡجَبِينَ مِنۡ أَمۡرِ ٱللَّهِۖ رَحۡمَتُ ٱللَّهِ
وَبَرَكَٰتُهُۥ عَلَيۡكُمۡ أَهۡلَ ٱلۡبَيۡتِۚ إِنَّهُۥ حَمِيدٞ مَّجِيدٞ ﴿٧٣﴾

ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر (ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (ئاللاھقا) يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر»[50]. «ئى قەۋمىم! مەن تەبلىغ ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر سورىمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟»[51] «ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار»[52]. ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزۈڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز[53]. بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز» ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن [54]، قېنى ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار[ 55]. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ

پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (ئادىل بولۇپ، ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ) [56]. ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (يۈز ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ ماڭا زىيىنى يوق)، سىلەرگە مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم (پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر)، پەرۋەردىگارىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، (شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[57]. بىزنىڭ (ئازابلاش) بۇيرۇقىمىز كەلگەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق[58]. ئەنە شۇ ئاد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (ھەققە قارشىلىق قىلىپ جېدەللەشكۈچى) نىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى[59]. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىندى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھۇد قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن[60]. سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى

زېمىندا تۇرغۇزدى، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر»[61]. ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز» دېيىشتى[62]. سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (پەيغەمبەرلىك) گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھقا قارشىلىق قىلسام، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (مېنى ئۆزۈڭلارغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىش بىلەن) ماڭا پەقەت زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلالمايسىلەر[63]. ئى قەۋمىم! بۇ ئاللاھ (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى ئاللاھنىڭ زېمىنىغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارى ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات يېقىندا كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ»[64]. ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، سالىھ ئېيتتى: «ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس»[65]. بىزنىڭ (ئازاب قىلىش) ئەمرىمىز كەلگەندە، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن شۇ كۈننىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر[66]. زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز

يۈزلەندى - دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى[67]. گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك) بولۇپ قالدى، بىلىڭلاركى، سەمۇد پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد ھالاك بولسۇن[68]. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «مەنمۇ سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى[69]. ئۇلارنىڭ (پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خوش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق» دېدى[70]. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق[71]. ئۇ (سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى[72]. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرگە (ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى[73].

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** بۇ قىسسە، ئاللاھ تەئالا بۇ مۇبارەك سۈرىدە بايان قىلغان قىسسىلەرنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاد بىلەن بولغان قىسسىسىدۇر. ئاللاھ تەئالا بۇ قىسسە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ سۈرە «ھۇد سۈرىسى» دەپ ئاتالغان. ئاندىن ئاللاھ تەئالا سەمۇد قەۋمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى، بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ئۈچىنچى قىسسىدۇر. ئاخىرىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشى زىكىر قىلىنىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بولسا، بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان تۆتىنچى قىسسىدۇر.

**تەپسىرى:** 50. ئاد قەبىلىسىگىمۇ شۇ قەبىلىدىن بولغان ھۇدنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنى بىر دەپ بىلىڭلار، ئىلاھلار ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن پەقەت ئاللاھقا يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر. چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھ يوقتۇر.» 51. «ئى قەۋمىم! مەن نەسىھەت ۋە تەبلىغىم ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر سورىمايمەن ۋە ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، بۇنىڭدىن غاپىل بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ھېچقانداق بىر ھەق تەلەپ قىلماستىن سىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرغان كىشىنىڭ، سىلەر

ئۇچۇن ئىشەنچلىك بىر نەسىھەتچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسىلەر؟» بۇ سوئال ئىنكار قىلىش ۋە كايىشنى ئىپادىلەيدۇ. 52. «ئى قەۋمىم! ئىنكار قىلىش ۋە شېرىك كەلتۈرۈشتەك گۇناھىڭلار تۈپەيلى پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئىتائەت قىلىش، دىنى ئۈستىدە توغرا يولدا مېڭىش، ئىمان ئېيتىش ۋە بىر دەپ بىلىش، مەھكەم ئېسىلىش بىلەن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.» رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇدا ئۈچ يىل ئاد قەۋمىگە يامغۇر ياغدۇرۇلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تاس قالغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشكە ئەمر قىلغان ھەمدە شۇنداق قىلغان تەقدىردە، ئاللاھنىڭ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. بۇ ئايەتتە تەۋبە قىلىش ۋە مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ۋە يامغۇر يېغىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا دەلىل بار. ھۇد ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئېخىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەرنى شەرەپ ئۈستىگە شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ.» مۇجاھىدقا كۆرە، «سىلەرگە قۇۋۋەت ئۈستىگە قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.» دەرۋەقە ئاد قەۋمى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇۋۋەتلىك ئىدى. ھەتتا ئۇلار: «كۈچ - قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېگەنىدى. «سىلەر جىنايەت ۋە گۇناھقا چۆمگەن ھالدا مېنىڭ دەۋىتىمدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار.» 53. ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە ئۆزۈڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ.» ئالۇسىغا كۆرە،

ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى سەركەشلىكلىرى ياكى ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان كور بولغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكەندى. سەن شۇنداق دېگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا بىز بۇتلىرىمىزنى تەرك ئېتىپ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشەنمەيمىز. بۇ، ئۇلارنىڭ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرىدىغانلىقلىرىغا دائىر ھېچقانداق بىر ئۈمىدنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامغا «ساراڭ» دەپ بوھتان چاپلاپ مۇنداق دېيىشتى: 54 ـ 55. بىز پەقەت بۇتلىرىمىزنى سۆككەنلىكىڭ ۋە بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىزغا توسالغۇ بولۇشقا ئۇرۇنغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز. بۇ ھەقتە زەمەخشەري مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاد قەۋمى ناھايىتى قوپال، باغرى قاتتىق بىر قەۋم بولۇپ، نەسىھەتكە قۇلاق سالمايتتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى توغرىنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئاخىرقى سۆزلىرىمۇ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى جاھىل ۋە ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار تاشلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.» ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن. ئى قەۋمىم! سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامەن، سىلەر ۋە ئىلاھلىرىڭلار بىرلىكتە مېنى يوقىتىش ئۈچۈن ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ئاندىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولسىمۇ ماڭا قىلچە مۆھلەت بەرمەڭلار.» ئەبۇسسۇئۇدقا كۆرە، بۇ ئەڭ چوڭ

مۆجىزىلەردىندۇر. چۈنكى ھۇد ئەلەيھىسسالام تەكەببۇر، قوپال ۋە خۇيى - پەيلى يامان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئاد قەۋمى ئارىسىدا پەرقلىق بىرلا كىشى ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئىلاھلىرىنى ئەيىبلەش بىلەن ئۇلارنى كەمسىتتى ۋە ئۆزىگە قارشى چىقىشقا تەشۋىق قىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمىدى. بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چارىسىز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بىرلا كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىشى ۋە ھەممىسى ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشۋاتقان بىر جەمئىيەتكە قارشى بۇنداق گەپلەرنى قىلىشى، ئەڭ چوڭ مۆجىزىلەردىندۇر. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلاتتى ھەمدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنى ئۇلاردىن قوغدايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: ‹سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار› .» 56. شۈبھىسىزكى، مەن ھەم مېنىڭ ھەم سىلەرنىڭ ساھىبىڭلار بولغان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە بارلىق ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا ۋە قۇدرىتى ئاستىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ ئاللاھ تائالا پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ساھىبى ۋە تەسەررۇپ قىلغۇچىسىدۇر. بۇ جۈملە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىشقا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغانلىقى ۋە مەخلۇقاتلارغا پىسەنت قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىزاھات بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ئادىل بولۇپ، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانلىق

قىلغۇچىلارغىمۇ قىلمىشىغا لايىق رەۋىشتە جازا بېرىدۇ، كەم - زىيادە قىلىش بىلەن هېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ. 57. ئەگەر سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلەر، ئى قەۋمىم! شۇنى بىلىڭلاركى، يۈز ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ ماڭا زىيىنى يوق، مەن سىلەرگە پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىك ئەمرىنىلا يەتكۈزدۈم، دەرۋەقە پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاهنىڭ ئەمرىنى تەبلىغ قىلىشتۇر، ئاللاه تائالا سىلەرنى هالاك قىلىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ بىر قاتتىق ئاگاهلاندۇرۇشتۇر. شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئاللاهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەرۋەردىگارىم هەقىقەتەن هەربىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. پەرۋەردىگارىم ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشىڭلار ۋە تۇزاقلىرىڭلاردىن مېنى قوغدايدۇ. 58. بىزنىڭ ئازابىلاش بۇيرۇقىمىز كەلگەندە، هۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بوران - چاپقۇندىن مەرهەمەت ۋە ئېهسان قىلىپ قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق. بۇ ئازاب، بىنالىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، دۈشمەنلەرنىڭ بۇرۇنلىرىدىن كىرىپ، ئارقا تەرەپلىرىدىن چىققان ۋە ئۇلارنى ئۆز ماكانلىرىدا هالاك قىلىپ، خۇددى خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقۇزۇپ قويغان دەهشەتلىك بوراندۇر. 59. بۇ ئۇلارنىڭ خارابىلىكلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ. مانا بۇلار، ئاد قەۋمى ئىچىدىكى هەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ خارابىلىكلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاه تائالانى ۋە ئۇنىڭ يېگانە ئىلاه ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىچكى - تاشقى دەلىللەرنى ئىنكار قىلغان چاغدا، باشلىرىغا قانداق مۇسىبەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىگە نەزەر

تاشلىغىن. ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئاسىيلىق قىلدى. بۇ يەردە ئالماشنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى تەرىقىسىدە كېلىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋە پۈتۈنلەي كۇفرى ۋە ئىنكارچىلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ، ھۇد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاسىيلىق قىلىش بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىش مەسىلىسىدىكى قارىشى ئوخشاش. ئۇلار ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، ئاللاھ تائالاغا قارشى ھاكاۋۇرلۇق قىلغان، ھەقتىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ئاللاھقا باش ئەگمىگەن ۋە ئەمر - پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلمىغان، ھەققە قارشىلىق قىلىپ جېدەللەشكۈچى كىشىلەرگە ئىتائەت قىلدى ۋە بۇيرۇقىغا ئەگەشتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە باشلىقلىرىدۇر. 60. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىنىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ. رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ لەنەت قىلىنىدۇ. لەنەت ئۇلارغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. ‹لەنەت، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ› .» بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى. دەرۋەقە ئۇلار ئاللاھ تائالادىن باشقىغا چوقۇنىدى ھەمدە پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە مەھكۇم قىلىندى. بۇ، ئۇلارنىڭ ھەققى

ئىنكار قىلىشلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ۋەقەنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ ھۇد قەۋمى بولغان ئادنى ياخشىلىقتىن يىراق قىلسۇن ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن. بۇ، ئۇلارنىڭ يوقىلىشى ۋە لەنەت قىلىنىشى ئۈچۈن بىر بەددۇئا جۈملىسىدۇر. 61. سەمۇد قەۋمىگىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشىڭلارغا تېگىشلىك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (تۇپراقتىن) ياراتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى بىر تامچە سۇدىن ئىبارەت بولغان جانسىز ئابىمەنىدىن ياراتتى، سىلەرنى يەر يۈزىدە تۇرغۇزۇپ، زېمىننىڭ خوجايىنلىرى ۋە ئاھالىسى قىلدى. شۇڭا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمىتى ھەقىقەتەن يېقىندۇر، ئۇ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.» 62. ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا بىزنىڭ باشلامچىمىز بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق، لېكىن سەن بۇنداق گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، سەندىن ئۈمىدىمىز ئۈزۈلدى. ئى سالىھ! بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك - شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز، سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭ ھەقىقەتەنمۇ گۇمان تۇغدۇرىدىغان بىر ئىش» دېيىشتى. 63. سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم!

ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (پەيغەمبەرلىك)گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھقا قارشىلىق قىلسام، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ مېنى ئۆزۈڭلارغا ئەگىشىش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن ماڭا پەقەت زىياندىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايسىلەر.» زەمەخشەرىيگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سىلەر شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەمەللىرىمنىڭ بىكار قىلىنىشىغا سەۋەب بولسىلەر ۋە مېنى زىيانغا ئۇچرىتىسىلەر، خالاس.» 64. ئى قەۋمىم! بۇ چىشى تۆگە مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن مۆجىزەم ۋە ئۇنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. «ئاللاھنىڭ تۆگىسى» تەرىقىسىدە تۆگىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىنىشى، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى تۆگە ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر قورام تاشنىڭ ئىچىدىن چىققانىدى. ئۇنىڭغا رىزىق بېرىش سىلەرگە ئائىت ئىش ئەمەس، شۇڭا ئۇنى ئاللاھقا ئائىت بولغان زېمىنغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر شەكىلدە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات يېقىندا كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ. ئاندىن سىلەرگە قىلچە مۆھلەت بېرىلمەيدۇ. 65. ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، سالىھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «شەھىرىڭلاردا ھاياتلىقتىن ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار، ئاندىن سىلەر ھالاك بولىسىلەر.» قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «چىشى تۆگىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بوغۇزلىدى، ئەمما باشقىلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغانلىقى

ئۈچۈن، بۇنىڭ جىنايىتى ھەممىسىگە نىسبەت بېرىلدى. چىشى تۆگە چارشەنبە كۈنى بوغۇزلاندى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولسا پەيشەنبە، جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرى ياشىدى. دۈشەنبە كۈنى ئازاب كېلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدى.» دېمەك بۇ، يالغاندىن خالىي ھەقىقىي ۋەدىدۇر. 66. بىزنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا دائىر ئەمرىمىز كەلگەندە، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى قۇتقۇزدۇق، توغرىراقى، ئۇلار ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز رەھمىتى ۋە ئېھسانى بىلەن قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ خورلۇقى ۋە شەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئازاب قىلىشتا كۈچلۈك ۋە سەلتەنىتىدە غالىبتۇر، ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھېچكىم ئۇنى يېڭەلمەيدۇ. 67. ئۇلارغا ئاسماندىن قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى ـ دە، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى يېرىلىپ، كۆكرەكلىرى يەرگە چاپلىشىپ قالغان قۇشلاردەك قېتىپ قالدى. 68. گويا ئۇلار يۇرتلىرىدا ھېچ تۇرمىغاندەك ۋە تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك بولۇپ قالدى. ئى قەۋمىم! ئاگاھ بولۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سەمۇد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن. ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلسۇن، ھالاك بولسۇن ۋە لەنەتكە يولۇقسۇن. 69. بۇ تۆتىنچى قىسسىدۇر. بۇ، لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك قىسسىدۇر. يەنى، بىزنىڭ لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىز (پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا ئىسھاق توغرۇلۇق خۇش خەۋەر

ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا لۇت قەۋمىنى ئازابلاش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن چاغدا، پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مېھمان دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇلار جىبرىئىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل ئىدى.» بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «سۈددىنىغا كۆرە، ئۇلار خۇشچىراي ئوغۇل سۈرىتىدىكى 11 پەرىشتە ئىدى.» ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېۋىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ: «سىلەرگىمۇ ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇلارنىڭ سالىمىدىنمۇ ياخشىراقى بىلەن سالام بەرگەن. چۈنكى ئۇ سالامنى ئىسىم جۈملىسى ئىشلىتىپ ئىلىك ئالغان. دەرۋەقە، ئىسىم جۈملىسى ھەمىشە مەۋجۇت بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ.» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. بۇ ھەقتە زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مال - مۈلكى ئىنەك ئىدى. ئۇنىڭ پىشۇرۇپ ئەكەلگىنى سېمىز بىر موزاي بولۇپ، مۇنۇ ئايەتمۇ بۇنىڭ شۇنداقلىقىنى كۆرسىتىدۇ: ‹شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى› .»

70. پەرىشتىلەرنىڭ تاماققا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى ۋە يېمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەردە، ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلگەندە، مېھمان ئۇلارنىڭ تاماقلىرىدىن يېمىسە، ‹ئۇ چوقۇم ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەن، يامانلىق قىلىش نىيىتى بىلەن كەلگەن› دەيدىغان بىر

ئادەت بار ئىدى.» پەرىشتىلەر: «قورقمىغىن، بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق» دېدى. 71. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارە ئىسىملىك ئايالى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىڭشاۋاتاتتى، لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ كۈلدى، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىسھاق ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان ياقۇب ئاتلىق نەۋرىسى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى. دەرۋەقە ئىسھاق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارەدىن بولغان ئوغلى ئىدى. 72. سارە ھەيرانلىق ئىلكىدە: «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ! ھازىرغىچە بۇنداق ئىش كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇرسا!» دېدى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدا سارە 99 ياشتا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا 120 ياشتا ئىدى.» 73. پەرىشتىلەر: «ياشىنىپ قالغان ئەر - ئاياللاردىن پەرزەنت يارىتالايدىغانلىقى مەسىلىسىدە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتىدىن ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. ئى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى! ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرگە نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن پۈتكۈل سۈپەتلىرىدە ۋە ئالىي زاتىدا مەدھىيەلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى. بۇ يۇقىرىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ گۈزەل سەۋەبىدۇر.

**ئىلاۋە:** ھۇد ئەلەيھىسسالام «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى ۋە سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەن» دېمەستىن، «مەن ئاللاھنى گۇۋاھ

قىلىمەن، سىلەرمۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھ بولۇڭلار» دېدى. ئىككى گۇۋاھلىقنىڭ ئورتاق ئەمەسلىكى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭلىك يوقلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇنداق دېدى. ئۇنداقتا، ھەممىگە قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئاجىز بەندىنىڭ گۇۋاھلىقى قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟!

فَلَمَّا ذَهَبَ عَنۡ إِبۡرَٰهِيمَ ٱلرَّوۡعُ وَجَآءَتۡهُ ٱلۡبُشۡرَىٰ يُجَٰدِلُنَا
فِي قَوۡمِ لُوطٍ ﴿٧٤﴾ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّٰهٞ مُّنِيبٞ ﴿٧٥﴾ يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ
أَعۡرِضۡ عَنۡ هَٰذَآۖ إِنَّهُۥ قَدۡ جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ وَإِنَّهُمۡ ءَاتِيهِمۡ
عَذَابٌ غَيۡرُ مَرۡدُودٖ ﴿٧٦﴾ وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ
بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗا وَقَالَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَصِيبٞ ﴿٧٧﴾ وَجَآءَهُۥ
قَوۡمُهُۥ يُهۡرَعُونَ إِلَيۡهِ وَمِن قَبۡلُ كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ
قَالَ يَٰقَوۡمِ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِي هُنَّ أَطۡهَرُ لَكُمۡۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَلَا تُخۡزُونِ فِي ضَيۡفِيٓۖ أَلَيۡسَ مِنكُمۡ رَجُلٞ رَّشِيدٞ ﴿٧٨﴾ قَالُواْ
لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنۡ حَقّٖ وَإِنَّكَ لَتَعۡلَمُ مَا
نُرِيدُ ﴿٧٩﴾ قَالَ لَوۡ أَنَّ لِي بِكُمۡ قُوَّةً أَوۡ ءَاوِيٓ إِلَىٰ رُكۡنٖ
شَدِيدٖ ﴿٨٠﴾ قَالُواْ يَٰلُوطُ إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَن يَصِلُوٓاْ إِلَيۡكَۖ
فَأَسۡرِ بِأَهۡلِكَ بِقِطۡعٖ مِّنَ ٱلَّيۡلِ وَلَا يَلۡتَفِتۡ مِنكُمۡ أَحَدٌ
إِلَّا ٱمۡرَأَتَكَۖ إِنَّهُۥ مُصِيبُهَا مَآ أَصَابَهُمۡۚ إِنَّ مَوۡعِدَهُمُ ٱلصُّبۡحُۚ
أَلَيۡسَ ٱلصُّبۡحُ بِقَرِيبٖ ﴿٨١﴾ فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا جَعَلۡنَا عَٰلِيَهَا
سَافِلَهَا وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهَا حِجَارَةٗ مِّن سِجِّيلٖ مَّنضُودٖ ﴿٨٢﴾

مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَۖ وَمَا هِيَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ بِبَعِيدٖ ٨٣
۞وَإِلَىٰ مَدۡيَنَ أَخَاهُمۡ شُعَيۡبٗاۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا
لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥۖ وَلَا تَنقُصُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ وَٱلۡمِيزَانَۖ إِنِّيٓ
أَرَىٰكُم بِخَيۡرٖ وَإِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ عَذَابَ يَوۡمٖ مُّحِيطٖ ٨٤
وَيَٰقَوۡمِ أَوۡفُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَلَا تَبۡخَسُواْ
ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ٨٥ بَقِيَّتُ
ٱللَّهِ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم
بِحَفِيظٖ ٨٦ قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ أَصَلَوٰتُكَ تَأۡمُرُكَ أَن نَّتۡرُكَ
مَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَآ أَوۡ أَن نَّفۡعَلَ فِيٓ أَمۡوَٰلِنَا مَا نَشَٰٓؤُاْۖ إِنَّكَ
لَأَنتَ ٱلۡحَلِيمُ ٱلرَّشِيدُ ٨٧ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ
عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَرَزَقَنِي مِنۡهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَمَآ أُرِيدُ
أَنۡ أُخَالِفَكُمۡ إِلَىٰ مَآ أَنۡهَىٰكُمۡ عَنۡهُۚ إِنۡ أُرِيدُ إِلَّا ٱلۡإِصۡلَٰحَ
مَا ٱسۡتَطَعۡتُۚ وَمَا تَوۡفِيقِيٓ إِلَّا بِٱللَّهِۚ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ
أُنِيبُ ٨٨ وَيَٰقَوۡمِ لَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شِقَاقِيٓ أَن يُصِيبَكُم مِّثۡلُ
مَآ أَصَابَ قَوۡمَ نُوحٍ أَوۡ قَوۡمَ هُودٍ أَوۡ قَوۡمَ صَٰلِحٖۚ وَمَا
قَوۡمُ لُوطٖ مِّنكُم بِبَعِيدٖ ٨٩ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ
إِلَيۡهِۚ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٞ وَدُودٞ ٩٠ قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ مَا نَفۡقَهُ كَثِيرٗا
مِّمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَىٰكَ فِينَا ضَعِيفٗاۖ وَلَوۡلَا رَهۡطُكَ
لَرَجَمۡنَٰكَۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡنَا بِعَزِيزٖ ٩١ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَهۡطِيٓ
أَعَزُّ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَٱتَّخَذۡتُمُوهُ وَرَآءَكُمۡ ظِهۡرِيًّاۖ إِنَّ
رَبِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ٩٢ وَيَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ

إِنِّي عَٰمِلٞۖ سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ وَمَنۡ
هُوَ كَٰذِبٞۖ وَٱرۡتَقِبُوٓاْ إِنِّي مَعَكُمۡ رَقِيبٞ ﴿٩٣﴾ وَلَمَّا جَآءَ
أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا شُعَيۡبٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا
وَأَخَذَتِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيۡحَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ
جَٰثِمِينَ ﴿٩٤﴾ كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ أَلَا بُعۡدٗا لِّمَدۡيَنَ كَمَا
بَعِدَتۡ ثَمُودُ ﴿٩٥﴾ وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ
مُّبِينٍ ﴿٩٦﴾ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱتَّبَعُوٓاْ أَمۡرَ فِرۡعَوۡنَۖ
وَمَآ أَمۡرُ فِرۡعَوۡنَ بِرَشِيدٖ ﴿٩٧﴾ يَقۡدُمُ قَوۡمَهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
فَأَوۡرَدَهُمُ ٱلنَّارَۖ وَبِئۡسَ ٱلۡوِرۡدُ ٱلۡمَوۡرُودُ ﴿٩٨﴾ وَأُتۡبِعُواْ فِي
هَٰذِهِۦ لَعۡنَةٗ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ بِئۡسَ ٱلرِّفۡدُ ٱلۡمَرۡفُودُ ﴿٩٩﴾

ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى[74]. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر[75]. (پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنى (لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ»[76]. بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (پەرىشتىلەر) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار

توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر دىشۋار كۈنىدۇر» دېدى[77]. لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنىلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (لىۋاتە قىلاتتى). لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟»[78]. ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن. ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (ئايالىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى[81]. بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىر ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق[82]. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملار (قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس[83]. مەديەن (ئەھلى)گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى

شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (قىيامەت كۈنى)نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن[84]. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار[85]. ئاللاھ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار. مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن»[86]. ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (دىنىڭ) سېنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن - دە» دېدى[87]. شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن[88]. ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ

ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار)دىن يىراق ئەمەس[89]. پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر»[90]. ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى[91]. شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم -قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر ئاللاھنى ئارقاڭلارغا چۆرىۋەتتىڭلار (ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلىمىدىڭلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر[92]. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن»[93]. بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۈزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە

ئۆلتۈرۈلگەن پېتى قېتىپ قالدى[94]. گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۈرمىغانىدەك (ياشىمىغانىدەك) بولۇپ قالدى. مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغانىدەك ھالاك بولسۇن![95]

بىز مۇسانى ھەقىقەتەن ئايەتلىرىمىز (ئاللاھتىن نازىل بولغان دىنىي ئەھكاملار) ۋە روشەن دەلىللەر (مۆجىزىلەر) بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق[96]. ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى[97]. پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان![98] ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان![99]

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئايەتلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ مېھمانلار لۇت قەۋمىنى ھالاك قىلىشقا كېتىۋېتىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، بالىسى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن پەرىشتىلەردۇر. ئايەتلەر پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازاب ۋە ھالاكەت توغرۇلۇق يەتكۈزگەن خەۋىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ بەشىنچى قىسسىدۇر. ئاخىرىدا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ مەديەن خەلقى بىلەن بولغان قىسسىسى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ قىسسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى چوڭ

ئىبرەتلەر ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر بار.

**تەپسىرى:** 74. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مېھمانلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇققان، ئۆزىدە ھېس قىلغان قورقۇنچ يوقىلىپ، مېھمانلىرىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغان ھەمدە بالىسى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشى توغرىسىدا پەرىشتىلىرىمىز بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى. مەقسىتى، «بەلكىم ئىمان ئېيتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنى كېچىكتۈرۈش ئىدى. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەر: ‹بىز بۇ شەھەر ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز› دېۋىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ‹سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 50 نەپەر مۇسۇلمان بار تۇرسا، يەنىلا ئۇلارنى ھالاك قىلامسىلەر؟› دېۋىدى، پەرىشتىلەر: ‹ياق› دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇنداقتا 50 نەپەر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟› دېدى. پەرىشتىلەر: ‹ئۇلارغا ھېچنېمە بولمايدۇ› دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەر بىلەن ئەنە شۇ يوسۇندا مۇنازىرىلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. نىھايەت، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ‹ئەگەر ئۇ يەردە پەقەت بىرلا مۇسۇلمان بولسا، يەنىلا ئۇنى ھالاك قىلامسىلەر؟› دېۋىدى، پەرىشتىلەر: ‹ياق› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم: ‹ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ (لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟)› دېدى. پەرىشتىلەر ئېيتتى: ‹بۇ شەھەردە بار كىشىلەرنى بىز (لۇتنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى)

ئوبدان بىلىمىز، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىدىن باشقا كىشىلىرىنى ئەلۋەتتە قۇتۇلدۇرىمىز، پەقەت ئايالى (كۇفرىدا قەۋمىگە ھەمنەپەس بولغانلىقى ئۈچۈن) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىدۇ›.» 75. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى - كۆكسى كەڭ (ئۆزىگە يامانلىق قىلغۇچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىش مەسىلىسىدە ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايدىغان)، دىلى يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ھەسرەت - نادامەت ۋە ئاھ چەككۈچى، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت ۋە ئىنائەت قىلغۇچى زاتتۇر. 76. پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارنى ئازابلاش ۋە ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشۈۋاتىدۇ.» 77. پەرىشتىلەر لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، لۇت تەشۋىشلىنىشكە ۋە يۈرىكى سىقىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ پەرىشتىلەرنى ئىنسان سۈرىتىدە كۆردى ۋە ئەخلاقسىز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئازابلانغان ھالدا: «بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر» دېدى. 78. لۇتنىڭ قەۋمى مېھمانلارغا چېقىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، گويا ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ئىنتىرىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، دەرۋەقە ئىلگىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئەرلەر بىلەن لىۋاتە قىلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا لىۋاتە قىلىش مەقسىتىدە ئالدىراپ كېلىشتىن قىلچە خىجىل بولمىدى. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئالدىراپ كېلىشلىرىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر ئايالى مېھمانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ

شۇنداق چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ھامان ئۆيدىن چىقىپ، قەۋمىنىڭ سورۇنىغا بېرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ‹بۇ كېچە لۇتنىڭ شۇنداق ياش مېھمانلىرى باركى، مەن ئۇلاردەك چىرايلىق كىشىلەرنى ھېچ كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن.› ئۇلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىشتى.» لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئەنە قاراڭلار، بۇلار بۇ شەھەرنىڭ قىزلىرى بولىدۇ، مەن سىلەرنى ئۇلار بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ قوياي، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پاكتۇر، ئەڭ ياخشىدۇر.» ھەر بىر پەيغەمبەر شەپقەت ۋە تەربىيە بابىدا ئۆز ئۈممىتىنىڭ ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈممىتىنىڭ خانىم - قىزلىرىغا «قىزلىرىم» دەپ خىتاب قىلاتتى، لۇت ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ئەنئەنىگە ئاساسەن بۇ يەردە شۇنداق خىتاب قىلغان. لۇت ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىمنىڭ يېنىدا مېنى رەسۋا قىلماڭلار.» بۇ سوئال ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى «ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟» 79. قەۋمى لۇت ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئاياللارغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، چۈنكى بىزنىڭ ئۇلارغا كۆڭلىمىز يوق. شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن.» ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئەرلەر بىلەن جىنسىي ئالاقە (لىۋاتە) قىلىش ئىدى. ئۇلار نىجىس مەقسەتلىرىنى لۇت ئەلەيھىسسالامغا قىلچە تەپتارتماستىن ھاياسىزلارچە ئېيتىشتى. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! 80. لۇت ئېيتتى: «كاشكى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىڭلارنى ئۇلاردىن دەپئى قىلالىغۇدەك كۈچ -

قوۋۇنتىم، ياكى سىلەرگە قارشى ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغان كۈچلۈك جەمەتىم ۋە ياردەمچىلىرىم بولسا ئىدى...» بۇ يەردە شەرتنىڭ جاۋابى قىسقارتىلغان. يەنى «چوقۇم سىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھالاك قىلغان بولاتتىم.» ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قېرىندىشىم لۇتقا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي! ئۇ كۈچلۈك بىر ياردەمچىگە ئىلتىجا قىلغانىدى.» رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئەسلىدە مۇنداق دېمەكچىدى: «ئاللاھ ئۇنىڭ بىردىنبىر ياردەمچىسى ۋە مەدەتكارى ئىدى. جۈملىدىن ئاللاھ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ساغلام تايانچ كۈچى ئىدى.» قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە بايان قىلىنىشىچە، ئاللاھ تەئالا لۇت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەن.» ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىز ۋە ياردەمچىسىز ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: 81. «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە يامانلىق قىلالمايدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكىن.» تەبەرىگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «كېچىنىڭ ئاخىرىدا سەن ۋە ئائىلەڭدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكىن.» پەرىشتىلەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (ئايالىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر.» ۋەتىنىدىن ئايرىلغانلىقلىرى تۈپەيلى كۆڭلى

يېرىم بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا قارىشى مەنئى قىلىنغانىدى. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئازابنىڭ دەھشەت بىلەن گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئارقىسىغا قاراپ، ‹ئېھ قەۋمىم› دېدى. دەل شۇ چاغدا بىر تاش كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى.» پەرىشتىلەر: «شۈبھىسىزكى، قەۋمىڭگە چۈشىدىغان ئازاب، ئايالىڭغىمۇ چۈشىدۇ، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان ۋە ھالاك قىلىنىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر. تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى. مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: «قەۋمى مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، لۇتنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، لۇت ئەلەيھىسسالام ئىشىكنى تاقىۋالدى ھەمدە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قەۋمى بىلەن تىركىشىپ، پەرىشتىلەرنى قوغداشقا تىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن قەۋمى تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى. پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ‹ئى لۇت! ئىشىكلەرنى ئاچقىن، بىزنى ئۇلار بىلەن يالغۇز قويغىن› دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئىشىكلەرنى ئاچتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قانىتى بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇۋىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى، ئۇلار: ‹بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار! ئادەم بارمۇ؟› دېگىنىچە كەينىگە داجىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ‹ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق.» ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالام تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە بولغانلارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئاللاھ تەئالا جىبرىئىل

ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا بۇيرىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى شەھەرلىرى ۋە يۇرتلىرى بىلەن قوشۇپ، يەر يۈزىدىن ئۈزۈپ ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈردى ھەمدە شەھەرلەرنى ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاسمانغا شۇنچىلىك يېقىنلاشتۇردىكى، ھەتتا ئاسمان ئاھالىسى خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىنىمۇ ئاڭلىدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام شەھەرلەرنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇردى.» بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: 82. بىزنىڭ ئۇلارنى جازالاشقا دائىر ئەمرىمىزنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىگە بىز ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. تاشلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە قاتتىق يېغىشى تۈپەيلى، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى يامغۇرغا ئوخشاتتى. 83. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى. رەبىئگە كۆرە، ھەر بىر تاشنىڭ ئۈستىگە تاش ئېتىلىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى يېزىقلىق ئىدى. قۇرتۇبىغا كۆرە، «پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا» ئىپادىسى، تاشلارنىڭ يەر يۈزىدىكى تاشلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەر يۈزىدىن يوق قىلىنغان ئەنە شۇ يۇرتلار قۇرەيش كاپىرلىرىدىن يىراق ئەمەس. چۈنكى قۇرەيشلەر سەپەر قىلغانلىرىدا ئەنە شۇ شەھەرلەردىن ئۆتىدۇ. سىلەر يەنىلا ئىبرەت ئالماسسىلەر؟ مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ ئورنى «ئۆلۈك دېڭىز» دەپ ئاتىلىدىغان تۇزلۇق بىر دېڭىز بولۇپ، سۇلىرىدىن جانلىقلاردىن ھېچبىرى پايدىلىنالمايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئۇ جاي

«لۇت كۆلى» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئەتراپى قاقاسلىق چۆل بولۇپ، ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيدۇ. 84. بۇ قىسسە بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ئالتىنچى قىسسىدۇر. يەنى، بىز مەديەن ئەھلىگىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، شۇئەيب مەديەن ئەھلى بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تەئالا «ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيب» دېگەن. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! پەقەت يەككە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار.» شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بېرىش بىلەن نام چىقارغانىدى. «مەن سىلەرنى ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بېرىشكە ئېھتىياجىڭلار چۈشمەيدىغان دەرىجىدە باي ھېسابلايمەن.» قۇرتۇبىغا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «مەن سىلەرنى رىزىقىڭلار كەڭ، سىلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەر مول ھېسابلايمەن.» شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (قىيامەت كۈنى)نىڭ ھالاك قىلغۇچى ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن. چۈنكى ئۇ ئازابتىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ.» 85. ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولۇڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار. چۈنكى بۇ قاتتىق گۇناھتۇر. 86. ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولغىنىڭلاردىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق، سىلەر يىغقان

ھارامدىن ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ۋە ئازابىغا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار. مۇجاھىدقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر.» مەن ئەمەللىرىڭلارنى خاتىرىلەپ، بۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغان كۆزەتكۈچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت نەسىھەت قىلغۇچى ۋە تەبلىغ قىلغۇچىمەن، خالاس. ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلار جاۋابكارلىقتا تارتىلمايدۇ. 87. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرمەي ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغان چاغدا، ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ ۋە كەمسىتىپ مۇنداق دېيىشتى: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ سېنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى(بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى، يەنى ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بېرىشنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ بۇ ئەقىللىق كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.» فەخرۇر رازى مۇنداق دەيدۇ: «شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىككى ئىشقا، يەنى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش، ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرمەسلىككە بۇيرۇدى. ئۇلار بولسا مۇنۇ ئىككى مەسىلە توغرىلىق شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئەيىبلىدى. بىرىنچىسى، ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ئەمرىگە قارىتا، «ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (بۇتلارنى) تاشلىۋېتەمدۇق؟» دېدى، «ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار» دېگەن ئەمرىگە قارىتا، «ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىمىز» دېدى. بۇ يەردە نامازدىن

مەقسەتنىڭ «دىن» بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: «سېنىڭ دىنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟» دېگەن بولىدۇ. دەرۋەقە ناماز دىنىنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، دىن «ناماز» دەپ ئاتالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆپ ناماز ئوقۇيتتى، قەۋمى ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتانلىقىنى كۆرگەن ھامان، ئۆزئارا كۆز قىسىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار: «سېنىڭ دىنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟» دەپ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلدى ھەم كەمسىتتى. بۇ خۇددى سىزنىڭ ئالجىغان بىر كىشىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتانلىقىنى، كېيىن قالايمىقان گەپلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، «بۇ ئادەم كۆپ كىتاب ئوقۇپ، قالايمىقان گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟» دېگىنىڭىزگە ئوخشايدۇ. قەۋمى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا يەنە مۇنداق دېدى: «سەن ناھايىتى ئەقىللىق، تازىمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن - دە.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىشتى، ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتىمۇ، دەل شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ۋە كەمسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار شۇنداق دېيىش ئارقىلىق، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان جاھىل ۋە دۆت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى ئىدى. 88. شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (پەيغەمبەرلىك، ھىدايەت) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق

قىلامدىم؟» شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ مال - مۈلكى يوق ئىدى. زەمەخشەرىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئېيتىلمىغان بولۇپ، جاۋابنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەنىدە يوشۇرۇنغان. يەنى، «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن ۋە قەتئىي دەلىللەرنى بەرگەن، ماڭا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىشڭلارنى ۋە گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈشۈڭلارنى ئېيتماي تۇرالايمەن؟ ھالبۇكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۇرسا!» شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلىنغان نەرسىنى ئۆزۈممۇ قىلىشتىن مەنئى قىلىنغانمەن، مەن نېمىنى قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسام، سىلەرگىمۇ شۇنى قىلىشقا ئەمر قىلىمەن، مەن سىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە مەنئى قىلغان ئىشلاردا، پەقەت سىلەرنى قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە تەۋبە قىلىش ئارقىلىق پەقەت ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن». 89. ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا بولغان دۈشمەنلىكىڭلار، سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى دەھشەتلىك دولقۇنلار ئارقىلىق، ھۇدنىڭ قەۋمى شامال ئارقىلىق، سالىھنىڭ قەۋمى يەر تەۋرەش ئارقىلىق دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. ھەسەن بەسرىگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «سىلەرنىڭ ماڭا بولغان دۈشمەنلىكىڭلار، سىلەرنىڭ ئىمانىنى تەرك ئېتىشڭلارغا سەۋەب بولۇپ قالمىسۇن. ئاندىن كاپىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلىپ قالمىسۇن.» لۇت

قەۋمىنىڭ دىيارى سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىن ئانچە يىراق يەردە ئەمەس. سىلەر يەنىلا ۋەز - نەسىھەت ئالماسىلەر؟ 90. بارلىق گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە بىلەن يۈزلىنىڭلار، چۈنكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم تەۋبە بىلەن ئۆزىگە يۈزلەنگۈچىلەرگە ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە ئۇلارنى دوست تۇتقۇچىدۇر. 91. ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتىپ مۇنداق دېيىشتى: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز.» ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ھەددىستە بايان قىلىنىشىچە، قەۋمى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا پاساھەت - بالاغەت بابىدا تەڭداشسىز، ھېكمەتلىك، ۋەز - نەسىھەتلىك، تولۇق ئىلىم ۋە مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلىرىنى، مەنىسى چۈشىنىكسىز، نېمە ئۈچۈن ئېيتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان قالايمىقان گەپلەر دەپ قاراشتى.» ئۇلار يەنە مۇنداق دېيىشتى: «بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز، يەنى ئارىمىزدا سېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭ يوقتۇر، سېنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سېنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرمەيدىغانغا سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ۋە نوپۇزلۇق ئەمەسسەن.» 92. شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىم سىلەرگە ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟» بۇ ئۇلارنى ئەيىبلەشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى سىلەر ئاللاھ تەئالانى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئەمەس، قەۋم - قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن مېنى تەرك ئېتەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا مېنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىم ئاللاھتىنمۇ ئەتىۋارلىق ۋە قىممەتلىكمۇ؟»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرى ئاللاھتىنمۇ ئەزىز ئىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھنىڭ شەنى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋم - قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. ھالبۇكى ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەنى ئەڭ يۈكسەكتۇر.» شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەر ئاللاھنى خۇددى ھېچ قىممىتى يوق بىر نەرسىنى تاشلىۋەتكەندەك ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلىمىدىڭلار.» تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمىغان چاغدا: ‹ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى، يەنى ئۇنى تەرك ئەتتى، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى› دېيىلىدۇ». شۇئەيب ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر، ئۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيلى چوقۇم سىلەرنى جازالايدۇ.» 93. بۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. يەنى ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! بۇ ئايەتتە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام گويا مۇنداق دېمەكچىدەك قىلىدۇ: «سىلەر كۇفرى ۋە دۈشمەنلىكىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار، مەنمۇ مۇسۇلمانچىلىق ۋە سەۋر - تاقەتتە چىڭ تۇراي!» ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن. 94. بىزنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش

پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغان زالىملارغا قاتتىق ئاۋازدىن پەيدا بولغان زىلزىلە يۈزلەندى. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىغان ئىدى، روھلىرى بەدەنلىرىدىن چىقىپ كەتتى.» شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى. ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تەئالا بۇ سۈرىدە ئۇلارغا قاتتىق ئاۋازنىڭ، ئەئراف سۈرىسىدە قاتتىق زىلزىلەنىڭ، شۇئەرا سۈرىسىدە بولسا سايە كۈنىنىڭ ئازابىنىڭ يۈزلەنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار بىرلا ئۈممەت ئىدى، بىراق ئۇلارغا ئازاب كەلگەن كۈنى مەزكۇر ئازابلارنىڭ ھەممىسى ئۇلاردا مۇجەسسەم بولغان، ھەر بىرىدە، ئايەتتىكى بايانلارغا مۇناسىپ بولغانلىرى زىكىر قىلىنغان.» 95. گويا ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆيلىرىدە (يۇرتلىرىدا) ھېچ ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى. تەبەرى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا مەديەن ئاھالىسىنى باشلىرىغا مۇسىبەت كەلتۈرۈش بىلەن رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇردى، ئۇلاردىن ئىلگىرىمۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغانلىقى ئۈچۈن، سەمۇد قەۋمىنىمۇ ئىلاھىي رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرغانىدى». 96 ـ 97. بۇ يەتتىنچى قىسسە بولۇپ، بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز مۇسانى ھەقىقەتەن شەرئىي قانۇنلار، دىنىي ئەھكاملار، ھۆكۈملەر ۋە ئىلاھىي قانۇن - نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلىرىمىز، «ھاسا» ۋە «قولىنى قوينىغا سېلىپ، ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق قىلىپ چىقىرىش» تەك كۈچلۈك مۆجىزىلەر، شۇنداقلا

روشەن دەلىللەر بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇلار پىرئەۋننىڭ چوڭلىرىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقتى. ھالبۇكى پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇيرۇقى توغرا يول ۋە ھەقىقەتتىن خالىي ئىدى، دەرۋەقە، ئۇ جاھىللىق ۋە ئازغۇنلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. 98. پىرئەۋن بۇ دۇنيادا قەۋمىنىڭ باشلامچىسى بولغىنىدەك، قىيامەت كۈنىمۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان! 99. ئاللاھ ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئازابقا ئىلاۋە ھالدا، ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ ۋە قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!

ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْقُرَىٰ نَقُصُّهُۥ عَلَيْكَ ۖ مِنْهَا قَآئِمٌ
وَحَصِيدٌ ﴿١٠٠﴾ وَمَا ظَلَمْنَٰهُمْ وَلَٰكِن ظَلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ ۖ فَمَآ
أَغْنَتْ عَنْهُمْ ءَالِهَتُهُمُ ٱلَّتِى يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مِن
شَىْءٍ لَّمَّا جَآءَ أَمْرُ رَبِّكَ ۖ وَمَا زَادُوهُمْ غَيْرَ تَتْبِيبٍ ﴿١٠١﴾
وَكَذَٰلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَآ أَخَذَ ٱلْقُرَىٰ وَهِىَ ظَٰلِمَةٌ ۚ إِنَّ
أَخْذَهُۥٓ أَلِيمٌ شَدِيدٌ ﴿١٠٢﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّمَنْ خَافَ
عَذَابَ ٱلْءَاخِرَةِ ۚ ذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّجْمُوعٌ لَّهُ ٱلنَّاسُ وَذَٰلِكَ يَوْمٌ
مَّشْهُودٌ ﴿١٠٣﴾ وَمَا نُؤَخِّرُهُۥٓ إِلَّا لِأَجَلٍ مَّعْدُودٍ ﴿١٠٤﴾ يَوْمَ يَأْتِ
لَا تَكَلَّمُ نَفْسٌ إِلَّا بِإِذْنِهِۦ ۚ فَمِنْهُمْ شَقِىٌّ وَسَعِيدٌ ﴿١٠٥﴾
فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُوا۟ فَفِى ٱلنَّارِ لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ ﴿١٠٦﴾

خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا مَا شَآءَ
رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ ١٠٧ ۞ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُواْ
فَفِي ٱلۡجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا
مَا شَآءَ رَبُّكَۖ عَطَآءً غَيۡرَ مَجۡذُوذٖ ١٠٨ فَلَا تَكُ فِي مِرۡيَةٖ
مِّمَّا يَعۡبُدُ هَٰٓؤُلَآءِۚ مَا يَعۡبُدُونَ إِلَّا كَمَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُهُم
مِّن قَبۡلُۚ وَإِنَّا لَمُوَفُّوهُمۡ نَصِيبَهُمۡ غَيۡرَ مَنقُوصٖ ١٠٩ وَلَقَدۡ
ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ فَٱخۡتُلِفَ فِيهِۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ
سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡۚ وَإِنَّهُمۡ لَفِي شَكّٖ مِّنۡهُ
مُرِيبٖ ١١٠ وَإِنَّ كُلّٗا لَّمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمۡ رَبُّكَ أَعۡمَٰلَهُمۡۚ إِنَّهُۥ
بِمَا يَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ١١١ فَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ وَمَن تَابَ
مَعَكَ وَلَا تَطۡغَوۡاْۚ إِنَّهُۥ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ١١٢ وَلَا تَرۡكَنُوٓاْ
إِلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ فَتَمَسَّكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ مِنۡ أَوۡلِيَآءَ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ ١١٣ وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ طَرَفَيِ
ٱلنَّهَارِ وَزُلَفٗا مِّنَ ٱلَّيۡلِۚ إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ
ذَٰلِكَ ذِكۡرَىٰ لِلذَّٰكِرِينَ ١١٤ وَٱصۡبِرۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ
أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١١٥ فَلَوۡلَا كَانَ مِنَ ٱلۡقُرُونِ مِن قَبۡلِكُمۡ
أُوْلُواْ بَقِيَّةٖ يَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡفَسَادِ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا قَلِيلٗا مِّمَّنۡ
أَنجَيۡنَا مِنۡهُمۡۗ وَٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَآ أُتۡرِفُواْ فِيهِ وَكَانُواْ
مُجۡرِمِينَ ١١٦ وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهۡلِكَ ٱلۡقُرَىٰ بِظُلۡمٖ وَأَهۡلُهَا
مُصۡلِحُونَ ١١٧ وَلَوۡ شَآءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ ٱلنَّاسَ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗۖ
وَلَا يَزَالُونَ مُخۡتَلِفِينَ ١١٨ إِلَّا مَن رَّحِمَ رَبُّكَۚ وَلِذَٰلِكَ

خَلَقَهُمْۗ وَتَمَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلْجِنَّةِ
وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١١٩﴾ وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ
مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَۚ وَجَآءَكَ فِي هَٰذِهِ ٱلْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ
وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٢٠﴾ وَقُل لِّلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ ٱعْمَلُواْ عَلَىٰ
مَكَانَتِكُمْ إِنَّا عَٰمِلُونَ ﴿١٢١﴾ وَٱنتَظِرُوٓاْ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ﴿١٢٢﴾
وَلِلَّهِ غَيْبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَإِلَيْهِ يُرْجَعُ ٱلْأَمْرُ كُلُّهُۥ
فَٱعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٢٣﴾

مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ئۇنى ساڭا (ۋەھيى ئارقىلىق) بايان قىلىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن ئىزى قالغانلىرىمۇ بار (ئاھالىسى ھالاك قىلىنىپ، يۇرتلىرىنىڭ ئورنى قالدۇرۇلغانلىرىمۇ بار)، ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار (ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنغانلىرىمۇ بار)[100]. بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى[101]. پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر[102]. ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ (قىسسە)دىن، ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان

كۈنىدۇر[103]. ئۇنى (قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز[104]. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت ئاللاھنىڭ ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ[105]. بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تووۋلاپ نالە - پەرياد چېكىدۇ[106]. (دوزاخنىڭ) ئاسمان - زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر[107]. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان - زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلمەيدىغان ئىنئامدۇر[108]. ئۇلار (مۇشرىكلار) نىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ (گۇمراھلىق) ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمە، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بىز ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلغان ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاشلا چوقۇنىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك نېسىۋىسىنى چوقۇم كېمەيتمەي بېرىمىز[109]. شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاپ (تەۋراتنى) بەردۇق، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىندى (ئۇنىڭ قەۋمى بۇ كىتاب ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشتى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىن چىقارغان (ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇشۇ دۇنيادىلا ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە) چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىلاتتى. ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) زور گۇماندىدۇر[110]. پەرۋەردىگارىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ

قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، ئاللاھ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر[111]. (ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[112]. زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر[113]. كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر[114]. (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ[115]. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزغۇنچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر[116]. پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ[117]. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئوخشىمىغان پىكىردىدۇر[118].

پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى (ئوخشىمىغان پىكىر قىلىش تەبىئىتىدە) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى[119]. كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[120]. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلايلى[121]. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز»[122]. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن (ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن). پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر[123].

**بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:** ئاللاھ تەئالا ئالدىنقى ئايەتلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قىسىم قىسسىلىرىنى ۋە ئۈممەتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب ھەم ھالاكەت توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەنىدى. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا يەنە، مەزكۇر قىسسىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئىبرەتلەر، قىسسىلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ دەرھال ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇشى ۋە ئۇلاردىن دەرھال ئىنتىقام ئېلىنىشى، ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭمۇ

يـاردەم بېرىدىغانلىقىغـا دەلىل بولۇشـىدۇر. ئايەتلـەردە، قىيامەت كۈنــى ئىنســانلارنىڭ بەخــت - ســائادەتلىكلەر ۋە بەختســىزلەر دەپ ئىككىگـە ئايرىلىدىغانلىقـى ھەققــدە مەلۇمـات بېرىلـىدۇ. بۇ مۇبـارەك سۈرە، رەسـۇلۇللاھنى ئەزىيەتلەرگـە سـەۋر قىلىـش ۋە ئالـلاھ تەئالاقـا تەۋەككۇل قىلىشـقا بۇيـرۇش بىلەن ئاخىرلىشـىدۇ.

**نازىل بولۇش سەۋەبى:** ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىشـچە، بىــر كىشـى پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ يېنىغـا كېلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «مـەن شـەھەرنىڭ چېتىــدە بىــر ئايــال بىلــەن كۆڭــۈل ئاچتىــم، جىمــا قىلماســتىن ئۇنىڭدىــن پايدىلاندىــم، ئاندىــن سـېنىڭ يېنىڭغـا كەلدىـم. مېنىـڭ بـۇ ئىشـىم توغرۇلـۇق قانـداق خالىســاڭ شـۇ بويىچـە ھۆكـۈم چىقارغىــن.» ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ ئۇنىڭغـا مۇنـداق دەيـدۇ: «ئالـلاھ سـېنىڭ گۇناھىڭنــى يوشـۇرۇپتۇ، كاشـكى سـەنمۇ يوشـۇرغان بولساڭچۇ!» رەسۇلۇللاھ ھېچقانــداق جاۋاب بەرمىگەنــدىن كېيىــن ھېلىقى كىشى كېتىدۇ. بــۇ ۋەقـە توغرۇلـۇق مۇنـۇ ئايـەت نازىـل بولـدۇ: «كۈندۈزنىــڭ ئىككــى تەرىپىــدە (ئەتىگەنــدە ۋە كەچقــۇرۇن ۋاقىتلىرىــدا) ۋە كېچىنىـڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىـدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسـىزكى، ياخشــى ئىشــلار ئارقىلىــق يامــان ئىشــلار يۇيۇلىــدۇ. بــۇ چۈشـەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسـىھەتتۇر.» رەسـۇلۇللاھ ھېلىقى كىشــىنىڭ كەينىدىــن ئــادەم ئەۋەتىــپ چاقىرتىــپ كېلىــپ، بــۇ ئايەتنــى ئوقــۇپ بېرىــدۇ.

**تەپسـىرى:** 100. مانــا بــۇ قىسســىلەر، كۇفرىلىقلىــرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنــى ئىنــكار قىلغانلىقلىـرى سـەۋەبىدىن ئاھالىسـىنى بىــز ھــالاك قىلغــان يۇرتلارنىــڭ خەۋەرلىرىــدۇر. ئــى مۇھەممــەد! بـۇ قىسسـىلەرنى ساڭا ۋەھيـى ئارقىلىق بايـان قىلـدۇق ۋە خەۋەر

بەردۇق. ئۇ يۇرتلاردىن ئاھالىسى ھالاك قىلىنىپ، يۇرتلىرىنىڭ ئورنى قالدۇرۇلغانلىرىمۇ بار، ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنىپ، ھېچقانداق ئىز قالمىغانلىرىمۇ بار. 101. گۇناھكار بولمىسىمۇ ھالاك قىلىش بىلەن بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار كۇفرىلىق ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە مۇسىبىتىگە دۇچار بولدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۇلارنى دەپئى قىلالمىدى، ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى. 102. پەرۋەردىگارىڭ يۇرتلارنىڭ زالىم ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاھالىسىگە ئازاب ئەۋەتىپ قانداق ھالاك قىلغان بولسا، كاپىرلار بىلەن زالىملارنىمۇ شۇنداق ھالاك قىلىدۇ. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە زالىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. دەرۋەقە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى يېتىپ كەلگەن چاغدا، زالىم قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ.› ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ: ‹ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر، بۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر› .» 103. ئاخىرەت ئازابىدىن ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغان ئادەم بۇ قىسسىدىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق ھېساب بېرىش، قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ياكى جازاغا تارتىلىش ئۈچۈن يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ياخشىلار ۋە يامانلاردىن ئىبارەت ھەممە ھازىر بولىدىغان ۋە

نامە ـ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغان كۈندۇر. 104. ئۇنى (قىيامەت كۈنىنى) بىز ئىلگىرى بېكىتىپ بولغان مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. بۇ مۇددەت ھەرگىزمۇ ئىلگىرى - كېيىن قىلىنمايدۇ. 105. ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق كۈن يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ، مەھشەرگاھقا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ. دەرۋەقە مۇنۇ ئايەتتە: «(ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ» دېيىلىدۇ. 106. بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختا ئېشەك ھاڭرىغاندەك تووۋلاپ نالە - پەرياد چېكىدۇ. بىر قىسىم مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، ئۇلارنىڭ ئازابنىڭ دەھشىتىدىن نالە - پەرياد قىلىشلىرى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشىتىلغان. تەبەرىي قەتادەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرنىڭ جەھەننەمدىكى نالە - پەريادى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئاۋازنىڭ بېشى نالە - پەرياد، ئاخىرى ئېشەك ھاڭرىغاندەك تووۋلاشتۇر.» 107. ئاسمان - زېمىن يوقالمىسىلا، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر، بىر ئىشنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايان قىلماقچى بولسا، ‹ئاسمان - زېمىن يوقالمىسىلا بۇ ئىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ› دەيدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئادىتىگە ئاساسەن ئۇلارغا شۇنداق ئىبارىلەر بىلەن خىتاب قىلغان. ئىبنى زەيدكە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاسمانمۇ ئاسمان پېتى، زېمىنمۇ زېمىن پېتى داۋاملاشقان تەقدىردە، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.» زەمەخشەرىيگە كۆرە، بۇ ئايەتنىڭ ئىككى

تۈرلۈك مەنىسى بار. بىرىنچىسىدە، ئاخىرەتنىڭ ئاسمان - زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇلار مەخلۇق بولۇپ، ئاداققىچە مەڭگۈلۈكتۇر. ئىككىنچىسىدە، ئەبەدىيلىك ۋە مەڭگۈلۈك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ دوزاختىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. پەرۋەردىگارىڭ خالىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ يەردىكى مۇستەسنادىن، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىدىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى «بەتبەختلەر» ئىبارىسى گۇناھكارلارنىمۇ، كاپىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تەئالا بەتبەختلەرنىڭ مەڭگۈلۈك دوزاختا قېلىشىدىن ئاسىي مۆمىنلەرنى مۇستەسنا قىلدى. چۈنكى ئۇلار دوزاخ ئوتىدا پاكلىنىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىدۇ - دە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار.» پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر، خالىغىنىچە مەرھەمەت ياكى ئازاب قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمىنى بۇزىدىغان ۋەياكى قارشى چىقىدىغان ھېچبىر نەرسە يوقتۇر. 108. بۇ ئايەتتە ئىككىنچى پىرقىنىڭ، يەنى سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلغىن! يەنى ياخشىلار ۋە سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ ۋە جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. جەننەتنىڭ ئاسمان - زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە داۋاملىق قالىدۇ ياكى ئاللاھ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ۋە ئۈزلۈكسىزلىكنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇلارغا قىلىنغان ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان

ئىنئامدۇر. 109. ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ گۇمراھلىق ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمە. يەنى، ئۇلارنىڭ دىنلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانما. ئۇلار دەلىل - ئىسپاتسىزلا تەقلىدچىلىك قىلىپ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بىز ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلغان ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاشلا چوقۇنىدۇ. بۇ، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن تەسەللى ۋە ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىنىدىغانلىقىغا دائىر چىن ۋەدىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۇلاردىن بۇرۇنقى گۇمراھلارنىڭ ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ھەققىدە ساڭا مەلۇمات بېرىلدى. ئەنە شۇنداق بالايىئاپەتلەر بۇلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئازابتىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى چوقۇم كېمەيتمەي بېرىمىز. ئىبنى ئابباسقا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «بىز ئۇلار ئۈچۈن تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامان نېسىۋىسىنى چوقۇم كېمەيتمەي بېرىمىز.» 110. تەبەرى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تەئالا قەۋمىنىڭ ئارىسىدىكى مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشىغا قارشى تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن، ساڭا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغىنىمىزدەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ تەۋراتنى نازىل قىلغان ئىدۇق، ئۇلار بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشتى، سېنىڭ قەۋمىڭگە ئوخشاشلا، مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدى، يەنە بىر قىسمى ئۇنى تەستىقلىدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىن چىقارغان ئۇلارنى جازالاش ۋە

ھېساب ئېلىشىنى قىيامەتكە قالدۇرۇش ھەققىدىكى ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ دۇنيادىلا ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىلاتتى. سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلار قۇرئاندىن زور گۇماندىدۇر. چۈنكى ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق ياكى باتىل ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.» 111. پەرۋەردىگارىڭ ئاخىرەتتە مۆمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ، ئاللاھ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارغا پەقەت قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ. 112. ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ ساڭا قانداق ئەمر قىلغان بولسا شۇ بويىچە توغرا يولدا بولغىن، داۋاملىق ۋە مەڭگۈگە شۇ يولنى بويلاپ ماڭغىن، كۇفرى ۋە شېرىكتىن ۋاز كېچىپ، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. 113. زالىم باشلىقلارغا ۋە ئۇلارنىڭ سىرتىدىكى باشقا پاسىقلارغا مايىل بولماڭلار، مايىل بولساڭلار دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر». بەيزاۋىغا كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ مايىل بولماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىسىلەر. ئازراق زۇلۇم قىلىدىغان كىشىگە ئانچىكى مايىل بولۇشنىڭ جازاسى بۇنداق بولسا، سىزنىڭچە زۇلۇم تامغىسى بېسىلىپ كەتكەن زالىملارغا مايىل بولۇش ۋە ئۇلارغا پۈتۈنلەي يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ جازاسى قانداق

بولار؟» سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچ ياردەمچىلار يوقتۇر، ئاندىن سىلەرنى ئاللاھتىن باشقا بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ھېچ كىمنى تاپالمايسىلەر. قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، كاپىرلاردىن ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئىسيانكارلاردىن يىراق تۇرۇش لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇش دېمەك، ئۇلارغا ئوخشاش كاپىر ۋە ئىسيانكار بولۇش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇش، سۆيگۈنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مەجبۇر بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ قويۇش بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» 114. كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) پەرز بولغان نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن ئادا قىلغىن. بۇنىڭدىن مەقسەت، بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدۇر، چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىت، كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ. كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىمۇ ناماز ئۆتىگىن. بۇنىڭدىن مەقسەت، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق كىچىك گۇناھلار يۇيۇلىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشمۇ ئەنە شۇ ياخشى ئەمەللەردىندۇر. دەرۋەقە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان تەقدىردە، كىچىك گۇناھلار بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.» مۇپەسسىرلەرگە كۆرە، ياخشى ئەمەللەردىن مەقسەت بەش ۋاخ نامازدۇر. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى بۇنىڭغا دەلىل قىلىنىدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى ئەمەللەردىن مەقسەت، ئومۇمەن بارلىق ياخشى

ئەمەللەردۇر. بۇ ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشىدۇر. ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق بۇرۇنقى گۇناھلار يۇيۇلىدۇ. دەرۋەقە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشى گۇناھ قىلسا، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.› بۇ بايانلار، توغرا يولدا بولۇش ۋە داۋاملىق ناماز ئوقۇش، ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن نەسىھەت، ھىدايەت تاپماقچى بولغانلار ئۈچۈن يول كۆرسىتىشتۇر.» 115. ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە ۋە يامانلىقلارغا سەۋر قىلغىن، چۈنكى ئاللاھ تەئالا ھەمىشە سەن بىلەن بىللە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. 116. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا، نېمىشقا يامان ئىش قىلغۇچىلارنى يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بولمىدى؟ بۇ، ئىستاسنائى مۇنقەتىئدۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەرلا يامان ئىش قىلغۇچىلارنى يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توستى ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتى. ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى تەكىتلەش مەنىسىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى، غەم - قايغۇ ۋە ئەپسۇسلىنىش بىلەن بىرلىكتە تەشۋىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىنى ئىپادىلەشتە مۇنۇ ئايەتكە ئوخشايدۇ: ‹(ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى›.» بۇنىڭدىن مەقسەت، نۇھ، ئاد، سەمۇد ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەۋملەرگە ئوخشىغان ھىدايەت تاپالمىغان ئۈممەتلەرگە ئەپسۇسلىنىشتۇر. ئەنە شۇ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان

زالىملار، نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلاشتى ھەمدە ئۆزلىرىگە ئېھسان قىلىنغان مال - مۈلۈك ۋە لەززەتلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىشتى، ئۇلارنى ئاخىرەتكە تېگىشتى، ئۇلار گۇناھ قىلىشتا چېكىگە يەتكەن سەركەش قەۋم ئىدى. 117. ئاھالىسى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ زۇلۇمدىن مۇنەززەھتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى پەقەت كۇفرىلىق قىلغانلىقى ۋە گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھالاك قىلىدۇ. 118. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە بىر دىندا قىلاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئىسلامغا ئېلىپ بارىدىغان يولغا يېتەكلىگەن بولاتتى، بىراق ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئۇنداق قىلمىدى. 119. ئۇلار داۋاملىق يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە زەردۇشت دىنى قاتارلىق تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردۇر. پەقەت ئاللاھ مەرھەمەتى ئارقىلىق توغرا يولغا يېتەكلىگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار ھەق يولدا بولغۇچىلاردۇر. بۇ يەردىكى «لام» نەتىجە بىلدۈرىدىغان لامدۇر. يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئاخىرىدا بەتبەختلەر بىلەن سائادەتمەنلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ياراتتى. تەبەرىگە كۆرە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: «ئاللاھ ئۇلارنى بەتبەختلەر بىلەن سائادەتمەنلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئۈچۈن ياراتتى.» ئۇلاردىن بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە دوزاختا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ: «مەن چوقۇم جىن ۋە ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپقان بارلىق كاپىرلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن ئەمرى ئېنىق بەلگىلەندى ۋە ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى. ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جۈملە

قەسەم مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىبارىنىڭ بېشىغا جاۋاب ئالدى قوشۇلغۇچىسى كەلتۈرۈلگەن. گويا ئاللاھ مۇنداق دېمەكچىدەك قىلىدۇ: ‹مەن چوقۇم جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن ئىبلىسقا ئەگەشكەن بارلىق كاپىرلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن› .» 120. ئى مۇھەممەد! ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىز ساڭا يەتكۈزۈۋاتقان بۇ خەۋەرلەر، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا تەسەللى بېرىش ۋە كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە بايان قىلىنماقتا. بۇ قىسسىلەرنى ساڭا بايان قىلىشىمىزدىن مەقسەت، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارغا ئوخشاش سەۋر قىلىشىڭ ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ساڭا يەتكۈزگەن بۇ خەۋەرلەر توغرا مەلۇماتلارنى، ھەقىقەتنى، ئىبرەت ئالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۆمىنلەر قۇرئان كەرىمدىكى ۋەز - نەسىھەتلەردىن پايدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئالاھىدە زىكىر قىلىنغان. 121. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار ۋە ئۇسۇلۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز ۋە ئۇسۇلىمىز بويىچە ئەمەل قىلايلى.» بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىتنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئەمردۇر. 122. بۇ بولسا يەنە بىر تەھدىتتۇر. يەنى سىلەر بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىزنى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كېلىدىغان ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتىمىز. 123. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخپىي سىرلارنى بىلىش پەقەت يېگانە ئاللاھقا خاستۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىلمىگە داخىل، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن

ئىنتىقام ئالىدۇ، ئىتائەت قىلغۇچىلارغا ساۋاب بېرىدۇ. بۇ بايانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ ۋە كاپىرلارنى ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىنىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ. شۇڭا پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە تەۋەككۇل قىلغىن، ھەممە ئىشىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلارغا يېتەرلىكتۇر، پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەس، بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھ تائالاغا سىر ئەمەس، ئۇ ھەممىگە ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

**ئىلاۋە:** ئەھلى جەننەتنىڭ جەننەتتە، ئەھلى دوزاخنىڭ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدىغانلىقى تولۇق دەلىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ سۈرىدە «ئاللاھ خالىغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېيىلىشى بولسا، ئۇزلۇكسىزلىك ۋە مەڭگۈلۈكنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىدۇر. بۇ يەردە ئاللاھ ئىرادە قىلغان كىشى بايانىدىكى ئىزاھات، بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھ خالىسا بۇنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدىن سىرت ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە. ئىمان ئېيتىش، ئىنكار قىلىش، بەتبەختلىك، سائادەتمەنلىك، جەننەت ياكى جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىش ياكى ئۇلاردىن چىقىش، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەئالانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ.

**قىسسە:** ئەششەھاب تۆۋەندە قۇرئان كەرىمگە خاس بىر ئۇسلۇبنى تەكىتلەيدۇ:

ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئەمرلەر مەنە جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك بولسىمۇ، ئەمما «ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن!» ، «نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تەئدىل - ئەركان بىلەن ئادا قىلغىن!» تەرتىقىسىدىكى بۇيرۇق پېئىللىرى بىرلىك شەكىلدە كەلگەن ۋە پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا ئەمر قىلىنغان. مەنئى قىلىنغان ئىشلاردا بولسا، «(مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار!» ، «زالىملارغا مايىل بولماڭلار!» تەرتىقىسىدىكى بۇيرۇق پېئىللىرى كۆپلۈك قوشۇمچىسى سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن ۋە بۇ، بارلىق ئۈممەتلەرگە مەنئى قىلىنغان. «ئەل ئىنايە» ناملىق ئەسەردە شۇنداق بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن «ھۇد سۈرىسى»نىڭ تەپسىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.